تۇردى ئەھمەد

# كېرەم بۇدۇشقاق



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تۇردى ئەھمەد

# كيرەم بۇدۇشقاق



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

# كېرەم بۇدۇشقاق

(ھېكايىلەر)

ئاپتورى: **تۇردى ئەھمەد**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 8.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1

ISBN 978—7—5373—2736—7
باھاسى: 22.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# مۇندەرىجە


خىلۋەت كەنتتىكى ھېكايە ......................1
مامۇت كاشىلا ..........................25
بەربات بولغان مۇھەببەت ....................58
توختى يوقلام ..........................79
نەپرەت ..............................87
بوۋاينىڭ كۆڭلىرى ........................112
خارابە كەپە..........................126
ئەنسىز كېچىلەر ..........................143
كېرەم بۇدۇشقاق ..........................164
ئاخىرقى سەپەر ..........................195
دېھقان چاقچىقى ..........................229
پۇشايمان ..............................246

# خىلۋەت كەنتتىكى ھېكايە

كۈن چۈش بولاي دېگەنىدى. كۈز قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى چاقاتتى. رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل تۇتۇن ياغلىقىنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ چېگىۋېلىپ، ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى يانپېشىغا قىستۇرۇپ، ئېگىشىپ پاختا تېرىۋاتقان خانزۆھرەنىڭ بەللىرى سىرقىرىدى. قورسىقى ئېچىپ كولدۇرلاشقا باشلىدى. ئۇ چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى كۈز ئاپتىپىنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقىدا خۇددى قىزىرىپ پىشقان توقاچقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئاستا رۇسلىنىپ، يېنىدا پاختا تېرىۋاتقان ئېرى مۇستاپاغا قارىدى. مۇستاپا كېۋەزلىك ئەرىكىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى كېۋەزنىڭ پىتىنى بېقىۋاتقاندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن پاختا تېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سېرىق يۈزىدىكى مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرى كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا چىمەنلەر بەرگىدىكى شەبنەمدەك يالتىرايتتى. سېرىق بۇرۇتلىرى مىستەك پارقىرايتتى. كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا ئىچىدىكى كومزەككىلا ئوخشايدىغان تاقىر بېشى ئۇنى تېخىمۇ ۋىجىك كۆرسىتەتتى. خانزۆھرە دائىم شۇنداق بىغەم، دۇنيادىن بىخەۋەر يۈرىدىغان ئېرىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ، ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ قىر بېشىغا باردى.

— مۇستاپا ئاخۇن، — دېدى خانزۆھرە ئېغىرلىشىپ ھالسىرىغان بەدىنىنى بارغانسېرى ئىسسىتىپ بىئارام قىلىۋاتقان قوينىدىكى پاختىلارنى تاغارغا تۆككەچ، — باللارنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ كەتكەندۇ، ئۆيگە قايتايلى.

— ئۆزۈمنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، دېسەڭچۇ خوتۇن، — دېدى مۇستاپا يۈزىگە قونۇۋالغان كۇمۇتىلارنى ئۈركۈتكەچ، — بىردەم چىدىغىن، مۇنۇ ئالدىمىزدىكى ئازراق يەرنىڭ پاختىسىنى تېرىۋېتىپ كېتەيلى.

خانزۆھرە ئۈندىمىدى. ئۇ ئېڭىشىپ كېۋەزلىك ئەرىكىگە تىقىپ قويغان چۆگۈننى قولىغا ئالدى - دە، قىر بېشىغا كېلىپ ساغرىسىنى نەمخۇش توپىغا يېقىپ ئولتۇردى. چۆگۈندىكى مۇزدەك قودۇق سۈيى چاڭقىغان يۈرىكىنى سەگىتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىر بېشىدىكى ئېرىقتا تۇغ سالغاندا توپا ئېلىپ ئويمان بولۇپ قالغان يەرگە تىكىلگەنىدە، ۋۇجۇدىغا قانداقتۇر بىر خىل ئىللىق سېزىم تارىغاندەك بولدى. كۆزلىرى خۇمارلىشىپ يۈلتۈزدەك چاقناپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش زاھىر بولدى.

سەھەر، خانزۆھرە جاينامازدىن ئەمدىلا چۈشۈپ تۇرۇشىغا ئۆيگە مەھەللە باشلىقى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

—ئەتە يۇقىرىدىن باھالاش كېلىدىكەن، — دېدى مەھەللە باشلىقى سالام - سەھەتتىن كېيىن، — شۇڭا دەريا بويىدىكى كېۋەزلىرىڭىزنىڭ هارام شاخلىرىنى پۇتاپ ئېلىۋەتمىسىڭىز بولمايدۇ.

— بۇگۈن «جىلىلىغ دۆڭ» دىكى قوناقنى تاقلىۋېتەي دېۋىدىم، — دېدى خانزۆھرە مەھەللە باشلىقىغا قاراپ، — قانداق قىلسام بولار، ئۇنى قىلمىسام سوغا ئۆلگۈرتكىلى بولمىسا.

— قوناقنىڭ ئىشىنى ئەتە قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئاۋۋال كېۋەزنىڭ ئىشىنى قىلىۋېتىڭ، بولمىسا جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ.

— ماقۇل، — دېدى خانزۆھرە «جەرىمانە» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لاسىدە بولۇپ.

مەھەللە باشلىقى چىقىپ كەتتى. خانزۆھرە بىر چىنە سوغۇق سۇغا ئازراق ناننى تۆگۈرۈپ چالا - بۇلا ناشتا قىلدى، ئاندىن باللىرىنىڭ بېشىغا نان ۋە بىر چىنە سۇنى ئەكېلىپ قويدى. بەش ياشقا كىرگەن ئوغلى بىلەن ئىككى ياشلىق قىزى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ

باللىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغۇسى كەلمىدى. ئۇ قىزىنىڭ نىپىز ئەديىال سىرتىغا چىقىپ قالغان بۇدرۇققىنە قوللىرىنى ئىچىگە تىقىپ ئاۋايلاپ تۇزەشتۇرۇپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇماق مەڭزىگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويدى. ئۇ باللىرىغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ھويلىغا چىقىپ خالتىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كېۋەزلىككە قاراپ يول ئالدى.

كېۋەزلىك مەھەللىنىڭ چېتىدىكى شىمالغا قاراپ سوزۇلغان دەريا بويىدا ئىدى. دەريا سۈيى توختىماي شارقىرايتتى. كېۋەز ياپراقلىرىدىكى شەبنەم تامچىلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا خۇددى ھەسرەتلىك قىزنىڭ كۆز يېشىدەك يالتىرايتتى. خانزۆھرە كېۋەزلىككە كىردى. ئۇ ھاۋارەڭ گىرىپ كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى يانپېشىغا قىستۇرۇپ قويۇپ كېۋەزنىڭ هارام پۇتاقلىرىنى ئۇزۇشكە باشلىدى. يوپۇرماقلاردىكى شەبنەم تامچىلىرى ئۇنىڭ رېزىنكىلىك كېلەڭسىز تامبىلىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە ھۆل قىلىۋەتتى. ھۆل بولۇپ كەتكەن تامبال ئېغىرلىشىپ ھەدەپ تۆۋەنگە سىيرىلاتتى. خانزۆھرە پات - پات تامبىلىنى يۇقىرىغا تارتىپ تۈزەشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇ شۇ تەرزدە كۆن تىكلەنگىچە ئىشلىدى. ئىيۇل قۇياشىنىڭ كۆيدۈرگۈچ تەپتىدىن بەدەنلىرىدىن چىپ - چىپ تەر قۇيۇلدى. ئۇنىڭ بەللىرى سىرقىراپ، پۇت - قولى تىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاستا ئۆرە بولۇپ «ئۇھ» دېگىنىچە يىراقتىكى مەھەللىگە كۆز تاشلىدى. يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن مەھەللە ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ غېرىب كۆرۈندى. «تووۋا، خۇدا شۇنداقمۇ بىر يەردە يارىتىپتىكەن بىزنى، جاھاننىڭ بىر بۇرجىكى دېسە، سىياسەتمۇ، يېڭىلىقمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە كېچىكىپ كېلىدىغان. ھەرھالدا قاسىم شاڭخەي، شاكىر شىڭجىڭ دېگەنلەر ئىچكىرىگە ئۇزۇم - ياڭاق يۆتكەپ پۇل تېپىپ خېلى كۆزىنى ئېچىپ قويدى بۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ، بولمىسا يىل — ئون ئىككى ئاي ئىشلەپ، ئىشلىگىنى پوكىنىغا يەتمەي گەدىنىنى قاشلاپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، بىزنىڭ مۇستاپا ئاخۇنمۇ ئازراق بىلىشى بار ئادەم بولسىدى، بىزنىڭمۇ ئۇچمىز ئاپتاپ كۆرەر ئىدى......»

دېمىسىمۇ راست، ئازادلىقتىن كېيىن ئېچىلغان بۇ «يېڭى ئاۋات» كەنتى ناھىيە مەركىزىدىن يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، كەنتنىڭ غەربى قىش - ياز بوران ئۆكسۈمەي قۇم ئۇچۇپ تۇرىدىغان كۆز يەتكۈسىز تەكلىماكان قۇملۇقى، شەرقى ياز بويى لاي - لاتقا ئېقىتىپ شىددەت بىلەن تۇرۇلۇپ ئاقىدىغان، قىشتا بولسا قۇرۇپ ئۇخلايدىغان يۈگەنسىز دەريا ئىدى. كەنتتە ئۇ يەر، بۇ يەردىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۈز نەچچە ئائىلىلىك بار ئىدى. بۇ يەرگە ئەزەلدىنلا قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەر يىغىلىپ قالغاچقىمۇ ياكى ئىنسانلار تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىپ كەتكەچكىمۇ، خۇددى تەكلىماكان قۇملىرىدەك چېچىلىپ، بىر - بىرىگە پەقەت قوۋۇشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر تاشلىۋېتىلگەن ئۆگەي بالىدەك ئاسانلىقچە بىر كىمنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمايتتى. بۇ يەرگە سىياسەت، يېڭىلىق دېگەنلەرمۇ ناھايىتى ئەستە كېلەتتى. شۇڭىمۇ بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغانىدى.

خانزۆھرە خىيال بىلەن قانچىلىك ئىش قىلغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ كېۋەزلىكنىڭ سەل نېرىسىدىكى دەريا بويلاپ يىراققا سوزۇلغان تاش يولغا بويۇنداپ قارىدى. يىراقتىن گۈرۈلدەپ كېلىۋاتقان بىر موتوسىكلىت ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. چىمەن دوپپا كىيىۋالغان بىر يىگىت بىلەن يىگىتكە چاپلىشىپ ئولتۇرغان بىر قىز خانزۆھرەنىڭ ئۇدۇلىدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى. قىزنىڭ قىزىل تۇتۇن ياغلىقى، نازۇك بەدىنىگە خويمۇ ياراشقان چاچ رەڭ تەگ، ئاق گۈللۈك ئەتلەس كۆڭلىكى شامالدا يەلپۈنۈپ خۇددى قانات يېيىۋاتقان گۈزەل تورنى ئەسلىتەتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن خانزۆھرەنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. ئۇ ئۈچى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىشقان بۇرنىنى لاي قوللىرى بىلەن ئاستا سىلاپ قويۇپ، قىلىۋاتقان ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ھېلىقى قىزدا ئىدى. ئىسىت، مۇستاپا ئاخۇنمۇ قارا ساۋات، لۆم - لۆم بولمىغان بولسا پۇل تاپار ئىدى، پۇل تاپقان بولسا ماڭىمۇ شۇنداق ئېسىل كىيىملەردىن ئېلىپ بېرەر ئىدى، يا مەنمۇ ئوقۇماپتىكەنمەن،

ئوقۇمىغان تومتوۋاق ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىكەن، ئاتا - ئانامدىن كىچىك يېتىم قالمىغان بولسام، ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان بولسام مۇشۇ چىرايىم بىلەن مۇستاپادەك تەپسە تەۋرىمەسلەرگە ھەرگىز خوتۇن بولۇپ قالماس ئىدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل پاختا ئوبدان ئوخشىسا مەنمۇ شۇنداق ئەتلەستىن ئېلىپ، ئۇستا سەيپۇڭغا تىككۈزۈپ كەيمىسەم...... خانزۆھرە ئويلىغانسېرى خىياللىرى قاناتلىنىپ، ئۇنى ئاجايىپ گۈزەل بىر سېھرىي دۇنياغا باشلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ زىلۋا بەدىنىگە شۇنداق ياراشقان كەڭ ئېتەكلىك ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ شامالدا توز قانىتىدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان ھالىتىدىن زوق ئالغىنىچە مۇستاپاغا چىڭ چاپلىشىپ بۇلۇتتا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى......

— ھارمىغايلا......

خانزۆھرە شېرىن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى. قىر بېشىدا ئاپپاق كۆڭلىكىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ خورما رەڭ كەمەر باغلىغان، ئوڭ قولىنى يوغان قورسىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان شىلەپىلىك ئەرنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. نېرىراقتىكى يولدا پارقىراپ تۇرغان يېشىل رەڭلىك بىر موتوسىكلىت دىيەكلىك تۇراتتى. خانزۆھرە شېرىن خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، بۇ ئادەمنىڭ كەلگىنىنى تۇيمايلا قالغانىدى. ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، بەستلىك، قارامتۇل، سالاپەتلىك بۇ ئادەمنى خانزۆھرە يېزىدىن كەلگەن بىرەر باشلىق ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلدى. توۋا، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن، ئالدىمدىكى ئىش تېخى تۈگىمىگەن تۇرسا، باھالاشنى ئەتە كېلىدۇ دەۋاتاتتى، ئەمدى مېنى تىللارمۇ، تىللىسىغۇ مەيلى ئىدى، بىراق جەرىمانە تۆلە دېسە قانداقمۇ قىلارمەن، بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا ئۇنداق قىلىدىغاندەكمۇ تۇرمايدۇ، مېنىڭ بۇ پېژغىرىم ئىسسىقتا قىينىلىۋاتقىنىمنى كۆرگەندىكىن ماڭا ئۇنداق ئۇۋالچىلىقمۇ قىلماس......

— ئىسسىقتا تازىمۇ جاپا تارتىپ ئىشلەۋېتىپسىز - ھە؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم خۇددى خانزۆھرەنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك.

— ئەتىگەن كەلگەنىدىم، ئىشنى تۈگىتىپ بولالماي.....

جەرىمانە تۆلەپ سالارمەنمىكىن دەپ......— دېدى خانزۆھرە ئاران زۇۋانغا كېلىپ.

— جەرىمانىسى تۈگىمەيدۇ بۇ خەقنىڭ.

خانزۆھرە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

— قېنى، بۇياققا كېلىپ بىردەم ئارام ئېلىڭ،— دېدى ئۇ ئادەم خانزۆھرەگە ئاستا يېقىنلاشقاچ،— ئىچىدىغان سۈيىڭىز بارمۇ، ئىسسىقتا تازا ئۇسسىدى كىشى، يا بۇ دەريانىڭ لاي سۈيىنى ئىچكىلى بولمىغان.

— سۇ بار،— دېدى خانزۆھرە ئالمان - تالمان،— دەريانىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمىغاندىكىن ئۆيدىن سۇ ئالغاچ كەلگەن،— خانزۆھرە كېچەزلىكىنىڭ ئەرىكىگە تىقىپ قويغان چۆگۈننى ئېلىش ئۈچۈن ئېڭىشىۋىدى، ئۇيما ياقىلىق گىرىپ كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسى پەسكە ساڭگىلاپ، سارغىيىپ پىشقان سېرىق ئالمىدەك پارقىراپ تۇرغان باغىرداقسىز بىر جۈپ كۆكسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالدى. ھېلىقى ئادەم ئىختىيارسىز لەۋلىرىنى يالاپ قويىدى. كۆزلىرىدە بولسا شەھۋەت ئوتلىرى ئۇچقۇندىماقتا ئىدى.

— مانا،— خانزۆھرە چۆگۈننى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. ئۇ ئادەم يوغان ئالىقانلىرىدا چۆگۈننى خانزۆھرەنىڭ نازۇك بارماقلىرى بىلەن قوشۇپ تۇتتى. خانزۆھرە قوللىرىنى ئىتتىك تارتىۋالدى.

— بۇ سۈيىڭىز يۈرەككە تېخىمۇ ئوت يېقىۋەتتى ئەمەسمۇ،— دېدى ئۇ ئادەم خانزۆھرەگە يەۋەتكۇدەك قاراپ قاشتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغاچ،— بۇياققا كېلىپ بىردەم ئارام ئېلىڭ.

خانزۆھرە سەل تارتىنىپراق ئۇ ئادەم كۆرسەتكەن يەرگە كېلىپ ئولتۇردى.

— تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئىسمىم ئىسكەندەر،— دېدى ئۇ ئادەم خانزۆھرەنىڭ ئىسسىقتا قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ،— ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان مېنىڭ ئالمىلىق بېغىم.

خانزۆھرە ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئۇزاققا سوزۇلغان بوستانلىق بار ئىدى. ئەمما، خانزۆھرە ئۆمرىدە ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىغانىدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟
— خانزۆھرە.
— پاھ، ئەجەب چىرايلىق ئىسمىكىنا.
— مەن تېخى سىلىنى يېزىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن بىرەر باشلىقمىكىن دەپ قورقۇپ كېتىپتىمەن.
— ۋاھ، مەن باشلىققا ئوخشامدىكەنمەن؟ ھا...... ھا...... ھا......— ئۇ ئادەم كۈلۈپ كەتتى.
خانزۆھرەمۇ كۈلۈۋەتتى.
— دېھقان خەق دېگەننىڭمۇ كۈنى تەس جومۇ،— دېدى ئىسكەندەر ئېغىر ئۇھسىنىپ،— يىل بويى ئىشلەپ چاپىنى تىزدىن ئاشمىغان.
— شۇ ئەمەسمۇ، يا تىجارەتنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنمىز، دېھقانچىلىقتىن باشقا تاپاۋەت قىلىش بىز خەقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن ئىسكەندەر ئاكا.
— ئا...... ھا...... ي، ئىسكەندەر ئاكا دېمەي، ئىسكەندەر دەۋەرمەمسىز.
— سىلى مېنىڭ دادامدەك ئادەم تۇرسىلا، قانداق دېيەلەيمەن.
— دادامدەك تۇرسىلا؟ سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟
— يىگىرمە بەشكە.
— ياخشى، شۇنداق بولسىمۇ ئىسكەندەر دەۋېرىڭ.
— ......
— ئۆيىڭلەردە نەچچە ئادەم بار؟
— تۆت ئادەم، بىز ئەر - خوتۇن، ئىككى بالا.
— قانچىلىك يەر تېرىيسلەر؟
— ئىككى يېرىم مو.
— ۋاي - ۋۇي، بۇنچىلىك يەرنى تېرىپ تۆت جان كۈنۈڭلارنى قانداق ئالىسلەر؟
— قانداق قىلىمىز، يەر قىس، ئىشلىگىنىمىز گېلىمىزغا ئاران يېتىدۇ. باشقا ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدىكەن.

ئىسكەندەر خۇددى يۇقىرىدىن دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئىگىلىگىلى كەلگەن باشلىقتەك توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى.
— ئۇنداق بولغاندىكىن پۇل تېپىشنىڭ بىرەر يولىنى قىلساڭلار بولمامدۇ؟
— قانداق پۇل تاپىمىز؟ بىز يەر تېرىشتىن باشقىنى بىلمىسەك......
— مانا، مېنىڭ بېغىمغا بېرىپ ئىشلەڭلار، ئوتتۇز - قىرىق ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىپ ئىشلىتىۋاتىمەن، يولدىشىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— دېھقانچىلىق قىلىدۇ، كەنتنىڭ بوز يەر ئېچىش ئەمگىكىگە كەتكىلى نەچچە كۈنلەر بولدى......
— ۋاھ...... تازا قاغجىراپسىز - دە،— ئىسكەندەر ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى خانزۆھرەگە تىكتى. خانزۆھرە ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئىسكەندەر يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئارىسىدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ، خانزۆھرەگە تەڭلىدى:
— تۇرمۇشۇڭلار جاپالىق ئوخشايدۇ، مانا بۇنى ئىشلىتىڭ،— ئىسكەندەر خانزۆھرەگە پۇلنى تەڭلىگەچ ئەتراپقا تەكشى نەزەر سېلىپ قارىۋالدى. چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى بۇ خىلۋەت ماكاندا ئىنس - جىننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.
— ياق، سىلىنىڭ پۇللىرىنى بىكاردىن ئالسام بولمايدۇ.
— مەنمۇ بىكاردىن بېرىۋاتقىنىم يوق، خالىساڭلار بىزنىڭ باغقا......
ئىسكەندەر شۇنداق دېگىنىچە خانزۆھرەنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ پۇلنى ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا چاڭگاللىتىپ تۇتقۇزدى— دە، ئۇنى ھېلىقى ئورەككە موككىدە ياتقۇزدى. ئىسكەندەرنىڭ قاۋۇل گەۋدىسى خانزۆھرەنىڭ نازۇك بەدىنى ئۈستىگە كۆتەكتەك تاشلانغانىدى.
— بۇ...... بۇ...... ئىسكەندەر ئاكا، سەت تۇرىدۇ، يولدىن ئادەم ئۆتۈپ قالسا......

ئىسكەندەر كىيىملىرىدىكى توپا چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ، خانزۆھە-
-رەلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بېغىغا چوقۇم بېرىشىنى، ئىش ھەققىنى يۇقىرى
بېرىدىغانلىقىنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى. خانزۆھرە كۆزلىرىنى قولىدىكى
مىجىقلىنىپ كەتكەن پۇلغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.
تووۋا، ئەجەب مەرد ئادەمكىنا بۇ، قاراپ تۇرۇپ ئەللىك كوينى تۇتقۇزۇپ
قويۇپ كەتتىيا، مەھەللىدىكى شوخ، قارام سويمەكلەر ئادەمنى قوناقلىق
ئەرىكىدە، باغنىڭ بۇرجىكىدە بېسىۋېلىپ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ
ئەللىك كوي تۇگۇل، بەش موچەنمۇ تەڭلىمەيتتى......
— قانداق شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ كەتتىڭ خوتۇن؟—
مۇستاپانىڭ بوغۇق ئاۋازى خانزۆھرەنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى ئۈزۈپ
قويدى،— چىرايىڭ ئەجەب نۇرلىنىپ كېتىپتىيا.
— ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزارغان ئوخشايدۇ،— خانزۆھرە شۇنداق
دېدى-يۇ، خىجىللىقتىن يۈزى ئوت ئالغاندەك بولۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ
كەتتى،— ئىسكەندەر دېگەن ئادەمنىڭ بېغىغا بېرىپ ئىشلەيلى دەپ
نەچچە قېتىم دېدىم سىزگە، پەقەت زوۋان سۈرگىلى ئۇنىمىدىڭىز،—
خانزۆھرە مۇستاپانىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن قارىدى،— شۇنداق
قىلساق بولمامدۇ؟
— يەنە شۇ ئىسكەندەرنىڭ بېغى، — مۇستاپا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ
گەدىنىنى قاشلىدى،— سېنىڭگەن نېنىمىزنى يەپ ئولتۇرساق بولمامدۇ
خوتۇن؟
— ھېلىمۇ تۆت تال يەرگە قاراپ ئولتۇرغىلى نەچچە يىل بولدى،
ئۆيدە پەش دېگىلى بىرەر مۈشۈك، تاخ دېگىلى بىرەر توخۇ چاغلىق
جانلىق يوق، يىل بويى تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ، شۇمۇ
كۈن بولدىمۇ؟ ئازراق پۇلغا ئىشلەپ، بىرەر - ئىككى تال چىچقاق پاقلان
ئېلىپ قويساقمۇ ئاۋۇپ قالار ئىدى......
خانزۆھرە بولاق كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن
كىرپىكلىرىنى لىپىلدىتىپ مۇستاپاغا قاراپ نازلىنىپ دومسايدى. مۇستاپا
خوتۇنىنىڭ يېلىنىشلىرى، ئۆزىگە چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان
ناز- كەرەشمىلىرى ئالدىدا ئاخىر ئىندەككە كەلدى.

سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ بىر دۈشەنبىسى سەھەردە ئۇلار ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ بېغىغا قاراپ يول ئالدى. ياز بويى لاي- لانقا ئېقىتىپ شىردەك ھۆركىرەپ ئاققان دەريا سۈيى ئەمدىلىكتە تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۇشۇقىغا كېلىدىغان دەريا سۈيىنى كېچىپ ئۆتتى. تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ بىر خىل رىتىمدا ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك دەريا سۈيى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىرايتتى. سۇ بېتىگە يانتۇ چۈشكەن ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. سۇ تېگىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاشلار قاشتېشىدەك پارقىرايتتى.

ئۇلارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ بېغىدا ئىشلەۋاتقىنىغا ھەش - پەش دېگۈچە بىر ئاي بولۇپ قالدى. ئۇلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق سوقما تاملىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئالما، نەشپۈت ئۈزۈپ يەشىكلەرگە قاچىلاش ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ قولىدىن بىر ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالغان مۇستاپانىڭ قوللىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. يىپيېڭى يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئون ۋاراق پۇل ئۇنىڭ ئالىقىنىدا تاراقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق كۆپ پۇلنى تۇتۇش تۇگۇل كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ خانزۆھرەگە قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. خانزۆھرەمۇ «قانداق، مېنىڭ دېگىنىم راستمىكەن» دېگەندەك ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئىسكەندەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم پەيدا بولۇپ ئۇلارغا ئىش ئورۇنلاشتۇراتتى، مۇئامىلىسى قىزغىن ئىدى، بولۇپمۇ خانزۆھرەگە ۋە بالىلارغا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلاتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە ھەر خىل ئويۇنچۇق، كەمپۈتلەرنى ئېلىپ كېلىپ بالىلارنى خۇش قىلىۋېتەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلىۋاتقان بۇ خىل قىزغىن مۇئامىلىسىدىن مۇستاپامۇ ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئىشلارنى بارغانسېرى تۈجۈپىلەپ ئىشلەيدىغان بولدى.

لېكىن، مۇستاپانىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى. ئۇ ئىسكەندەردىن ئىش ھەققىنى ئېلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆيىگە بېرىپ، تالا - تۈزدىكى ئىش - كۈشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن كۈندىكى بىر ئىش ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، يۈرىكىگە پاتماي قالغان

خۇشاللىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇددى قۇيۇن سوققان قامغاقتەك توزۇتۇ-
ۋەتتى.

چۈش مەزگىلى ئىدى. مۇستاپا ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ باغدىكى
ئۆيگە كىردى. ئىككى بالىسى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ
بالىلارنىڭ ئۇماق تۇرقىغا بىردەم زوقلىنىپ قاراپ تۇردى. ئۇ خانزۆھرەنى
سېغىنغانىدى. ئۇنى ئىزدەپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغنىڭ غەرب
تەرىپىدىكى ئۈزۈمزارلىق ئارىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان تەك ئاستىغا كېلىپ قالدى. سانجاق،
سانجاق ئۈزۈملەر خۇددى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. مۇستاپا
سارغىيىپ پىشقان بىر ساپاق ئۈزۈمگە قول ئۇزاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قولى
ھاۋادا پولاتلاپ قالدى. ئۇ تەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇرە تۇرۇپ بىر -
بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بىر جۈپ گەۋدىنى كۆرۈپ قالغانىدى.
مۇستاپا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى.

— خانزۆھرە! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن. بۇ ئاۋازدىن
خۇددى توك سوققاندەك چۆچۈپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ گەۋدە ئىتتىك
ئايرىلىپ كەتتى. ئىسكەندەر تەكنىڭ كەينىگە غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن شەرمەندە! — مۇستاپا چىڭ تۈگۈلگەن
مۇشتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خانزۆھرەنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— يۈرىكىڭىز چىدىسا قانغۇچە ئۇرۇۋېلىڭ، — مەن سىز ئۇرغۇدەك
ھېچ ئىش قىلمىدىم.

ئەمەلىيەتتىمۇ مۇستاپانىڭ خانزۆھرەنى ئۇرۇشقا يۈرىكى چىدىمايت-
تى. ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا بىر
كىمنى ئۇرغۇدەك جۈرئەتمۇ يوق ئىدى. مۇستاپانىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن
قوللىرى ئاستا - ئاستا پەسكە ساڭگىلىدى.

— ھېچ ئىش قىلمىدىم دەيسىنا، مېنىڭ كۆزۈم كور بولۇپ قاپتىما؟
— شۇ...... ئىسكەندەر ئاكام ماڭا ئۈزۈم ئۈزۈپ بېرىۋاتقان......
— جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك ئەسلىي سېنىڭ
«ئىسكەندەرنىڭ بېغىغا بارىلى» دەپ تۇرۇۋېلىشىڭ مۇشۇنداق قىلىش
ئۈچۈنكەندە! يۈرە، كېتىمىز بۇنداق يەردىن!

— خاپا بولمىغە مۇستاپا، مەن ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن،

يەنە بىر ئاي تۇرساق بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىمۇ تۈگەيدۇ، يەنە ئازراق پۇلغا ئىشلەپ......

پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مۇستاپانىڭ كۆڭلى بىرئاز يۇمشىغاندەك بولدى. مەيلىلا، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن دەپ ۋەدە بەردىغۇ، ۋەدىسىدە تۇرسا مەيلى ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى مۇستاپا.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئىسكەندەر چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ مۇستاپا بىلەن خانزۆھرە ئىشلەۋاتقان يەرگە كەلدى. لېكىن، مۇستاپا ئىسكەندەرگە ئوچۇق چىراي ئاچمىدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ ئىش ھەققىڭلارنى يەتتە يۈز يۈەنگە ئۆستۈرۈپ بېرىمەن، — دېدى ئىسكەندەر ئۇلارغا قاراپ، — ھازىردىن باشلاپ خانزۆھرەمخان باغدا ئىشلەيدىغانلارغا تاماق ئېتىپ بەرسۇن.

ئىش ھەققىنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان مۇستاپانىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ بارلىق كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى بىردەملىك ئۇنتۇغاندەك بولدى. ئەمما، ئۇنتۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇغىلى بولمايتتى. مۇستاپا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىنى ئاچقان پېتى بىرھازاغىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ خانزۆھرە ئۆيدە «ئاشپەز» بولۇپ قالدى. مۇستاپا يەنە ئىلگىرىكىدەك ئالما، نەشپۈت ئۈزۈش ئىشىنى قىلدى. ئەمما، ھېلىقى كۈندىكى شەرمەندىچىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىر مىنۇتمۇ كۆتۈرۈلمىدى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان كۈندەشلىك ئازابى ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىنى گويا مۈشۈك تاتىلىغاندەك ئېچىشتۇراتتى. لېكىن، ئىسكەندەردىن ئىنتىقام ئېلىش، ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن بولسىمۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. كۆز ئالدىدىكى سارغايغان ياپراقلار ئارىسىدا خۇددى خانزۆھرەنىڭ تولغان كۆكسىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئالملار، سارغىيىپ پىشقان نەشپۈتلەر، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە ئۇنى كۆزگە ئىلماي

مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى چىۋىن يېۋالغاندەك ھەمىشە غەشلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، باغدا ئىش قىلغان ۋاقىتدا ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ ئۆيگە كېلىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خانزۆھرەنى نازارەت قىلماقتا ئىدى. شۇنداق قىلسىلا كۆڭلى ئارام تېپىپ قالغاندەك بولاتتى.

بىر كۈنى مۇستاپا ھېلىقى ئۆينىڭ غەرب بۇرجىكىگە تۇغرا كېلىدىغان تولىمۇ ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئىككى بالىسى نەشپۈت دەرىخى تۈۋىدە ئويناپ ئولتۇراتتى. مۇستاپانىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۆي تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. ئۆيگە سايە تاشلاپ تۇرغان شالاڭ تال بارىڭىنىڭ ئاراچلىرىدىن غىل - پال كۆرۈنگەن غەلىتە بىر مەنزىرىدىن مۇستاپانىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى خۇددى يەر چۆرگۈلىگەندەك پىرقىراپ كەتتى. پاكار سوقما تاملىق ھويلىدىكى كىچىككىنە سۇپا ئۈستىدە ئىسكەندەر بىلەن خانزۆھرە گويا بىر تەن، بىر جان بولۇپ چىرمىشىپ كەتكەنىدى.

بىر ئەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھالال نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنىنىڭ كۆز ئالدىدىلا قىلغان شەرمەندىچىلىكىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولماس جاھاندا. چىدىغۇسىز خورلۇق ھېس قىلغان مۇستاپانىڭ بېشى پىرقىراپ نەشپۈت دەرىخىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ دەرەختىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگەنىدە ئىسكەندەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— يەنە نېمە ئىش قىلدىڭ رەسۋا! — دېدى مۇستاپا غەزەپ بىلەن خانزۆھرەگە قاراپ.

— نېمە قىپتىمەن؟! — خانزۆھرە مۇستاپادىنمۇ بەكرەك تۈۋلىدى.

— مېنى تەكىي قىلىپ ياتساڭ بولامتى؟ سەن ئىسكەندەر بىلەن...... مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم......

— كۆرسەڭ نېمە بوپتۇ، بىر قېتىم شۇنداق قىلغانغا......

ئۇ خانزۆھرەنىڭ بۇنداق دېيىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ خانزۆھرەگە مىختەك قادالدى. لېكىن، خانزۆھرە ھېچ ئىش بولمىغاندەك

خىيالىي بىر ھالەتتە مۇستاپاغا قاراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق ئىشتىن كېيىن مۇستاپانىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغان، ئۆزىنى ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقنى پەملەپ يەتكەنىدى.

مۇستاپا كۆز ئالدىدىكى خوتۇنىنىڭ خانزۆھرە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ بىرھازاغىچە گەپمۇ قىلالمىدى. پۇت - قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. چوڭ ئېچىلغان ئەلەملىك كۆزلىرىدىن دۇمىلاپ چىققان ئىككى تامچە ياش تاتارغان مەڭزىدە قېتىپ قالغانىدى. ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئىككى سەبىي بالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە بىردە دادىسىغا، بىردە ئانىسىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. مۇستاپا خانزۆھرەنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزۇن - تىنىسىز بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ماڭ، كېتىمىز بۇ يەردىن! — دېدى.

— نېمىشقا كېتەتتۇق، بىز پۇل تاپقىلى كەلگەن، — دېدى خانزۆھرە.

— سەن پۇلنى شۇنداق تاپامتىڭ؟

— قانداق تاپسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— ماڭ، بۇ يەردىن ھازىرلا كېتىمىز!

— ئۆزۈڭ كەت، مەن پۇل تېپىپ كېتىمەن. يەنە ئاشۇ بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئۆيۈڭگە قاراپ ئولتۇرىمەنما؟

مۇستاپا بىر ياخشى خوتۇنىنىڭ تۇيۇقسىز، تۇيۇقسىز بولغاندىمۇ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنى پەقەت ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ بۇنداق بولارىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى. خانزۆھرەنىڭ بۈگۈن ئۆزىنى «سەن» لەپ گەپ قىلىشلىرىدىن، قاتتىق مۇئامىلىسىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن مۇستاپا جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ قىلچە ئورنى قالمىغانلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇدرۇققىنە قولىنى ئاۋايلاپ تۇتتى-دە، «يۈر ئوغلۇم، بىز كېتىمىز» دېگىنىچە ئۇنى يېتىلەپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

كۆڭلى ئازار يېگەن، ئەرلىك غۇرۇرى، ئىنسانىي ۋىجدانى خورلانغان

مۇستاپا ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ دەريا بويىغا كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا كۆڭۈللەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن مۇستاپانى بەخت بۆشۈكىدە ئەللەيلىتىپ، شادلىق ھۇزۇرىغا چۆمدۈرۈپ يولغا سالغان ئانا دەريا شۈمشىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردىكى ئازگاللارغا يىغىلىپ قالغان سۇدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

مۇستاپا ئوغلىنى يېتىلەپ مەھەللە دوقمۇشىغا كەلگەندە، شاپاق دوپپىسىنى بېشىنىڭ سول يېنىغا سىڭايان قىلىپ كىيىۋالغان قاسىم ئۇچراپ قالدى. يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى قارامتۇل، دىقماق بولغاننىڭ ئۈستىگە ئۇستىخانلىق، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتنى كىشىلەر «قاسىم شاڭخەي» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئانچە - مۇنچە تىجارەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى، مەھەللىدە قاسساپلىق قىلىۋاتاتتى. ئوڭ يېنىغا ئېسىۋالغان، ئادەم كۆرسە تېنى شۈركۈنىدىغان ئۇزۇن قاسساپ پىچىقى ھەمىشە تىزىدا پۇلاڭشىپ تۇراتتى.

— نەدىن كېلىشىڭلار مۇستاپا؟ — دېدى قاسىم مۇستاپانىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، — مىجەزىڭلار يوقمۇ نېمە؟ ئۇزاق يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ كېتىپسىلەر.

— ئۇ...... ئۇ قاتتىكى باغدىن، — مۇستاپا دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كۆرۈنگەن قويۇق دەرەخلىك تەرەپنى كۆرسەتتى.

— ۋۇي، كۆزلىرىڭلار بەقەمدەك قىزىرىپ كېتىپتىغۇ، خوتۇنۇڭلار ئۇردىمۇ يە؟

مۇستاپا جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. بەدىنى يېنىك تىترەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي خىتىلداپ يىغلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان دەرد - ھەسرىتى كۆزلىرىدىن پارتلاپ چىقماقتا ئىدى.

— ھەي، ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ؟ — دېدى قاسىم رەللە بولۇپ، — سىلىنى بىر كىم بوزەك قىلدىما؟ قېنى يىغلىماي دەڭلا.

مۇستاپا بولغان ئىشنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىۋىدى، قاسىم گويا

چوغقا دەسسىۋالغاندەك ئورنىدا تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ بازغاندەك مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلۈپ قانلىرى بېشىغا تەپمەكتە ئىدى.

— ھۇ، ئاناڭنى ھەزىلەك، — قاسىم چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۇستاپانى تىللىغىنىنى ياكى ئىسكەندەرنى تىللىغىنىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ مۇستاپاغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، — ھەي، نەرىڭ ئوغۇل بالا سېنىڭ؟ ئۆز خوتۇنىغىمۇ ئۆزى ئىگە بولالمىغان، ھەي...... قورسىقىنى بۆسۈۋەتسەڭ بولمامدۇ ئۇنداق قېرى ئىشەكنىڭ! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇستاپا لام - جىم دېيەلمەي شۈمشىيىپ تۇردى. قاسىمنىڭ ئالدىدا بىچارىلەرچە يەرگە قاراپ تۇرغان مۇستاپاغا شۇنداق ئۆچلۈكى تۇتتىكى، شۇ تاپتا چاينىۋېتىپ پۈركۈۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— بوپتۇ...... سېنىڭ يارىلىشىڭ مۇشۇنچىلىك بولغاندىكىن، — دېدى قاسىم مۇستاپاغا زەردە بىلەن قاراپ، — ماۋۇ بىر نېمەڭنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە بىزنىڭ ئۆيگە بار! — ئۇ شۇنداق دېگەچ مۇستاپانىڭ بالىسىغا قارىدى.

مۇستاپا قاسىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە قاسىم ئۆيىگە مەھەللىنىڭ تەنتەك، ئالقاناتلىرىدىن بەش - ئالتىنى يىغىپ مۇستاپانى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار قاسىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، مۇستاپانىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ بېغىغا قاراپ يول ئالدى.

كېچە، ئەتراپ جىمجىت، پەقەت ئىشەكنىڭ توكۇرلاپ ماڭغان ئاۋازىلا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. بۇلۇتلۇق ئاسماندا ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان شالاڭ يۇلتۇزلار خىرە نۇر چاچاتتى. يىگىتلەر گويا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزغۇسى كەلمىگەندەك چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھارۋىدا تىپتىنچ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار كۆز ئالدىدا قىلماقچى بولغان ئىشلىرى توغرىسىدا كۆڭلىدە چوت سوقۇۋاتاتتى.

دەريا بويىغا كەلگەندە ئۇلار ھارۋىدىن چۈشتى. دەريادىن پىيادە ئۆتتى. دەريادىن چىقىپ باغنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئىشەكنى باغنىڭ قاشاسىدىكى بىر تۈپ دوڭغاق جىگدىگە باغلاپ قويدى. ئۇلار باغنىڭ

چىتلاق تېمىدىن ئۆتۈپ مۇستاپاغا ئەگىشىپ، خۇددى ئۇغرىنىڭ پېيىگە چۈشكەن رازۋېدكىچىلاردەك تىنۇش چىقارماي پەم بىلەن ماڭدى.

— مۇشۇ ئۆي شۇ، — دېدى مۇستاپا پەس ئاۋازدا قاراڭغۇدا زومچەكتەك كۆرۈنگەن ئۆينى كۆرسىتىپ، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدا چىپپىدە توختاشتى. قاسىم ئاستاغىنا مېڭىپ ئۆينىڭ كەينىدىكى كىچىك دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ دېرىزىگە قۇلىقىنى يېقىپ بىر پەس تۇردى. ئۆي ئىچىدىن ئەر - ئاياللىڭ كۇسۇرلاشقان ئاۋازى، ئاياللىڭ نازلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى. قاسىمنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترىدى. مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ كەتتى.

— مۇستاپا، سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا ئىكەن. ئۇلار ئۆيدە باركەن، — دېدى قاسىم ئاستا يېنىپ كېلىپ پەس ئاۋازدا، — ھازىرلا كىرەيلى، جۈرئەتلىك بولۇڭلار باللار.

قاسىم ئالدىدا ماڭدى. يىگىتلەر قويۇنلىرىغا تىقىۋالغان كالتەكلىرىنى سىلاشتۇرۇپ قويۇپ قاسىمغا ئەگەشتى. قاسىم پاكار ھويلىنىڭ سالاسۇنلۇق ئىشىكىنى ئاستا ئىتتەردى. ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. يىگىتلەر قاسىمغا ئەگىشىپ مايمۇندەك چاققان ھەرىكەت بىلەن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى. ئۆينىڭ ئىشىكمۇ ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. قاسىم كەينىگە يېنىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تەپتى. قاتتىق تېپىك زەربىسىدىن ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ كەتتى.

— كىم؟......

ئەر كىشىنىڭ قورقۇنچتىن تىترەپ چىققان ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن قاسىم يانچۇقىغا سېلىۋالغان قول چىراغنى ياندۇردى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

— ئۆينىڭ توكىنى ياق! — دەپ ۋارقىرىدى.

مۇستاپا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىشىك يېنىدىكى يېپنى تارتتى. ئېلېكتىر چىراغ ئۆي ئىچىنى يورۇتتى. يوغان قورساق، گەۋدىلىك ئىسكەندەر ئۆلگىسۈلى ئۆچكەن ھالدا كۆرپە ئۈستىدە تىزلىنىپ

ئۆلتۇراتتى. خانزۆھرە ئۇنىڭ كەينىدە يۈزنى ئالقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، جاقىلداپ تىترەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار يېرىم يالىڭاچ ئىدى. تۇرۇلۇپ قالغان يوتقان ئۇلارنىڭ كەينىدە قىيسىيىپ تۇراتتى. مۇستاپانىڭ كىچىك قىزى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئالەمدىن بىخەۋەر ھالدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر كالتە چاپان يېپىقلىق تۇراتتى. ھېلىقى ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمە قىلالمىغان مۇستاپانىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ئادەم باشلاپ كېلىشى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى.

— سى...... سىلەر نېمە قىلماقچى؟ — ئىسكەندەر تەستە زۇۋانغا كەلدى. «چاڭ» قىلىپ تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن ئىسكەندەر «ۋايجان!» دېگىنىچە كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاڭغۇچە قاسىمنىڭ چاققان پۇتلىرى ئىسكەندەرنىڭ قورساق، بېقىنلىرىنى بىرنەچچىنى پېتىقلىۋەتتى. تەستەك، تېپىك خانزۆھرەنىمۇ ئاياپ قويمىدى. ئۆي ئىچىنى قىقاس - چۇقان بىر ئالدى. مۇستاپانىڭ خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىپ «خانزۆھرەنى ئۇرماڭلار» دېيىدى، قاسىم ئۇنىڭغا ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىدە غەزەپ بىلەن ئالايدى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ، قىيا - چىيادىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قىرقىراپ يىغلاۋاتقان قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى. شۇ ئەسنادا قولىدا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى، كىردى- يۇ، ئۆيدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئادەم ئىسكەندەرنىڭ ئەلەملىك ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ چالا ئويقۇدا يۈگۈرۈپ كىرگەن، باغقا قارايدىغان ئادەم ئىدى.

— شوينا قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاسىم.

— مانا، — دەپ يانچۇقىدىن شوينىنى چىقاردى بىر يىگىت. ئۇلارنىڭ تەييارلىقى پۇختا ئىدى. قاسىم ئۇزۇن پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىۋىدى، پىچاق چىراغ يورۇقىدا يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر بىلەن خانزۆھرەنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. قاسىم ئۆتكۈر پىچاق بىلەن شوينىنى شارتتىدە كېسىپ ئىككى قىلدى. ئۇ قوي - كالىلارنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ كۆنۈپ

كەتكەن ئەپچىل قوللىرىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىسكەندەر بىلەن خانزۆھرەنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ باغلىۋەتتى.

— ھەي، قېرى ئېشەك، سېنىڭ خوتۇن - باللىرىڭ يوقمۇ؟— دەپ سورىدى قاسىم بىگىز بارمىقىنى ئىسكەندەرنىڭ كۆزلىرىگە تىقىۋەتكۈدەك چىنەپ.

— با...... بار،— ئىسكەندەر دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى. شۇ تاپتا ئۇ دەھشەتلىك، تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن بىر سىلكىنىپلا ئويغىنىپ كەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى.

— ئۇلار قەيەردە؟— قاسىم سوئالىنى داۋاملاشتۇردى.

— شەھەردىكى ئۆيدە.

— ئۆيۈڭ شەھەردىما؟

— شۇنداق، بۇ يەردىن سەكسەن مو يەرنىڭ ئوتتۇز يىللىقىنى سېتىۋېلىپ باغ يېتىشتۈرگەنىدىم.

— ئەسلى خوتۇنۇڭ بۇ يەردە بولمىغاچقا سۆيدۈك پۇراپ يۈرۈپتىكەنسەن - دە، قېرى ھاڭگا.

— شۇ...... شۇ بىر قېتىم پوق يەپ ساپتىمەن.

— ھىم، پوقنىڭ يوغىنىنى ئەمدى يەيسەن، سېنى مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن خوتۇن - باللىرىڭنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ بارىمەن!

— خۇدا ھەققى، ئۇنداق قىلماڭلار، مېنىڭ قۇدا - باجىلىرىم بار، نى ئات، نى نومۇس، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، ئۇ يەرگە ئاپارماڭلار...... ھۇ...... ھۇ...... ھۇ......

ئىسكەندەر ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلىدى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار تاياق زەربىسىدىن ھۈررەك - ھۈررەك ئىششىپ چىققان يۈزلىرىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ مۇستاپانىڭ يۈرىكىنى يىغلاتقانىدى، ئەمدى ئۆزى يىغلاۋاتىدۇ. جاھان شۇنداق. بىرى كۈلسە، بىرى يىغلايدۇ، بىرى شادلانسا، بىرى قايغۇرىدۇ.

— بولدى، بىشەم خوتۇندەك يىغلاۋەرمە،— دېدى قاسىم بىر

پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن،ــ خوتۇن - بالىلىرىڭنىڭ يېنىغىمۇ ئاپارمايلى، بىز بىلەن ماڭ. سېنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز.

ــ مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ نېمە دېسەڭلار شۇنى قىلاي......

قاسىمنىڭ غىلاپتىن شارت قىلىپ سۇغۇرۇلغان ئۆتكۈر پىچىقى ئىسكەندەرنىڭ زاڭقىغا تىرەلدى. ئۇنىڭسىزمۇ نومۇس كۆچىدىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان ئىسكەندەر كىيىملىرىنى ئېلىۋالاي دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ قورقۇمسىز، قارام يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇلار باغدىن چىقىپ، باغلاقلىق ئېشەكنى يېشىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىۋىدى، خېلىدىن بېرى ئېغىر يۈشۈلداپ تۇرغان ئېشەك يىگىتلەرنىڭ ئىشىنى جاھانغا جاكارلىماقچى بولغاندەك چاڭ كەلتۈرۈپ ھاڭرىۋەتتى. ئېشەكنىڭ كۆچلۈك ئاۋازى تىمتاس كېچە قوينىنى يېرىپ ئۆتۈپ يىراق - يىراقلاردا ئەكس سادا ياڭراتتى.

ــ بۇ جۇنۇپلارنى سۇغا پىشىپ پاكلاندۇرۇپ ئاپىرايلى،ــ دېدى يىگىتلەردىن بىرى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانغا يىغىلىپ قالغان سۇ بويىغا كەلگەندە،ــ بولمىسا بىزنىمۇ نەس باسمىسۇن.

ــ شۇنداق قىلايلى.

ــ بۇزۇقچىلىق قىلغانغا تويغۇزايلى.

ئېشەك بىر خىل رىتىمدا توكۇرلاپ ماڭماقتا ئىدى. كۈز پەسلىنىڭ ئىزغىرىن شاملى يۈزنى سىيپايتتى. غول قورۇغىدەك كېچە سوغۇقى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. زىمىستان قىشتا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆچكىدەك جاقىلداپ تىترەۋاتقان ئىسكەندەر بىلەن خانزۆھرە چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا سوكۇلداپ ماڭماقتا. ئۇلارنىڭ تېز - تېز قەدەم ئېلىشلىرىدىن توختىماي لىككىلداپ تۇرغان كاسىلىرى خىرە ئاي يورۇقىدا خۇددى تازا ئوخشاپ چۈشكەن يوغان كاۋىنىڭ بۇرنىنى ئەسلىتەتتى.......

......

چاشكا ۋاقتى. يىراققا سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى كەينىدىن ئىبرەڭسىزلىك بىلەن كۆتۈرۈلگەن كۈز قۇياشى سوغۇق نۇر تارىتاتتى.

كېچىدىن بىرى كۆز يۇمىغان ياشلار كەنت قورۇسى ئىچىدە تالاش - تارتىش قىلماقتا ئىدى.

— خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلايلى بۇ شەرمەندىلەرنى، — دېدى ياشلاردىن بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ياق، — دېدى قاسىم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ، — كۆپ ئادەم بىلىپ كەتمىسۇن، مۇستاپانىڭ ئىناۋىتىنى ساقلىمىساقمۇ بولماس، بۇ ئىشنى يەك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلايلى.

— ھېچبولمىغاندا كەنت باشلىقىنى چاقىرىپ كېلەيلى.

— ئەنە، كەنت باشلىقى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بىرەيلەن يىراقتىن كېلىۋاتقان بىرسىنى كۆرسىتىپ، — يولىمىز قىسقىرايدىغان بولدى.

كەنت باشلىقى كەنت قورۇسىغا يىغىلىۋالغان ياشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. توۋا، بۈگۈن كەنتتە يىغىن يوق ئىدىغۇ، بىرەر يىغىن ئاچار بولساق رادىيودا كانىيىمىز يىرتىلغۇچە توۋلاپ، ئائىلىمۇ ئائىلە سوكۇلداپ يۈرۈپمۇ چۈش - پېشىنگىچە بۇ قۇلاق كەستىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەكەلگىلىمۇ بولمايتتى، بۈگۈن ئەجەب...... دېگەنلەرنى ئويلىغان كەنت باشلىقى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ھەيرانلىق ئىچىدە، — ئەتىگەندىلا بۇ يەرگە يىغىلىۋاپسىلەرغۇ؟

— كېچىدىن قاسىم شاگىخەي قاتارلىق باللار...... — دېدى كەنت قورۇسىنى باقىدىغان كەكە ساقاللىق قېرى ئادەم. ئۇنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە قاسىم گەپ قوشتى:

— قوتۇرغان بۇقىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ ئىشخانىغا سولاپ قويدۇق، ئىنەكمۇ بىللە بار تېخى......

— كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز.

— قېنى، ئىشخانىغا كىرىپ كۆرۈپ باقامسىز؟

كەنت باشلىقى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرىغاندەك ئىتتىك مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. بىرەيلەن ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. كەنت باشلىقى راستتىنلا بۇقا بولسا يۇلقۇنۇپ كېلىپ

ئۇسۇۋەتمىسۇن دېگەننى ئويلاپ، ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— قايسىڭلارنىڭ ئىشى بۇ؟ — دېدى ئۇ ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ.

— مانا بىزنىڭ ئىشىمىز، — دېدى قاسىم كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بۇ ئىشنى بىز قىلدۇق.

— بۇ قىلغىنىڭلار بولماپتۇ ئۇكام، — دېدى كەنت باشلىقى نارازى بولۇپ.

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭە، نېمىسى بولماپتۇ؟

— ئۇكام، — دېدى كەنت باشلىقى قاسىمنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — ھەرقانداق ئىش بولسا گەپ - سۆز بىلەن بولسۇن، ئاۋۋال ئۇلارنى يېشىۋېتىڭلار.

قاسىم ئاستا بېرىپ ئۇلارنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. ئىنچىكە شوينا ئۇلارنىڭ قوللىرىغا مەھكەم پېتىپ ئىز چىقىرىۋەتكەنىدى. قان يۇرۇشمىگەن قوللار كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەنىدى.

— بۇ ئىشىڭلار قانۇنسىز سولاپ قويۇش جىنايىتى بولىدۇ ئۇكام، — دېدى كەنت باشلىقى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە ئاڭلىغاندىن كېيىن قاسىمغا قاراپ، — شۇڭا، مەن بۇ ئىشنى تەشكىلگە مەلۇم قىلىمەن.

كەنت باشلىقىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. قاسىمنىڭمۇ چىرايى ئاچچىقتىن قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ يالتىراپ تۇرغان پىچىقنى سۇغۇرۇپلا كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە «غاس» قىلىپ سانجىدى. ئۈستەل چاراسلاپ لىڭشىپ كەتتى. پىچاق گويا كەنت باشلىقىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك پۈتۈن بەدىنى جۇغۇلداپ كەينىگە داجىدى.

— نېمە جىنايەتكەن ئۇ؟ — دېدى قاسىم ۋارقىراپ، — خەقنىڭ خوتۇنىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ جايلىسا جىنايەت بولماي، بىزنىڭ ئىشىمىز جىنايەت بولامدىكىنە؟ قېنى كىم بىر يەرگە بېرىپ مەلۇم قىلىمەن دەيدىكەن ئۇچەي - باغرىنى چۇۋۇپ تاشلايمەن!

كەنت باشلىقى قاسىمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. قاسىم

مىجەزى چۇس، قارام، قورقۇمسىز بولغىنى بىلەن ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى. ناھەققە پەقەت چىدىمايتتى. يامانىدىن قورقمايتتى. ئىدىيەسىدىن ئۆتمىگەن مەسىلىلەردە يۈز - خاتىر قىلمايتتى. شۇڭا، بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. بۇ قېتىممۇ كەنت باشلىقى ئۇنىڭغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بىرھازا جىم تۇرغاندىن كېيىن قاسىمغا قاراپ:

— سىلەر بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى ئۇكام؟

— مۇستاپا پۇلنى دەپ خورلاندى، ئازابلاندى، غورۇرى يەرگە ئۇرۇلدى. شۇڭا، بۇ ئادەم تېگىشلىك بەدەل تۆلىشى، مۇستاپاغا روھىي تۆلەم بېرىشى كېرەك!

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قاسىم باش بولۇپ مۇستاپاغا ئۈچ مىڭ يۈەنگە سورتلۇق سۈت كالىسىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەھەللە باشلىقى مۇستاپانىڭ ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى قەرز ئېلىۋالدى......

ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. نۇرغۇن - نۇرغۇن چوڭ ئىشلارمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش بۇ ئىشمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

بىر كۈنى يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار مۇستاپانىڭ تەقدىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ مەھەللە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە قەرز سۈيلەپ بارغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن مەھەللە باشلىقى ئۇنىڭغا: «نېماندىلاق تولا پۇل دەپ كېلىۋېرىسەن، ھۆججىتىڭ بارمۇ؟ ‹ئون يىلغىچە بەرمەيمەن، يۈز يىلغىچە تانمايمەن› دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ مەن بەرمەيمەن دېمىدىم، تاپقاندا بېرىمەن، چىقە ئۆيدىن» دەپ قوپال تەگدى.

شۇ كۈنى كەنتتە يىغىن ئېچىلدى. مۇستاپالار يىغىندىن تارقىغاندا ئالەمنى زۇلمەت قاراڭغۇسى قاپلىغانىدى. ئۇلار ئۆيگە كېلىپ باللىرىنى جايلاشتۇرۇپ ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن خانزۆھرە چىراغنى كۆتۈرۈپ قوتانغا كىردى. ئۇ قوتانغا كىرىپلا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— مۇستاپا...... كالا......

— كالىغا نېمە بوپتۇ؟— مۇستاپا ھالسىزلانغان گەۋدىسىنى تەستە

كۆتۈرۈپ قوتانغا يۈگۈرۈپ كىردى.

— كا...... كالىغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ......

مۇستاپا خوتۇنىنىڭ قولىدىكى جىنچىراغنى يۇلۇپ ئالدى - دە، كالىغا سىنچىلاپ قارىدى. قارىدى- يۇ، روھى تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قورسىقى گۈمبەزدەك ئېشىلىپ كەتكەن ئالا بەل كالا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى. مۇستاپانىڭ قولىدىكى چىراغ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئېسىنى بىلەلمەي قالغان مۇستاپا «گۈپ» قىلىپلا كالىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى......

بىر كۈن ئىچىدە ئارقىمۇئارقا كەلگەن زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ مۇستاپا شۇنىڭدىن باشلاپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ كەنتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان توپىلىق يولىدا ئۇ ياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. تۇرۇپ كۈلەتتى، تۇرۇپ يىغلايتتى. ئاللىكىملەرنى تىللايتتى. «ھاھ...... ھاي، مېنىڭ ئالا كالام موزايلاپتۇ» دەپ چاۋاك چالاتتى. بەزىدە «ھو ئوغرى، پۇلۇمنى بەر، پۇلۇمنى قاراقچى تارتىۋالدى......» دەپ توۋلايتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى خانزۇھەردىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئۇ راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قالغانىدى.

# ماموت كاشلا

پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەت ئاتمىش كۈنلا مەھەللە ساقچىسى بولغان، بىر قېتىملىق تەنتەكلىكى تۈپەيلىدىن ئاشۇ تەۋەررۈك ئەمەل تەختىدىن پوككىدىلا غۇلاپ چۈشكەن ماموت كاشىلىنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى پىژىلداپ ئېچىشاتتى. قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىش، ئېرىشكەندىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە مەزمۇت پۈتۈلگەن، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان بىرەر خىزمەتكە ئىگە بولۇش ئارزۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوت بولۇپ ياناتتى. ھەي، ئاشۇ قىسقىغىنا خىزمەت تارىخىمدا نۇرغۇن دېلولارنى پاش قىلىپ مەھەللىدە چاك چىقىرىۋەتكەنىدىم، دەپ ئويلايتتى ئۇ كۆڭلىدە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، شۇ بويىچە ئىشلەۋەرگەن بولسام ھازىر ھېچبولمىغاندا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئېسىل ماشىنىلاردا بەھۇزۇر كېرىلىپ ئولتۇراتتىم ئەمەسمۇ، ھەي ئىسىت! ھەممىسى ئاشۇ بىر قېتىملىق تەلۋىلىكىمنىڭ كاساپىتى.

ماموت كاشىلا بۈگۈنمۇ ئاشۇ شېرىن خىياللار دۇنياسى ئىچىدە ئۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ئىشكلىرى قىڭغىيىپ قالغان پاكار سوقما تاملىق ھويلىسىنىڭ بۇرجىكىدىكى كىچىككىنە سۇپىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، توپا ـ چاڭ دەستىدىن رەڭگىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان كونا كىگىز ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئورۇق ئېڭەكلىرىنى قاپلىغان كىرپە تىكىنىدەك قويۇق ساقاللىرى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئۆمسۆرۈن كۆرسىتەتتى. ئۇ سەل يېنىچە بولۇپ ئىشتىنىنىڭ سول يانچۇقىدىن بىر كويغا بىر گۇرجەك بېرىدىغان يەرلىك ئاچچىق موخۇركىدىن بىر چىمدىم ئېلىپ گېزىت قەغىزىگە ئوراپ قاتتىق ـ

قاتتىق شوراشقا باشلىدى. موخوركىنىڭ ئاچچىق ئىسى ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە گۈپ قىلىپ ئۇرۇلغاندا چىڭقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ ئېغىر خورسىنغان هالدا موخۇركا قىسقان قوللىرى بىلەن شاپاق دوپپىسىنى كەينىگە سۇرۇپ قويۇپ، سول قولىنىڭ قورايدەك بارماقلىرى بىلەن ئىنچىكە، ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى خۇددى «مىراسخور» فىلىمىدىكى موللاداتتەك چىمدىپ تولغىغىنىچە يەنە ئاشۇ ئىلگىرىكى هايات كارتىنىلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ماموتنىڭ يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن مەزگىللى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ، ياشلىق تۇيغۇلىرى قاپقارا كۆزلىرىدە جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان چېچەن يىگىت ئىدى. شۇ مەزگىللەردە مەهەللە باشلىقلىرى ئۇنى مەهەللە ساقچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغلار دېهقانلار تېخى داش قازاننىڭ تامقىدىن قۇتۇلالمىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئوپچە قىلىدىغان زامانلار بولغاچقا، هەممە نەرسە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەنىسىكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كېچىسى ئۇخلىماي ئۆز مەهەللىسىگە تەۋە بولغانلىكى يەرلەرنىڭ هەممىسىنى ئالا قويماي چارلاپ چىقاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆي ئەتراپلىرى، يوللار، ئېتىز - قىرلار ئۇنىڭ دائىملىق چارلاش نىشانى ئىدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى كېچە هاۋاسى تولىمۇ سالقىن بولىدۇ. كەڭرى كەتكەن سەهرا قوينى كىشىگە ئاجايىپ ئارامبەخش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. قويۇق جىگدىلىكلەر ئارىسىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان تومۇزغىلارنىڭ چىرىلدىشى، ئېتىز - قىرلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان پاقىلارنىڭ كۇركىرىشى، سەهرا كۆيچىسى شوخ تورغايلارنىڭ يېقىملىق چۇ - چۇلىشى قوشۇلۇپ بىر گۈزەل لىرىك سىمفونىيە هاسىل قىلىپ، يۈرەكلەرگە چەكسىز هوزۇر ئاتا قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق گۈزەللىككە تولغان سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە ماموت مەهەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر گەۋدە كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ دىققىتىنى يىغىپ هېلىقى گەۋدىنى كۆزەتتى. گەۋدە

تېز - تېز مېڭىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مامۇت شەپە چىقارماي يېقىنلىشىپ كېلىپ ھېلىقى ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ چوڭ ئۈجمىنىڭ غولىغا مەھكەم يېپىشتى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ كۆزىتىشكە باشلىدى. ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى بىلەن ھويلا ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ «كىم؟» دېگەن قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. «بۇ مەن» دېدى ھېلىقى كىشى پەس ئاۋازدا. مامۇتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. مامۇت ھېلىقى كىشىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ مەھەللە باشلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغانىدى، بىرپەستىن كېيىن ھويلىغا غىپپىدە كىرىپ كەتتى. ۋۇ ئەبلەخ، ئۇنىڭ ئىررىنى سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە ئەۋەتىۋېتىپ قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭنى قارا، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا، دېگەن شۇ-دە. مامۇت شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قايتىپ كېتىش - كەتمەسلىك توغرىسىدا بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. مەن دېگەن ساقچى، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە سوغۇق قول تەگكۈزىدىغان ئەبلەخلەرنىڭ جاجىسىنى بەرمىسەم قانداق بولىدۇ، مەھەللىدە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولامدىكەن، تېخى مېنى باشقۇرۇپ كېتىشلىرىچۇ، خەپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى بىر تۇتۇۋېلىپ مېنى تولا باشقۇرۇپ كەتمەيدىغان قىلىپ قويمىسام......

مامۇت ئىشىك تۈۋىگە يېقىن كېلىپ ھويلا ئىچىدىن چىقىۋاتقان شىرىن پىچىرلاشلارغا بىرپەس قۇلاق سېلىپ تۇردى. ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كەلدى- دە، بىر كۈچەپلا خۇددى مايمۇن دەرەخكە ياماشقاندەك چاققانلىق بىلەن ھويلا تېمىغا يامىشىپ چىقىپ ھويلىغا گۈپپىدە سەكرىدى.

— كىمۇ؟— دېدى ئايال قورقۇنچ ئىچىدە. ئۇنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغىچە مامۇت يېنىدا داۋاملىق كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان قولچىراغنى ياندۇرۇپ نىشانغا توغرىلاپ بولغانىدى. ھويلىنىڭ دالىنىدىكى سۇپا ئۈستىدە مەھەللە باشلىقى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە قاققان قوزۇقتەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئايال خىجىل بولغىنىدىن خۇددى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆچكىدەك جاقىلداپ تىترىگىنىچە مەيدىسىنى بېدە گۈللۈك نېپىز چىت

يوتقان بىلەن توسۇپ چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

— بۇ سىزمىدىكىز مەھەللە باشلىقى؟ — دېدى مامۇت ئورغۇلۇق تەلەپپۇزدا، — سىز ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ بۇ زىدىپەس خوتۇننىڭ ئېرىنى سۇ قۇرۇلۇشىغا ماگدۇرۇۋېتىپ، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرەمسىز؟ سىز بىر مەھەللىنىڭ ئاتىسى تۇرۇپ، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىشتىن نومۇس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ما...... مامۇت ئۇكام، — مەھەللە باشلىقى يىلىنىشقا باشلىدى، — ئەقىلسىزلىك قىپتىمەن، ئەمدى ھەرگىز بۇنداق يوقنى يېمەيمەن......

— شۇنداق دېسەملا ئىش تۈگەيدۇ دەمسىز؟

— سەن نېمە قىلماقچى ئۇكام مامۇت؟

— مەن بۇ يەرنىڭ ساقچىسى، ساقچى بولغان ئادەم مەھەللىنىڭ بىر پۈتۈن ئامانلىقىغا مەسئۇل بولىدىغان گەپ، سىزنىڭ بۇ قىلمىشىڭىز جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان شەرمەندە قىلمىش. شۇڭا، بۇ ئىشنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

— ئۇ...... ئۇنداق دېمە جېنىم ئۇكام، مۇشۇ بىر قېتىم ئاغزىڭغا توپا سۇۋۇۋەتكىن، بۇ ئىش سىرتقا يېيىلىپ كەتسە ھەر ئىككى ئائىلە بۇزۇلىدۇ. ئۇ چاغدا......

ئەزەلدىن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي گىدىيىپ يۈرىدىغان مەھەللە باشلىقىنىڭ ئەمدىلىكتە سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بىچارە ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مامۇت كۆڭلىدە: «ئەبلەخ، تومشۇقۇڭنى قارمىقىمغا مەھكەم ئىلىندۇردۇم، ئەمدى غوجا ئاكاڭنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلىگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئاغزىمغا توپا سۇۋايدىغان ئىش يوق، — دېدى مامۇت قەتئىي تەلەپپۇزدا، — جازاغا تارتىلىش كېرەك، مەن بىر ساقچى تۇرۇپ كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇرۇپلا كۆز يۇمسام بولمايدۇ.

نېمىنىڭ جىنايەت، نېمىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدىغان مامۇتنىڭ ئاغزىدىن چىققان «جىنايەت»

سۆزى مەھەللە باشلىقىنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى.

— جېنىم ئۇكام ماموت، بىر قېتىملىق كۆرمەسكە سالغىن، سېنىڭ قانداق تەلپىسىڭ بولسا مەن بەجا كەلتۈرەي، مېنى ئۇنداق تەتۈر قىينىمىغىن......

مەھەللە باشلىقى شۇنداق دېگىنىچە ئاستا مېڭىپ سۇپىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە سۇپىنىڭ بۇرجىكىگە تاشلاپ قويغان ئىشتىنىنى ئېلىپلا ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئىشىك ئىلغۇچىنى ئېلىۋېتىپلا سىرتقا تاشلاندى. مەھەللە باشلىقىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ماموتنىڭ كۈلكىسى قىستاپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

— ھە، بۇزۇق خوتۇن، — دېدى ماموت مەيدىسىگە يوتقاننى مەھكەم تېڭىپ ئېسەدەپ ئولتۇرغان ئايالغا قاراپ سۈرلۈك تەلەپپۇزدا، — ئەمدى سەن بىلەن نېمە دېيىشىمىز؟

— ماموت ئاخۇن، مەن ئېزىپتىمەن، — دېدى ئايال تېخىمۇ بوغۇلۇپ ئېسەدەپ، — نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، بىر قېتىم بولدى قىلىۋەتسىڭىز.

ماموت ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ ياش چوكاننىڭ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، ياش بىلەن يۇيۇلغان ئالمىدەك يۈزلىرىگە قاراپ سەل كۆڭلى يۇمشىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئوبدانراق تونۇتۇپ قويماقچى بولدى.

— سەندەك ئېرىنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ، رىزقىغا خىيانەت قىلغان شەرمەندىنى قانداقمۇ كەچۈرۈۋەتكىلى بولسۇن؟ — دېدى سۈرلۈك تەلەپپۇزدا، ئايال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىرپەس لام - جىم دېمەي يىغلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر ئەقىل تاپقاندەك بولدى - دە، يوتقاننى بىر چەتكە قايرىپ تاشلاپ يالىڭاچ ھالەتتە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ سارغىيىپ پىشقان سورتلۇق نەشپۈتتەك تولغان كۆكسى پۇلاڭشىپ كەتتى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن ماموتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىراغ تۇتقان قوللىرى سىيرىلىپ قالغاندەك قېتىپلا قالدى. ئايال ئورنىدىن تۇرغان پېتى سۇپا گىرۋىكىگە يېقىن كېلىپ،

ھەيۋە كۆرستىپ تۇرغان ماموتنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سالغىنىچە ئۇنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى. ئۆمرىدە سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ماموتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەرلىك تۇيغۇلىرى قوزغىلىشقا باشلىدى. ئايالنىڭ قورقۇنچتىن تىترىگەن، ئەمما كۈچلۈك ئاياللىق نازاكەت ھەم ئوتتەك ھارارەت تەپچىپ تۇرغان، خۇددى سارغۇچ قاشتېشىدەك سۇزۇك، تولغان بەدىنى ماموتقا مەھكەم يېپىشىپ تۇراتتى. ئەس - ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغان ماموت ئايالنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن مەھكەم تۇتۇپ يەردىن يۇلۇپلا ئالدى - دە، كۆرپە ئۈستىگە ئاستا ياتقۇزدى.......

ئاغزى - بۇرنىغا قونۇپ گىڭىلداۋاتقان چىۋىنلەرنى ئىرىنچەكلىك بىلەن ئۈركۈتكەن ماموتنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاق شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، كىگىز ئۈستىگە قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى پاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. كىگىزدىن ئۆرلىگەن ئاچچىق توپا ئۇنىڭ دىماقلىرىنى ئېچىشتۇردى. مىڭىلدىشىپ يۈرگەن چىۋىنلەر ئۇنىڭ ئۈركۈتكىنىگە پىسەنت قىلمىغاندەك يەنىلا ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە قونۇپ ئۇنى جىلە قىلماقتا ئىدى. «ھۇ نىجىسلار، سەنلەر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنەتتىڭمۇ؟» ماموت شۇنداق دەپ غودۇرىدى- دە، ئۆچۈپ قالغان موخۇركىسىنى قايتا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق - قاتتىق شورىغىنىچە يەنە خىيالىنى داۋاملاشتۇردى.

ھېلىقى كۈنىنىڭ ئەتىسى، ماموت ئادىتى بويىچە ئېتىز - قىرلارنى چارلاۋاتاتتى. يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان تورغايلارنىڭ يېقىملىق چۇ - چۇلىشى، تومۇزغىلارنىڭ سايرىشى جىمجىت كېچە قوينىدا تەنھا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ماموتنىڭ يۈرىكىگە چەكسىز ئىلھام بەخش ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۇنتۇلغۇسىز ھوزۇر بېغىشلىغان ھېلىقى شېرىن دەقىقىلەرنى ئويلاپ لەۋلىرىنى ئىختىيارسىز يالاپ قويىدى. ئۇ شۇنداق تاتلىق خىياللار ئىلكىدە كېۋەز ئېتىزلىرىدىن ئۆتۈپ قوناقلىققا كەلدى. ئۇ قوناق ئېتىزلىرىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ ئورنىدا چېپىپىدە توختىدى. قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن قاراس - قۇرۇس قىلىپ بىرنەرسە ئۇشتۇغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. ماموتنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالدى. ئۇ

قانداقتۇر بىر چوڭ ئىشنى سەزگەندەك ئىتتىك قەدەم ئېلىپ قوناقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاۋاز چىققان يەرگە يېقىنلاشتى. بىر ئادەم هە دەپ ئەمدىلا سارغىيىپ پىشىشقا باشلىغان قوناقلارنى ئۇشتۇپ تاغارغا قاچىلاۋاتاتتى. مامۇت دەرھال يانچۇقىدىن قولچىراغنى چىقىرىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇدۇللاپ ياندۇردى. ۋىللىدە يانغان چىراغ يورۇقىدىن خۇددى جىن - شاياتۇنغا يولۇقۇپ قالغاندەك قورقۇپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم «كىم؟» دەپ ۋارقىرىغىنىچە تۇرغان يېرىگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەن كىم؟ ھە، سەنمىدىڭ، قويە ئوغرى، تاغىرىڭنى يىدۇپ مەن بىلەن ماڭ!

مامۇت مەھەللە باشلىقىنىڭ تاغىسىنى ئالدىغا سېلىپ مەھەللە ئىسكىلاتىنىڭ يېنىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن كىچىككىنە ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئۇكام، ئائىلەمدە جان سانى كۆپ، كوللېكتىپتىن بەرگەن ئاشلىق يەتمەيدىكەن، باللىرىمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ چىدىمايدىكەنمەن، شۇڭا ئامالسىز بۇ ئىشنى قىلىپ سالىمەن، بىر قېتىم......

— نىمە بىر قېتىم،— دېدى مامۇت قەتئىي تەلەپپۇزدا،— سەن-لەرنىڭ ھەممىڭ بىر قېتىملا دەيسەن شۇ.

بۇ ئادەم مامۇتنىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى مامۇتقا ئۈمىد، يېلىنىش نەزىرى بىلەن تىكىپ، ئالەمدىكى چىرايلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممە ئىشنى «كېسىپ» قىلىدىغان مامۇت ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. ئۇ بۇ ئادەمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تاغاردىكى قوناق باشلىرىنى ئاقلىتىپ پاخلىدىن ئايرىتتى. ئۆزى بولسا تارتمىسىدىن بىر كاللەك ئىنچىكە سىمنى ئېلىپ ھەربىر باش قوناقنىڭ ئۇتتۇرىسىدىن خۇددى زەنجىر توقۇغاندەك باغلاپ چىقتى.

تاڭ سۈزۈلدى، مامۇت ئىشخانا ئىشىكىنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئۆيمۇئۆي بېرىپ مەھەللە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا جىددىي يىغىن

ئىچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ھەممە ئادەمگە ئىبرەت قىلىشىم كېرەك، مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى، خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدىغانلىقىمنى ھەممىگە تونۇتۇپ، غوجا ئاكىسىدىن ئەيمىنىدىغان قىلىمسام، دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى.

سەھەر، قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ، ئالتۇن نۇرلىرىنى زېمىنغا تەكشى سېپىشكە باشلىغان چاغدا مەھەللە ئىشخانىسى ئالدىغا ئەر - ئايال، قېرى - ياش ئەزالارنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا نېمە يىغىن ئېچىلىدىغانلىقىغا بولغان بىر خىل قىزىقىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. مەھەللە باشلىقى بولسا ماۋۇتنى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراشقىمۇ پېتىنالماي، بىر چەتتىكى كېلەڭسىز ياغاچ ئورۇندۇقتا قاققان قوزۇقتەك جىمجىت ئولتۇراتتى. بىرپەستىن كېيىن ماۋۇت گىدىيىپ ئورنىدىن تۇردى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، — مەن بۈگۈن چوڭ بىر مەسىلىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلماقچى، يېقىندىن بېرى مەھەللىمىزنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى بەكمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئىستىل جەھەتتە چىرىكلىشىش، مال - مۈلۈككە سوغۇق قول تەگكۈزۈش قىلمىشلىرى ئەدەپ كەتتى، — ماۋۇت سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ ئەزالار ئىچىدە تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرغان ھېلىقى چوكانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ماۋۇتقا تىكىلىپ ئولتۇرغان چوكاننىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، ئاستا يەرگە قارىۋالدى. ماۋۇت يەنە مەھەللە باشلىقىغا قارىدى. مەھەللە باشلىقى بولسا خۇددى ئورۇندۇقتىن مىخ ئۈنۈپ چىققاندەك تىپىرلاپ ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. ماۋۇت يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كېچىدە چارلاش خىزمىتىنى ئىشلەۋېتىپ كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلۈكىنى ئوغرىلىغان بىر ئوغرىنى تۇتۇۋالدىم. بۈگۈن بىز ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

ماۋۇتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مەھەللە باشلىقى بىلەن ھېلىقى چوكاننىڭ يۈرىكى بىرئاز جايىغا چۈشكەندەك بولدى. ماۋۇت سۆزىنى تۈگىتىپ ئىتتىك بېرىپ ئىشخانا ئىشىكىنى ئېچىپ «بۇياققا

چىق» دەپ بىرسىگە بۇيرۇق قىلدى. بىر كىچىنىڭ ئىچىدىلا قىرىپ مۇكچىيىپ قالغاندەك پۈكۈلۈپ قالغان مەھەللە باشلىقىنىڭ تاغىسى بىشنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئىشخانىدىن سالپىيىپ چىقىپ كەلدى.

— سەن كۆپچىلىك ئالدىدا قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئۆزۈڭنى تەكشۈر!

بۇ مەنزىرىدىن ھاڭ - تاڭ قالغان مەھەللە باشلىقىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. تاغىسىنىڭ خوتۇن - باللىرى چۇرقىرىشىپ يىغلاپ كەتتى. كىشىلەر ياقىلىرىنى چىشلىگىنىچە ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. مەھەللە باشلىقىنىڭ تاغىسى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلغان ھالدا ئۆزىنىڭ غۇربەتچىلىك، موھتاجلىق تۈپەيلىدىن بۇ ئىشنى قىلىپ سالغانلىقىنى پۇشايمان ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويدى. مەھەللىدىكى مويسىپىتلار ئارىغا چۈشۈپ بۇ ئىشنى بولدى قىلىشنى ئۆتۈنگەنىدى، مامۇت تاشتەك قېتىۋالدى.

— جىنايەت سادىر قىلغان ئادەمنى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، — دېدى مامۇت ۋارقىراپ. ئەمما، ئۇ قايسى قانۇننىڭ قايسى ماددىسىدا بۇنداق ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇل - تەدبىرلىرى بەلگىلەنگەن ياكى بەلگىلەنمىگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، — بۇ ئىشنى ئۇنداق ئاسان بولدى قىلىشقا بولمايدۇ، مەھەللىمۇ مەھەللە ئايرىپ سازايى قىلىش كېرەك، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ مەھەللىدە مەنلا بولىدىكەنمەن، قانۇنغا خىلاپ ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىغا ئەسلا يول قويمايمەن!

مامۇت شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. كىشىلەر «ئەمدى نېمىش قىلار؟» دېگەندەك ئۇنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە بويۇنداپ قاراشتى. مامۇت ئىشخانىسىدىن كىچە سىمدا باغلاپ تەييار قىلىپ قويغان قوناقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مەھەللە باشلىقىنىڭ تاغىسىنىڭ بويىنىغا ئاستى. يىگىرمە - ئوتتۇز باش قوناق باغلانغان ئىنچىكە سىم ئۇنىڭ ئەتىسىز بويىنىغا چوڭقۇر پېتىپ چىدىغۇسىز ئاغرىتىۋەتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا نومۇس، ئىزا - ئاھانەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى بىر چەتتە بۇتتەك

قېتىپ ئۆلتۈرگەن مەھەللە باشلىقىغا تىكتى. لېكىن، ئۇ مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. باشقا چاغ بولغان بولسا ئىدى، ئۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن مامۇتتەكلەرنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ، بۇ ئىشنى باشقىچە بىر تەرەپ قىلغان بولاتتى. بىراق، بىچارىنىڭ تۇمشۇقىغا ئۆتكۈزۈلگەن قارماقنىڭ يىپى مامۇتنىڭ قولىدا - دە!

مامۇت شۇنداق قىلىپ ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالمىدى، ئۇ بۇ بىچارە ئادەمنى ئالدىغا سالغان پېتى مەھەللىمۇ مەھەللە سازايى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مامۇتنىڭ نامى يىراق - يېقىنغا بىراقلا تارىلىپ كەتتى. مەھەللىدە ئۇنىڭ گېپى چوڭ، دېگىنى دېگەندى. مەھەللە باشلىقىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قورۇق جازىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھاۋا تازا قىزىغان بىر چۈشلۈكى مامۇت مەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان قادىر تورغاينىڭ ئۆيى ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئىسسىقتا تولا يول مېڭىپ تاڭلىيى قورۇغان مامۇتنىڭ ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈسى كەلدى. ئۇ قادىر تورغاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىرەر چىنە سوغۇق سۇ ئىچىش ئىستىكىدە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئىشىكنى ئىتتەردى، ئىشىك ئىچىدىن يوغان بىر ياغاچ بىلەن تاقاپ قويۇلغانىدى. مامۇت ئىشىك يوچۇقىدىن ھويلا ئىچىگە قارىدى. قادىر تورغاينىڭ 15 ياشلاردىكى ئەما قىزى ھويلىدىكى سۇپا ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى. قاتتىق ئىسسىق دەستىدىن بولسا كېرەك، ئۇ قىز گۈللۈك گىرىپ كۆڭلىكىنى يوقىرىغا سۈرۈپ قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. مامۇتنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، شۆلگەيلىرى ئاقتى. توساتتىنلا ھېلىقى ئاخشامدىكى — ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن، چەكسىز شادلىق، ھۇزۇر ئاتا قىلغان ئاشۇ ئىشنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ياۋايى كۈچ غەليان كۆتۈرۈپ، يۈرىكى ئوت بولۇپ ياندى، ئۇ ھويلىنىڭ ئالدىدىكى سۆگۈ تېرەكتىن بىر تال تاياقنى سۇندۇرۇپ كېلىپ ئىشىك يوچۇقىدىن پەم بىلەن كىرگۈزۈپ ئىشىككە تىرەپ قويۇلغان دەمنى تېرىققىدە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۇگۇشلۇق بولغان بۇ ئىشىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. مامۇت ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. مامۇتنىڭ يۈرىكى توختىماي دۇپۇلدەيتتى. قوللىرى يېنىك تىترەيتتى. تىنىقلىرى تېزلىشىپ ئېغىر - ئېغىر

پۈشۈلدايتتى. قىز بولسا ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ھالدا يېنىك تىنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مامۇت ئېھتىيات بىلەن سوپا ئۈستىگە چىقىپ قىزنىڭ كۆڭلىكىنى يۇقىرىغا ئاستا قايرىدى. قىزنىڭ كۆكرەكلىرى ئېچىلىپ قالدى. مامۇت قىزنىڭ دىڭگىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن قىز «ئانا!» دەپ توۋلىۋەتتى. مامۇت خۇددى ياۋا توڭگۇزدەك قىزنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. قىز ۋۇجۇدىنى خورلاۋاتقان بۇ مەخلۇقنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمايتتى. ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، مامۇتنىڭ يۈز، كۆزلىرىنى قامىللاپ تاتىلايتتى. مامۇت چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ ئىككى بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئىككى يانغا كېرىگىنىچە ئۇنىڭ ۋارقىراۋاتقان ئېغىزىغا ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى.

— ۋاقىرا، قاتتىق ۋاقىرا، سېنىڭ بۇ ياقا پۈشقاقتىكى ئۆيۈڭدە ۋاقىرىغىنىڭنى كىممۇ ئاڭلايتتى، — دېدى مامۇت باسماققا چۈشكەن قۇشقاچتەك تىپىرلاۋاتقان قىزنىڭ كىيىملىرىنى تارتقۇشلاپ.

— ھەي، مامۇت، سەن مەھەللە ساقچىسى تۇرۇپ ئادەم بوزەك ئېتەمسەن؟ مېنى قويۇۋەت! — مامۇتنى ئاۋازىدىن تونۇۋالغان قىز بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدى.

— ساقچى بىر ئىش قىلالمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانمىدىڭ، ئەمدى ۋاقىرىما بوغماق، ساقچىمۇ ئوخشاشلا ئادەم......

قىز ھەرقانچە قىلسىمۇ قوتازدەك كۈچلۈك مامۇتقا تەڭ كېلەلمىدى. مامۇت ئاخىر قىلغۇلۇقنى قىلدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشتى- دە، خورلۇق نومۇستىن ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان قىزغا قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ، خۇددى چوڭ جەڭدە غەلىبە قازانغان گېنىرالدەك گىدىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن مامۇتنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرى، ئارزۇ-ئۇمىدلىرى خۇددى سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىققان سوپۇن مازغىپىدەك بىراقلا غايىب بولدى. چۈنكى، ئۇ باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن سەككىز يىللىق كېسىلىپ كەتتى. مانا شۇ چاغدىلا ھە دېسىلا قانۇن، جىنايەتتىن سۆز ئاچىدىغان مامۇت نېمىنىڭ قانۇن، نېمىنىڭ جىنايەت

ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتى. كىشىلەر «خەقنىڭ قىساسى تۇتتى، خوپ بولدى، تېرىسىگە سىغماي كۆرەڭلەپ كەتكەنتى ئۇ چۈپرەندە» دېيىشتى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ «ھەي، بۇ ماموت تازا بىر كاشىلا ئادەمكەن جۇمۇ» دېۋىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ «كاشىلا» دېگەن بۇ لەقەم ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا خۇددى ئۆز فامىلىسىدەك ئۆزلىشىپ كەتتى......

— ھەي،— دېدى ماموت كاشىلا ئېغىر خورسىنغان ھالدا جاۋغايلىرىغا قونۇۋالغان چىۋىنلەرنى ئۇركۇتكەچ موخوركىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ،— ئاشۇ بىر قېتىملىق ئەقىلسىزلىكىم بولمىغان بولسا مەنمۇ بۇ چاغقا چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتمەسمىدىم. مەيلىلا، ئۇمۇ ئوغۇل بالىچىلىق، كاساپەتنىڭ كۆزى ئەما بولمىغان بولسا شۇ چاغدىكى تەلۋىلىكىمنى، شادلىقتىن يۇمۇلۇپ خومارلاشقان كۆزلىرىمنى كۆرەلىگەن بولسا ھە...... ھى...... ھى......

ماموت كاشىلا خىرىلداپ كۈلگىنىچە ئىختىيارسىز لەۋلىرىنى تامشىتىپ قويدى. ئۇ تېخى نۇرغۇن شېرىن خىياللارنى سۈرۈشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئېتىزلىقتىن ھارغىن ھالەتتە قايتىپ كەلگەن خوتۇنى ئىشىكتىن كىرىپلا جاۋىلداپ قاقشىغىنىچە ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— تووا خۇدايىم، تووا،— دېدى ماموت كاشىلىنىڭ خوتۇنى زەردە بىلەن،— بۇ نەس باسقان ئۆيدىن ئەجەبمۇ تويدۇم، ئاغزىلىرىغا چىۋىن چىچىپ سالسىمۇ ئۇركۇتكىلى خۇشياقماي ئولتۇرۇپلا، ئىسىت، ئىسىت، بايىدىن بېرى مۇشۇ پېتى ئولتۇردىلىما؟ ماۋۇ قويلار مەرىشىپ كاڭشىپ كېتىپتۇ، بىر غەلۋىر سامان تاسقاپ ھەلەپ ئېتىپ رۇۋاننى بېسىقتۇرسىلا بولماسمىدى؟ يا ئېتىز ئىشلىرىغا قولىنى ئەگرى قىلمىغان، جېنىم ئېقىپ كەتكۇدەك مېنىڭ بۇ ئۆيدە......

— ھەي، نېمە قانجۇق ئىتتەك كاڭشىيسەن،— دېدى ماموت كاشىلا خوتۇنىغا ھۆرپىيىپ،— بۇ نەس باسقۇر ئۆيدىن جاق تويۇپ جېنىڭ ئېقىپ كەتكۇدەك مەن بېشىڭدا تۇگمەن تېشى چۆرىدىمما؟

— ئەتىدىن كەچكىچە شەيدۇللانىڭ قانجۇقىدەك لەكىلدەپ

يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يورغىلايدىلا، ئۆيدە ئولتۇرغاندىمۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىدىغان گەپ يوق، ماڭا نېمە كۈن بۇ......

— يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يورغىلىسامۇ، شۇ خىزمەت ئىشىنى ھەل قىلىمەن دەپ......

— قويسىلا ئۇنداق قۇتا خىزمەتنى، — مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۆمۈرلىرىدە بىرەر خىزمەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىلا كاشكى، نى - نى ئوقۇپ كەلگەنلەر خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي يۈرگەن يەردە سىلىدەك ئاق نانچىغا نەدىكى خىزمەتكەن ئۇ؟

— ھەي، ئەقلىڭە توخۇ چېچىۋەتكەن دېۋەك خوتۇن، مەن دېگەن ساقچى ۋاقتىمدا بارغۇ، نۇرغۇن دېلولارنى پاش قىلغان ئادەممەن......

— ھىم...... — مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى ئۇنى مەڭسىتمىگەندەك دىمىقىنى قىقىپ قويۇپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر باغلام كۆك بېدىنى قولتۇقلاپ قوي ئېغىلىغا كىرىپ كەتتى. مامۇت كاشىلا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ بۇ ۋېلىسىپىتنى تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاققا قالماي سېتىۋالغانىدى. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ قەدىناس ۋېلىسىپىتتىن ئايرىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى ئوغلىمۇ ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ ۋېلىسىپىتكە چېقىلالمايتتى. مامۇت كاشىلا بۇ ۋېلىسىپىتنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى، قەيەرگە ماڭسا ئۇنىڭ ئىككى «قۇلىقى» دىن تۇتۇپ ماڭغىنى ماڭغانىدى. ۋېلىسىپىت كونىراپ كەتكەچكە مىنىپ ماڭسا ھەممە يەرلىرى قولاق - مېڭىنى يەۋەتكۈدەك سەت جالاقشىيتتى. ئۇنىڭدا تورمۇز دېگەندەك نەرسىلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مامۇت كاشىلا ئۇنى بىر مىنىپ ماڭىدىغان بولسا، كىشىلەر يىراقتىنلا ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. ناۋادا ئۇ ئىتتىك كېتىۋاتقاندا ئالدىغا بىرەر تونۇش - بىلىشلىرى ئۇچراپ قالسا ۋېلىسىپىتنى دەرھال توختىتالماي، سەكرەپ چۈشۈپ نەچچە ئون مېتىر يەرگىچە ۋېلىسىپىت بىلەن بىرگە يۈگۈرۈپ باراتتى. باشقىلار «مامۇت ئاخۇن، ھېسامدىن سېتىۋالغان بۇ

ۋېلىسىپىتنىڭ ئالماشتۇرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ» دەپ چاقچاق قىلسا ئۇ مىيىقىدىلا كۈلۈپ قوياتتى. مامۇت كاشىلا بۈگۈنمۇ «خىزمەت»نى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆي بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئارىلىقىدا كۆپ قاتنىغان بۇ ۋاپادار «دۈلدۈل» غا مىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى......

بۈگۈن مامۇت كاشىلىنىڭ ئۆيى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى جانلىنىپ كەتتى. كۈندە چۈش بولاي دېگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئىشنى خوتۇنىغا يۈكلەپ قويىدىغان مامۇت كاشىلا سەھەر تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قولىغا چېلەك، سۈپۈرگە ئېلىپ ھويلا - ئاراملىرىنى تازىلاپ، سۇ سېپىپ چىنىدەك قىلىۋەتتى. ھويلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا چېچىلىپ ياتقان مايمۇن ئورغاق، كونا چاپان، چىۋىن - كۇمۇتىلارغا بايراملىق بولغان چۈۋۈق سېۋەتتىكى سېسىق ئۆرۈك، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ كېرەكسىز كامېرى، تۆشۈك چېلەك دېگەندەك لاقا - لۇقىلارنىڭ ھەممىسى بارار جايىنى تاپقاچقا، ھويلىغا باشقىچە ئىسكەت كىرىپ قالدى. قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن تىلەپ كىرگەن كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم مېھمانخانا ئۆيىدە ئوتقاشتەك چاقنايتتى. ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا مامۇت كاشىلا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن قاسساپ ئۇستام بىر پاقلاننى بوغۇزلاپ سويۇۋاتاتتى. مامۇت كاشىلا قولىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ھويلىنىڭ سىرتىدىكى تونۇرغا شاخ - شۇمبىلارنى بولۇشىغا كەپلەپ ئوت ياقتى. تونۇردىن دولقۇنلاپ كۆتۈرۈلگەن يالقۇننى كۆرگەن مامۇت كاشىلىنىڭ يۈرەكلىرى داۋالغۇپ كەتتى. ئۇ تۈنۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغاندا، شۇ يەردە ئىشلەيدىغان «مەسلىھەتدىشى» تۇرسۇن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلغان. «ھەي مامۇت ئاخۇن، راستىنى دېسەم سىلىگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭمۇ كۆزى يوقكەن، نەدىكى بىر نېمىلەر خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، سىلىگە كەلگەندە شۇ، تەلىيىڭلار ئەجەب كاج كېلىپ قالدى سىلىنىڭ. ھە راست، ئەتە سىلىنىڭ كەنتتە قوناق پەرۋىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدۇ، قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماپتۇ، دەيدىغان گەپ بار، سىلىمۇ بىر يولىنى قىلىڭلا، يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئايۇپ پاقلان كاۋىپىغا ئامراق، بىرەر چىچقاق پاقلاننىڭ بېشىنى كېسىپ كاۋاپ قىلىپ

ئا شوجىنى ئۆيۈڭلىگە باشلاڭلا، قالغىنىغا مەنمۇ ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەرمەن» .
شۇلارنى ئويلىغان مامۇت كاشىلىنىڭ كۆڭلى تونۇردىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇندەك ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. «تۇرسۇن توغرا ئېيتىدۇ، دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، بۇ تەشكىلنىڭ زادىلا كۆزى يوقكەن، چىچىنى ئالا - چىپار قىلىپ بويىۋېلىپ خۇددى تاشقا قوزۇق قاققاندەك ئاۋاز چىقىرىپ غىت - غىت دەسسەپ يۈرىدىغان نايناقلاردىن نەچچىسى ئىشلەۋاتىدۇ بۇ يېزىدا، مېنىڭ ئۇلاردىن نەرىم كەم، ئۇلار قىلغان بىر يىللىق خىزمەتنى ماڭا بېرىدىغان بولسا بىر كۈندىلا پۈتكۈزۈۋېتىمەن. خەپ، بۇگۇن ئاشۇ ئا شوجى دېگەننىڭ كانىيىنى ئوبدان بىر ياغلاپ قوياي. ئىشىم ئوڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.»
مامۇت كاشىلا ساپىسېرىق شىردالغان پاقلان گۆشىنى تونۇرغا يەم بىلەن تىقىپ خۇيلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ خۇددى باشلىقلارغا خاس سالاپەت بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى:
— ھوي خوتۇن، ئەمىسە مەن مېھمانلارنى باشلاپ كېلەي، ئاڭغىچە سىلىمۇ مىسلداپ يۈرمەي ھەممە ئىشلارنى جايىدا جايلاشتۇرغاچ تۇرۇڭلا.
— ماقۇل،— مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى ئاشخانىدىن چىقماي جاۋاب بەردى.
مامۇت كاشىلا يىغىن مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، يىغىن تۈگەي دەپ قالغانىدى. ئۇ يىغىن قاتناشچىلىرى ئىچىدىن تۇرسۇننى ئىزدەپ تاپتى.
— قانداق بولدى؟— سورىدى مامۇت كاشىلا تۇرسۇندىن،— ئا شوجىغا دېدىلىمۇ؟
— دېيىشنىغۇ دېدىم، بىراق،— دېدى تۇرسۇن گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ،— ئا شوجى ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەيۋاتىدۇ.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولغان تۇرسام.

— يىغىن تۈگىگەندە ئۆزۈڭلا بىرىپ قاتتىق تۇرۇۋېلىڭلا مامۇت ئاخۇن، ئا شۇجىمۇ كۆڭۈلچەك ئادەم، گىپىڭلىنى يەردە قويماس.

يىغىن تۈگەپ ئايۇپ شۇجى ماشىنىسى تەرەپكە مېڭىشىغا مامۇت كاشىلا ئىككى تاقلاپلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شۇجى، — مامۇت كاشىلا ئىككى قولىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە ئايۇپ شۇجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ خۇشياقمىغان ھالەتتە چىقارغان ئوڭ قولىنى بىلەكلىرى بىلەن قوشۇپ تۇتتى، — بۈگۈن كەنتىمىزگە ئاران بىر كەلگەن چاغلىرىدا بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يەيلى دەپ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

— بولدى رەھمەت، ھازىر يېزىغا قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئايۇپ شۇجى مامۇت كاشىلىغا تىكىلىپ قاراپ، — باشقا چاغدا بارارمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە جېنىم شۇجى، ھازىر ئۆيدە باللارمۇ سىلىنى كېلىدۇ دەپ تەييارلىق قىلىپ قالدى، «كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا» دەپتىكەن، بارمىسىلا بىزنى ياراتماپتۇ دەپ خاپا بولۇپ قالىمىز.

— ئا شۇجى، مامۇت ئاخۇن بەك چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەن تۇرسۇنمۇ گەپ قىستۇرۇپ، — كۆڭلى بەك ئىنچىكە ئادەم بۇ، ھەرقانداق بولسا بىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قايتسىلا.

ئايۇپ شۇجى ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ مامۇت كاشىلىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا قوشۇلدى.

داستىخان سېلىندى. ئىسسىق تونۇر كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. مېھمانلار بىردەم ئىشتىھا بىلەن كاۋاپ يەپ، تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بىر پەستىن كېيىن مامۇت كاشىلا يوغان بىر شىرەنى كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا گۇسسىدە قويدى. ئاڭغۇچە ئۇنىڭ كەينىدىن سۈگدىشىپ كىرگەن خوتۇنىمۇ قولىدىكى ئىككى تەخسە ھورى ئۆرلەپ تۇرغان ئۆپكە - ھېسىپنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ ئولگۈردى.

— ئەمدى نېمىش بۇ مامۇت ئاخۇن، — دېدى ئايۇپ شۇجى مامۇت كاشىلىغا قاراپ.

— مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەندە بىرەر - يېرىمدەم مۇگدىشىپ

ئولتۇرارمىز دەپ ئاخشام ئىمىن مەيزاپىنىڭ ئۆيىدىن قورۇق ئۆزۈمدە سالغان مەيزاپتىن بىر قاپاق ئەكېلىپ قويغانىدىم، بىرەر پىيالىدىن ئوتلىغاچ ئولتۇرايلى،ــ مامۇت كاشىلا ئايۇپ شوجىغا قاراپ خۇشامەتكويلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئايۇپ شوجىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۇرسۇنمۇ مامۇت كاشىلىغا قاراپ «ئىشىڭ جايىدا» دېگەندەك كۆز قىسىپ ھىجىيىپ قويدى. مامۇت كاشىلا شىرە ئالدىغا كېلىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى-دە، بىر لېگەننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى پىيالىنى قويۇپ قاپاقتىن بۇقۇلدىتىپ مەيزاپ قۇيدى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن لېگەننى قولىغا ئېلىپ:

ــ قېنى ئا شوجى، كەلسىلە، تەييارلىقىمىز قاتتىق - قۇرۇق بولۇپ قالدى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، بىرەر پىيالىدىن ئىچىشكەچ ئولتۇرايلى،ــ دېدى.

ــ كۆپ جۇۋاپ كېتىپسىلە مامۇت ئاخۇن،ــ دېدى ئايۇپ شوجى تەكەللۇپ بىلەن پىيالىگە قول ئۇزىتىپ،ــ بۇ ئىشنى قىلمىساقمۇ بولاتتى. قېنى ئەمسە خوشە.

قىرتاق مەيزاپنى غورتۇلدىتىپ ئىچكەن مامۇت كاشىلىنىڭ كانايلىرى ئېچىشىپ يېنىك يۆتىلىپ قويدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا بىر داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تال تاياقنى توغرىسىغا ئۆتكۈزۈپ مېھمانلارنى ھە دەپ يەلپۈۋاتاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم قاپاق مەيزاپ ئىچىلىپ بولدى. داستىخاننىڭ بىر چېتىدە جىمجىت ئولتۇرغان شوپۇر ئۇستامدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كۆزلىرى خۇمارلاشقانىدى.

ــ مامۇت ئاخۇن،ــ دېدى تۇرسۇن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،ــ مۇنداق قىزىق گەپلىرىڭلا، يۈرەك سۆزلىرىڭلا يوقمۇ دەيدىغان؟

ــ مەن شۇ،ــ دېدى مامۇت كاشىلا خىجىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا،ــ ئازراق بىرنەرسە ئىچتىمما، دەيدىغان گېپىمنى تاپالماي قالىمەن. شۇنداق بولسىمۇ بىرەر ئېغىز بىرنەرسە دەپ بېرىپ ئىچەي.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپىدا،
كۆيدى پېشانەم.
مۇرادىغا يېتەلمىگەن،
تەتۈر پېشانەم.

ماموت كاشىلىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تىترەك ئارىلاش ئاخىرلاشتى. ئۇ قولىدىكى مەيزاپنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئەلەڭلەشكەن نۇرسىز كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلداپ كەتتى.

— ئەجەب مەنىلىك بېيىتكىنا بۇ، ماموت ئاخۇن، — دېدى تۇرسۇن ماموت كاشىلىغا كۈلۈمسىرەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئايۇپ شۇجىغا قاراپ سۆزىنى يۆتكىدى، — ھەي، ئا شۇجى، مۇشۇ ماموت ئاخۇننىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان ئادەم، بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولساق ياخشى بولاتتى.

— قانداق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىز؟ — ئايۇپ شۇجى تۇرسۇنغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— يېزىدىكى بىرەر ئىدارە - جەمئىيەتتىن مۇۋاپىق ئىش تېپىلىپ قالار ئىدى.

— قايسى ئورۇندا مۇۋاپىق ئىش بار دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىمىزنىڭ ئىشتاتى ئېشىپ كېتىگىلىك. ئىش تېپىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى قەيەردىن چىقىرىپ بېرىمىز. ھازىر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشىلىنىپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئازراقلا كاللا ئىشلەتسە بېيىپ كېتىۋاتىدۇ. ماموت ئاخۇنمۇ شۇنداق قىلسا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن تۇرسۇن قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا قالدى. ماموت كاشىلىنىڭ قوللىرى تىترەپ، چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى.

كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغدا ماموت كاشىلىنىڭ ئۆيىدىكى سورۇنمۇ ئاخىرلاشتى.

— بۈگۈن كۆپ جاپاغا سېلىپ قويدۇم، — دېدى ئايۇپ شۇجى قايتار چېغىدا مامۇت كاشىلىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — مۇنداق بىرەر ئىش - كۈشلىرىڭىز چىقىپ قالسا ھە دەسىز.

— ماقۇل ئا شۇجى، — مامۇت كاشىلىنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئېچىلغاندەك بولدى.

— ئەجەب دىتى يوق ئادەمكەنسىلە، — دېدى تۇرسۇن مامۇت كاشىلىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ بىر چەتكە تارتىپ پەس ئاۋازدا، — شۇنچە تىرىشىپ ئىشنىڭ بېشىنى باشلاپ بەرسەم، ئامۇت ئالغان خورجۇندەك بېزىرىپ ئولتۇردۇڭلىيا. ھېلىمۇ ياخشى ئا شۇجى ئىش - كۈشلىرىڭلا بولسا ھە دەسىلە دەپ قويدى، ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ تارتىنماي ئىشخانىسىغا بېرىپ تەلىپىڭلارنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇۋېرىڭلا، «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدۇ» دېگەن گەپ بار جۇمۇ مامۇت ئاخۇن.

مامۇت كاشىلا لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ماشىنا قوزغالدى. مامۇت كاشىلا ئاغزىنى ئاچقان پېتى توپا - چاڭ توزۇتىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدى، مۇراد - مەقسىتى، شېرىن خىيالى ئاشۇ ماشىنا بىلەن، ماشىنىنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ ئولتۇرغان ئايۇپ شۇجى بىلەن بىللە كەتكەندەك، ئۇنىڭ بۈيۈك ئارزۇسى ئەتىلا ئاشۇ ماشىنا ئىچىدىن چېچەكلەپ چىقىپ مېۋە بېرىدىغاندەك ئۇنىڭغا بىر خىل تاتلىق تۇيغۇ ئاتا قىلماقتا ئىدى.

ئەتىسى ئايۇپ شۇجى ئەمدىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۈستىلىدىكى ماتېرىياللارنى رەتلەپ تۇرۇشىغا مامۇت كاشىلا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۈگۈن خېلىلا تېتىكلەپ قالغان مامۇت كاشىلا ساقىلىنى پاكىز قىرىپ، بۇرۇتىنى چىرايلىق ياسىتىۋالغان بولۇپ روھلۇق كۆرۈنەتتى.

— ھە، ئەتىگەندىلا كەپ قاپسىلىغۇ مامۇت ئاخۇن؟

— بىرەر ئىش - كۈشلىرىڭلا بولسا ھە دەسىلە دېگەنتىلە، شۇڭا......

— نېمىشتى؟

— گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا دەۋبىرەي ئا شۇجى، خىزمىتىمنى ھەل قىلىپ بېرەرمىكىن دەپ كەلگەنىدىم.
— خىزمىتىمنى؟ — ئايۇپ شۇجى مامۇت كاشىلىنىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، — قايسى خىزمىتىڭلىنى ھەل قىلىپ بېرىمەن؟
— مەن ئىلگىرى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئادەممەن، خىزمىتىمدىن قالدۇرۇلغىلىمۇ ئۇزاق يىللار بولۇپ قالدى. مەندەك خاتالاشقان يولداشلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى......
— سىلى قايسى خىزمەتنى قىلغان ئەسلي؟
— مەن ئاتمىش كۇن مەھەللە ساقچىسى بولغان.
— ئاتمىش كۇن؟ — ئايۇپ شۇجى پىخىلداپ كۇلۇۋەتتى.
— ئادەمنى مازاق قىلمىسىلا ئا شۇجى، — مامۇت كاشىلىنىڭ چىرايى توساتتىن جىددىي تۇس ئېلىپ ئۆزگەردى، — مەن شۇ خىزمىتىمنى قىلىۋەرگەن بولسام ياراتقان نەتىجىلىرىم ئارقىلىق قاتلامۇقاتلام ئۆسۈپ ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر بولۇپ قالاتتىم.
— سىلىنىڭ ھېكايەڭلەرنى مەن ئىلگىرىمۇ ئاڭلىغان، — دېدى ئايۇپ شۇجى سالماقلىق بىلەن، — سىلى ئىلگىرىكى يېزا مەسئۇللىرىغا نۇرغۇن قېتىم ئىلتىماس سۇنغان ئىكەنسىلە.
— ھېكايە ئەمەس، راست ئىش دېسىلە ئۇ، ئىلگىرىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، پىچىقى كەسمەس لاتا غىلاپ بىر نېمىلەر ئىكەن ئەمەسمۇ؟
— سىلە ئوقۇغانمۇ؟
— ئوقۇمىغان.
— يا ئوقۇش تارىخىڭلا بولمىسا، ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەرگىمۇ خىزمەت تېپىلمايۋاتقان يەردە......
— ئوقۇمىغىنىم بىلەن ئا شۇجى، — مامۇت كاشىلا ئاۋازىنى بولۇشىغا قويىۋەتتى، — مېنىڭ شەرەپلىك ئىنقىلابىي خىزمەت تارىخىم بار.
ئايۇپ شۇجى مامۇت كاشىلىنى يەنە تېرىكتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن

ئىچ- ئىچىدىن قىستاپ كېلىۋاتقان كۈلكىسىنى زورىغا بېسىۋېلىپ:

— مامۇت ئاخۇن، بۇ ئىشىڭلىنى شەخسەن مەن بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايمەن. سىلى سىڭگەن نېنىڭلىنى يەپ ئاستا قايتىپ دېھقانچىلىقىڭلىنى قىلىڭلا، ھازىر مېنىڭ جىددىي بېجىرىدىغان ئىشىم بار، — دېدى.

مامۇت كاشىلىنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، شاپ بۇرۇتلىرى .

— ئۇنداق ھەل قىلالمايمەن دەپلا ئۇزۇۋەتمىسىلە ئا شۇجى، — مامۇت كاشىلا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاق شاپاق دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ ئورا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، — ھېچ بولمىسا ئويلىشىپ كۆرۈپ مۇۋاپىق ئىش تېپىپ بېرەيلى دېسىلە.

— بولىدۇ، — دېدى ئايۇپ شۇجى بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، — سىلە ھازىر قايتىپ تۇرۇڭلا، بىز ئويلىشىپ باقايلى.

— ھە، ماۋۇ گەپلىرى جايىدا، ئەمىسە ئەتىگىچە ئويلىشىپ باقالا.

مامۇت كاشىلا سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. «توۋا، ھەقىقەتەن كاشىلا ئادەمكەن ئەمەسمۇ بۇ، يېگەن بىر چىشلەم كاۋىپى بىلەن ئىچكەن بىرنەچچە پىيالە مەيزاپىنى پۈتۈن چىقىرامدۇ-نېمە؟» ئايۇپ شۇجى شۇلارنى ئويلاپ بىرپەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن تېلېفون خاتىرىسىنى چىقىرىپ مامۇت كاشىلا تۇرۇشلۇق يولغۇن كەنتىنىڭ شۇجىسىغا تېلېفون ئۇردى.

— ۋەي، سايىت شۇجىما؟ مەن يېزىلىق پارتكومدىن ئايۇپ، سىلى ھازىر نەدىن تاپساڭلا تېپىپ ئاۋۇ «مامۇت كاشىلا» دېگەن ئادەمنىڭ ئېغىلىغا تازا يارام قويدىن بىرنى سولىۋېتىڭلا، بۇگۈندىن قالمىسۇن.

ئايۇپ شۇجىنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارامغا چۈشكەندەك بولدى. ئەمما، بۇ ئاراملىق ئۇزاققا بارمىدى. مامۇت كاشىلا ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئارام بەرمىدى. ئايۇپ شۇجىنىڭ يىرىك - يۇمشاق، سىلىق - سىپايە سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى مامۇت كاشىلىغا كار قىلمىدى. يېگەن كاۋىپىنىڭ ئورنىغا ئەكىرىپ بەرگەن قويمۇ مامۇت كاشىلىنى توسۇپ قالالمىدى. ئايۇپ شۇجى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاياغ بېسىپ سالغىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيۋاتاتتى. ئايۇپ شۇجى

بارا - بارا ئىشخانىسىغا كېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشخانىسىدا ئولتۇرغاندىمۇ مامۇت كاشىلىنىڭ يىراقتىن جالاقشىپ كەلگەن ۋېلىسىپىت ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان، ئىشىكنى مەهكەم تاقاپ تىۋىش چىقارماي ئولتۇرۇۋېلىپ باقتى. «ئەمدى كەتكەندۇ» دەپ ئىشىكنى ئاچىدىغان بولسا، مامۇت كاشىلىنىڭ خۇددى قەھرىتان قىشتىكى قېلىن قاردا ئۆرۈك شېخىغا قونۇپ پاخپىيىپ ئولتۇرغان پاختەكتەك ئىشخانا ئالدىدا توگۈلۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغاندى. ئايۇپ شۇجى ئاخىر ئۆزىدىكى بۇ روهىي بېسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر كۈنى يېزىلىق تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرىنى چاقىرىپ مامۇت كاشىلىنى مۇۋاپىق بىر ئىشقا قويۇپ ئازراق ھەق بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئايۇپ شۇجىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

مامۇت كاشىلا خىزمەت ئورنىغا بارغاندىن كېيىن كوپېراتىپنىڭ ئامبىرىدا ئوغۇت يۆتكەش، دېهقانلارغا ئوغۇت تارقىتىش دېگەندەك ئىشلارغا ياردەملىشىپ ئىش ھەققىگە ئېرىشىپ كۆڭلى بولەكچىلا ئېچىلىپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يېزىلىق هۆكۈمەت ئالدىدا تۇرسۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھە، مامۇت ئاخۇن، — دېدى تۇرسۇن مامۇت كاشىلىغا كۆڭۈل بولگەندەك قىياپەتتە، — يېڭى خىزمەت ئورنۇڭلىدا نېمىش قىلىۋاتىسلە؟

— ئامباردىن ئوغۇت يۆتكەش، ئوغۇت تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم، — دېدى مامۇت كاشىلا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇڭا دېتى يوق، پەمسىز ئادەم دەيمەن سىلىنى، سىلە تېخى ئۆز ۋەزىپەڭلىنى ئۇقالماي، خىزمەت قىلدىم، دەۋاتامسىلە؟ ئۇ دېگەن كوپېراتىپ ياللىۋالغان مەدىكارلار قىلىدىغان ئىش جۇمۇ، سىلى بارغۇ، كوپېراتىپقا يېزىدىن ئەۋەتكەن رەهبەر مۇنداق، ئىشىڭلىنى جايىدا تېپىپ قىلىڭلا.

تۇرسۇن شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇتراتقۇلۇقى مامۇت كاشىلىنىڭ يۈرىكىنى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. «هەي، ئوغۇت يۆتكەش، تارقىتىش دېگەن مەدىكارنىڭ ئىشى، هەي ئىست،

ئەجەب ئۆز ئىشىمنى ئۈزۈم تېپىپ قىلالماپتىمىنا» مامۇت كاشىلا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك دەرىجىدە جىلە بولۇپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسى ئۆزگەردى. ئۇ ھە دېسىلا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ «مەن دېگەن يېزىدىن ھەرقايسىڭنى باشقۇرغىلى كەلگەن رەھبەر» دېگەندەك سۆزلەرنى تولا قىلىپ كوپىراتىپچىكلەرنىڭ چىشىغا تېگەتتى. كوپىراتىپ رەھبەرلىرىنىڭ ئاخىر سەۋر قاچىسى توشۇپ. ئۇنى «خىزمىتى» دىن بىر يوللا بوشىتىۋەتتى.

روھىي سۇنغان مامۇت كاشىلىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى ئايۇپ شۇجىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا يەنە ئىز سېلىشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق خورلۇق، ئازاب تارتقاندەك ئېغىر ئۇھسىنىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش ئاققۇزۇپ ئايۇپ شۇجىنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. ئايۇپ شۇجى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇڭايغا توختىماي- -دىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ مامۇت كاشىلىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن، مامۇت كاشىلىنىڭ قىلىدىغان كۈندىلىك خىزمىتى سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ قورۇسىنى تازىلاش بولدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە «مەن يېزىدىن كەلگەن رەھبەر» دېگەن ئۇقۇم چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەچكە، كۈندە تازىلىق قىلىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كېلىۋاتاتتى. شۇ كۈنلەردە سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدا «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى» بويىچە تەربىيەلەش ئۆگىنىشى ئېلىپ بېرىلدى. ئۆگىنىشكە مامۇت كاشىلىنىڭ چاقىرىلمىغانلىقى ئۇنىڭغا ئەلەم بولدى، «مەن دېگەن يېزىدىن كەلگەن رەھبەر تۇرسام، نېمىشقا ئۆگىنىشكە قاتناشمىغۇدەكمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مامۇت كاشىلا قولىدىكى مەيدانغا سۇ سېپىدىغان شىلانكىنى بىر ياققا چۆرۈۋەتتى- دە، گۈس - گۈس دەسسەپ كۆكرىكىنى كېرىگىنىچە يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرگەن پېتى ئۇدۇل ماتېرىيال ئوقۇۋاتقان پونكىت باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ چۆكۈپ ئولتۇردى. كۆپچىلىك پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. پونكىت باشلىقى ئاچچىق بىلەن مامۇت كاشىلىغا قاراپ قويۇپ ماتېرىيال ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۆگىنىش ئاخىرىدا كۆپچىلىك تەسىرات سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئەمما، ھېچكىم مامۇت كاشىلىنى سۆزگە تەكلىپ قىلمىدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. «ھۇ، قوڭالتاقلار، سەنلەر تېخى غوجا ئاكاڭنىڭ كىملىكىنى بىلىشمىگەن ئوخشايسەن، مەن سىلەرگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام» مامۇت كاشىلا شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا ئۆگىنىش تاماملاندى.

— كۆپچىلىك توختاڭلار، — دېدى مامۇت كاشىلا گېلىنى قىرىپ، — مەنمۇ يېزىدىن كەلگەن رەھبەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي.

كۆپچىلىك ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى.

— مەن......

— توختاڭ، — دېدى پونكىت باشلىقى ئۇنى توسۇپ، — سىز كۆپچىلىكنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي ئۆز ئىشىڭىزنى جايىدا قىلىڭ، بۇگۈن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تازىلىق پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىدىن ئادەم كېلىدۇ. تازىلىقنى ياخشى قىلىڭ، مەسىلە كۆرۈلسە جاۋابكارلىقنى سىزدىن سۈرۈشتۈرىمەن.

— نېمە؟ — مامۇت كاشىلا ئەمدى توقۇمنى قارىنىغا ئالدى، — جاۋابكارلىقنى سىزدىن سۈرۈشتۈرىمەن؟ ھىم، سەن كىم، مەن كىم، بۇنى بىلەمسەن؟ مەن دېگەن يېزىدىن كەلگەن رەھبەر، مەن تازىلىق قىلسام سەن نېمىش قىلىسەن؟ ئەجەب گەپ قىلمىسام ھەددىڭدىن بەك ئېشىپ كەتتىڭىيا؟

— ھەي، سەن دېگەن شۆپۈكىگە پاتماي قالغان بىر چۈپرەندە، — دېدى پونكىت باشلىقى زەردە بىلەن، — تېخى كىملىكىڭنى بىلمەي يۈردۈڭما، ھۇ، لالما ئىت، كۆزۈمدىن يوقال!

ياش ھەم كۈچتۈڭگۈر پونكىت باشلىقى مامۇت كاشىلىنىڭ پوكىنىدىن تۇتقىنىچە يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ سىرتقا تاشلىدى. ئىشىك ئالدىغا پالاققىدە چۈشكەن مامۇت كاشىلا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— خەپ، سېنىڭ قىلمىشلىرىڭنى يېزىلىق پارتكومغا مەلۇم قىلىپ خىزمىتىڭدىن توختىتىمايدىغان بولسام، — دېگىنىچە ۋېلىسىپىتنى جالاقشىتىپ پونكىت قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى.......

— ھەي، مامۇت ئاخۇن، سىلىنىڭ غەلۋەڭلا قاچانمۇ تۈگەر-ھە؟ — دېدى بىرنەرسىگە جىددىي تەستىق سېلىۋاتقان ئايۇپ شۇجى مامۇت كاشىلىغا ئاچچىق بىلەن قاراپ، — ئەمدى نېمىش قىلاي دەيسىلە، ھە راست، سىلى ئىلگىرى «ساقچى» بولۇپ ئىشلەپتىكەنسىلە، سىزنى ئەمدى يېزىلىق ساقچىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ ئا شۇجى، سىلى مېنىڭ باشپاناھىم، — دېدى مامۇت كاشىلا بايىقى خاپىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، — مەن بۇ ساھەدە خېلى پىشقان، تەجرىبەم بار.

ئايۇپ شۇجى قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا بىر ۋاراق قەغەزگە كىتىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى يازدى. خەتنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم يەملەپ مامۇت كاشىلىغا تەڭلىدى.

— مانا بۇ خەتنى ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئۆز قولىغا بېرىڭ، ئەمدى ئىككىنچىلەپ مېنى ئاۋارە قىلغۇچى بولماڭ.

مامۇت كاشىلا خەتنى قولىغا ئېلىپ، ئايۇپ شۇجىنى بىرمۇنچە رەھمەت دۆۋىسىگە كۆمۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى. ئايۇپ شۇجى تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ساقچىخانا باشلىقى بىلەن بىرمۇنچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن «ئەمىسە مامۇت كاشىلىنىڭ ئىشىنى خەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار» دەپ قوشۇپ قويدى.

مامۇت كاشىلا ساقچىخانىغا يېتىپ كەلگەندە، يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن ئۆسكەن پېتى كىرىپ، يانچۇقىدىكى خەتنى ساقچىخانا باشلىقىغا بەردى. ئۇ ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئۈستىدىكى يارىشىملىق فورمىغا، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان قاسقان شەپكىسىگە ھەۋەس بىلەن قارىدى. «ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولىدىغان بولدى، مەنمۇ مۇشۇ كىيىملەرنى كىيىپ، ماڭا نوچىلىق قىلغان ئەبگارلارنىڭ ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەيدىغان بولسام خەپ»، مامۇت كاشىلىنىڭ شېرىن

خىيالى ئاخىرلاشمايلا ساقچىخانا باشلىقى يېنىدىكىلەرگە توۋلىدى:
— بۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار!
ئىككى ساقچى مامۇت كاشىلىنىڭ مۇرىسىدىن قامالللاپ تۇتقىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.
— بۇ...... بۇ نېمىش؟— مامۇت كاشىلا جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى،— مېنى ئا شۇجى ساقچىخانىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟
مامۇت كاشىلا ھەرقانچە ۋارقىرىغان بىلەن ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسى غوڭۇلداپ، پۇت - قولى بوشىشىپ، خۇددى ئېگىز تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك، ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى. كەچ كىرەي دېگەندە، ئۇ ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدى.
— مانى كۆردۈڭمۇ؟— دېدى ساقچىخانا باشلىقى قولىدىكى سېرىق تاشلىق دېلو ئارخىپىنى شىرە ئۈستىگە پاققىدە تاشلاپ،— بۇنىڭغا سېنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى خاتىرىلەنگەن.
مامۇت كاشىلا ئالدىدىكى قېلىن دېلو ئارخىپىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلانغىنى ساقچىخانا تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان باشقا بىر زەخىملەندۈرۈش دېلوسىنىڭ ئارخىپى ئىدى.
— مۇشۇ دېلودىكى قىلمىشلىرىڭ سېنى ئىككى - ئۈچ يىل تۈرمىگە قاماشقا يېتىدۇ،— ساقچىخانا باشلىقى ئاۋازىنى سەل سالماقلاشتۇردى،— قانداق قىلىسەن، تۈرمىدە يېتىشقا تۇرامسەن ياكى ئۆيۈڭدىكى تىرىكچىلىكىڭنى قىلامسەن؟
— جېنىم ئۇكام، ماڭا بىر قېتىم كەچۈرلۈك قىلىڭلار،— سەككىز يىللىق تۈرمە ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن مامۇت كاشىلىنىڭ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى،— مەن ئەمدى ئۆيدىن ھېچ يەرگە چىقمايمەن.
— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا يېزىغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماسلىق توغرىسىدا كاپالەتنامە ياز.
— مەن خەت يازالمايمەن.

— ئەسلىي ساۋاتسىز «كادىر» ئىكەنسەندە.

— ......

ماموت كاشىلا قورقىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەتكەنىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ساقچىخانا باشلىقى يېزىپ تەييارلىغان بۇندىن كېيىن چاتاق چىقارماسلىق، يېزىغا قەدەم باسماسلىق توغرىسىدىكى «كاپالەتنامە» نىڭ بىرنەچچە يېرىگە بارمىقىنى بېسىپ بەردى. ئۇ ساقچىخانا باشلىقىنىڭ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ دېگەنىدەك باش ئىشارىسىنى كۆرۈپ ساقچىخانىدىن قۇيۇندەك ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. يېزىدا رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، يېڭى يېزا باشلىقى تەيىنلىنىپ ئۇزاققا قالماي ماموت كاشىلا غوۋغاسى يەنە كۆتۈرۈلدى. بۇنداق بولۇشىغا يەنە تۇرسۇن سەۋەبچى بولدى. بىر كۈنى تۇرسۇن ماموت كاشىلىغا «سىلىنىڭ ئىشتاتىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا يېزىدىن يۇقىرىغا دوكلات يوللىدى، سىلىمۇ سوغا چۆشكەن تاشتەك يوقاپلا كەتمەي پات - پات سۈيلەپ تۇرۇڭلا» دەپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ماموت كاشىلا يېزا باشلىقىنى ئىزدەپ «خىزمىتى» نى ھەل قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

لېكىن، قاپقىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان، ئىشنى كەسكىن بېجىرىدىغان يېزا باشلىقى ئۇنىڭ ئايىغى چىقماس تۈتۈرۈقسىز تەلەپلى-رىنى كەسكىن رەت قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ماموت كاشىلا يېزىغا كېلىشنى توختاتمىدى. بۇ قېتىم ئۇ نىرۋىسىدىن خېلىلا كېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ جالاقشىپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار، ئىلگىرى ئۇنى گەپكە سېلىپ قىزىقچىلىق قىلىپ تاماشا كۆرۈدىغانلار ئەمدى ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ ئۇنىڭدىن دالدىلىناتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇچرىغانلا ئادەمنى تىللايدىغان بولۇۋالغانىدى. تېخى بەزىدە ئىشخانىلارنى ئارىلاپ كىرىپ بەزىلەرگە «مېنىڭ ئىشخانامدا نېمە قىلىسەن» دەپ ۋارقىرىسا، بەزىلەرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ «ھە، ئىشلەۋاتامسەن خومسى» دەپ سوراپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمەيتتى. ماموت كاشىلا پەقەت تۇرسۇننىلا ياقتۇراتتى، چۈنكى ئۇ ماموت كاشىلىغا

ئارىلاپ «ئەقىل دورىسى» ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ. تۇرسۇن بۈگۈن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىق سەۋەبىدىن يېڭى كەلگەن يېزا باشلىقىدىن بولۇشىغا تەنقىد ئاڭلىدى. بۇ ئىشنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان تۇرسۇن كۆڭلىدە بىر ئامال قىلىپ يېزا باشلىقىدىن ئۆچ ئېلىشنى پىلانلىدى. تۇرسۇننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىش بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ شەھەردىن يېزىغا يېڭىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ھېلىقى «ھاكاۋۇر» قىزنىڭ تۇرسۇننى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئىدى. نەچچە كۈن ئالدىدا تۇرسۇن بۇ قىزغا «ئۆزىڭىزدەك كېلىشكەن ئاپپاق قىزدىن بىرنى تاپسىڭىز، بىر دوستۇم بار، بىرلىكتە خالىي يەرلەرگە بېرىپ مۇڭدىشىپ كېلەيلى» دېگەندە، قىز ئۇنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىۋەتكەن ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرسۇنغا تۈزۈك چىراي ئاچماي كېلىۋاتاتتى. «خەپ، خۇددى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپتۇ دېگەندەك، بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ھەيۋىسىنى مامۇت كاشىلىنىڭ قولى ئارقىلىق سۇندۇرمىسام......» تۇرسۇن شۇلارنى ئويلاپ ئېغىرلاشقان قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ ئىشخانىسىدىن چىقىشىغا خۇددى قارىغۇ مۈشۈكتەك تىمىسقلاپ يۈرگەن مامۇت كاشىلىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ مامۇت كاشىلىنى ئاستا شەرەتلەپ چاقىردى ـ دە، ئىشخانا ئىشىكىنى گۈپپىدە تاقىدى.

ــ سىلىگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، مامۇت ئاخۇن، ــ دېدى تۇرسۇن مەككارلىق بىلەن مامۇت كاشىلىنىڭ خىرەلەشكەن نۇرسىز كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ، ــ راستىنى ئېيتسام سىلە بەك كەتكۈزۈۋەتـ ـتىڭلا، سىلىنىڭ ئىشتانىڭلا يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ كەلگەن، ئۇ باشقىلارنىڭ قولىغا كېتىپ قالدى ئەمەسمۇ.

ــ كىمنىڭ قولىغا كېتىپ قالدى؟ ــ مامۇت كاشىلىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ، قارىداپ كەتكەن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.

ــ كىمنىڭ قولىغا بولاتتى، ھېلىقى شەھەردىن كىرگەن ئېگىز بوي، ئاق پىشماق قىزغا بولمامدۇ.

ــ ھېلىقى ئىشتان كىيىپ، كالپۇكىنى قىپقىزىل بوياپ يۈرىدىغان سېرىق چاچلىق نايناقمۇ؟

— ھەببەللى، دەل ئۆزى شۇ.

— ئەستا ماۋۇ ئىشنى، مەن ھازىرلا چىقىپ......— مامۇت كاشىلا چىقىپلا ھېلىقى قىزنى بوغۇۋېتىدىغانىدەك سۈرلۈك ئەلپازدا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— ئولتۇرۇڭلا مامۇت ئاخۇن، ئولتۇرۇڭلا، تېخى ئىشنىڭ كەينىدە ئىش بار،— تۇرسۇن مامۇت كاشىلىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. مامۇت كاشىلا شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغىغاچ تۇرسۇندىن سورىدى:

— مېنىڭ ئىشتاتىمنى ئۇنىڭغا كىم بېرىۋەتتى؟

— ئەلۋەتتە، يېزا باشلىقى بېرىدۇ-دە.

— ۋۇ چۇپرەندە، نېمىشقا ماڭا قوپال تېگىدىكىن دېسەم ئەسلى ئىش مۇنداقكەندە.

— شۇڭا، مامۇت ئاخۇن، سىلى ھازىر ئالدىراقسانلىق قىلماي، ئەتە ئەتىگەندە ھەممە كادىرلار گىمناستىكا ئوينىغىلى يىغىلغان يەردە ئىككىسىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىماسىلە،— تۇرسۇن بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى،— ئېسىڭلىدا بولسۇن، بۇ سىرنى مېنىڭ ئاشكارىلاپ قويغىنىمنى ئىنىس-جىنغا دېگۈچى بولماڭلا، بولمىسا ئىشىڭلا سۇغا چىلىشىدۇ.

ئەتىگەنلىك گىمناستىكا مۇزىكىسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ مامۇت كاشىلىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ جالاقشىغان ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. گىمناستىكا ئويناۋاتقانلار «كاشىلا بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلار» دېگەندەك بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى. مامۇت كاشىلا يېزا دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ۋېلىسىپىتنى ئالدىراپ گۈللۈكنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلەپ قويۇپ ئىتتىك ماڭغىنىچە ھېلىقى قىزنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇ بىگىز بارمىقىنى قىزنىڭ كۆزىگە چىنىدى:

— ھەي، سەن نېمىش قىلىدىغان بىر نېمە بۇ يەردە-ھە؟ سۆزلە!— مامۇت كاشىلا قىزنى يەۋېتىدىغانىدەك ئەلپازدا ھۆرپىيىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى،— نېمە قاراپ تۇرىسەن، سۆزلىمەمسەن! سەن نېمىدەپ

مېنىڭ ئىشتاتىمنى ئېگىلىۋالدىڭ، يېزا باشلىقىغا قانچە پۇل پارا بەردىڭ؟ سۆزلە پاسكىنا قانجۇق، يېزا باشلىقىغا باشقا بىر نېمەڭنىمۇ بەردىڭمۇيا، ھۇ شەيتاننىڭ ئەۋلادى......

ماموت كاشىلىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تىل ـ ھاقارەتلەرگە چىداپ بولمايتتى. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز قىز شەلپەردەك قىزارغىنىچە داڭقتىپ تۇرۇپ قالدى. ماموت كاشىلىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئېتىقسىز سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆتى تاشقان يېزا باشلىقى دەرغەزەپكە كېلىپ ماموت كاشىلىنىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ تارتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن ماموت؟— دېدى ئۇ ۋارقىراپ،— ئېغىزىڭدىن چىققان ھەربىر سۆزۈڭگە ئىگە بول ـ ھە!

— مەن ئۇ ناىناققا گەپ قىلسام ساڭا نېمە دەز كەتتى؟— دېدى ماموت كاشىلا زەردە بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ،— ھە، ئۇنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۈيىقى سىرقىراپتۇ ـ دە، نومۇسنى بىلمەيدىغان پارىخور، يوقىرىنى ئالداپ تۆۋەننى باسىدىغان ئالدامچى، كاززاپ......

يېزا باشلىقىنىڭ چىڭ تۈگۈلۈپ كۆتۈرۈلگەن مۇشتى ھاۋادا پۇلاڭشىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشنى تۇرسۇن چاققانلىق بىلەن تۇتۇپ ئۆلگۈرگەنىدى.

— خاپا بولمىسىلا يېزا باشلىقى،— دېدى تۇرسۇن يېزا باشلىقىغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ ياخشچاق بولۇپ،— پوققا چالما ئاتسا يۈزىگە چاچرايدۇ، دەيدىغان گەپ بار، سىلى دېگەن كۆپنى كۆرگەن كەڭ قورساق ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمىسىلا......

شۇ ئەسنادا قايسىبىرى ساقچىخانىغا تېلېفون بېرىۋەتكەن چېغى، بىر ساقچى ماشىنىسى غۇيۇلداپ يېزا قورۇسى ئىچىگە كىرىپ توختىدى. باياتىن بېرى ھېچكىمگە بوي بەرمەي ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ سۆزلەۋاتقان ماموت كاشىلىنىڭ ئېغىزى قايىنغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا قالدى. ماشىنىدىن ئىككى ساقچى چۈشۈپ ماموت كاشىلىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ماشىنىغا ئېلىپ چىقتى.

— سەنلەر مېنى نېمشقا تۇتىشسەن؟— دەپ تىپىچەكلىدى مامۇت كاشىلا زەردىگۆش بولۇپ، — ئەرز قىلغان گۇناھمۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى توختىماي تىپىرلاۋاتقان مامۇت كاشىلىنىڭ گەجگىسىدىن مەھكەم بېسىپ ئولتۇرغان ساقچى غەزەپ بىلەن، — سېنىڭ باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ، ئوچۇقتىن ئوچۇق ھاقارەتلىگەن، ھەمىشە غوۋغا كۆتۈرۈپ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان قىلمىشىڭ سېنى جازالاشقا تامامەن يېتىدۇ.

ماشىنا يېزا قورۇسىغا قانداق تېز كىرگەن بولسا شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى نارەسىدە ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلىپ ھېلىقى قىزنى ئىزدەپ تاپتى. يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن قىزنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئېرىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تىلىدى. مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەلەملىك يىغىسى قىزنىمۇ ئېرىتتى.

مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى يەنە يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى. لام - جىم دېمەي ئىپادىسىز ئولتۇرغان يېزا باشلىقى مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنىنىڭ «جېنىم رەھبەر، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىمىسىمۇ مۇشۇ باللىرىمغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، بىچارە باللىرىم دادىسىنىڭ دەردىدە توپا بىلەن تەڭ بولۇپ كەتتى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەل ئېرىگەندەك بولدى. بالىلارنىڭ ئەتىسىز، توپا رەڭگى چىرايىغا، تىزلىرى يىرتىلىپ پەسكە ساڭگىلاپ قالغان ئىشتانلىرىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن، تېلېفونىنى قولىغا ئېلىپ ساقچىخانىغا مامۇت كاشىلىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى.

مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى يېزا قورۇسىدىن چىقىشىغا تۇرسۇن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— قانداق بولدى؟— سورىدى تۇرسۇن ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە.

— قويۇۋېتىدىغان بولدى، — دېدى مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى تۇرسۇن ئېغىر ئۇھسىنىپ، — بىچارىگە بەك ئۇۋال بولدى. ساقچىخانىغا مەنمۇ بىللە باراي.

مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنى يېزا دەرۋازىسى ئالدىدىكى تېرەككە باغلاپ قويغان ئېشەك هارۋىسىنى ئېلىپ كەلدى. ساقچىخانا ئالدىغا كەلگەندە تۇرسۇن ئۇلارنى سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ساقچىخانىغا كىرىپ كەتتى. هايال ئۆتمەي تۇرسۇن مامۇت كاشىلىنى ئەگەشتۈرۈپ ساقچىخانىدىن چىقىپ كەلدى. مامۇت كاشىلا ئىككى ئوغلىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئىككى ئوغلىمۇ تەڭلا يىغلىدى. بىر چەتتە ئېشەك هارۋىسىنى تۇتۇپ تۇرغان مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇنىمۇ ئۆزۈلمەي قۇيۇلۇۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى. شۇ تاپتا مامۇت كاشىلا ئۇنىڭغا نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ئەمدى يېزىغا كەلمەڭ دادا، — دېدى مامۇت كاشىلىنىڭ كىچىك ئوغلى دادىسىنىڭ ساقال باسقان يۈزلىرىگە يۇمران ئېڭەكلىرىنى سۈركەپ تۇرۇپ. مامۇت كاشىلا ئاۋازىنى چىقارالماي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ماقۇللۇق بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى سىلەر قايتقاچ تۇرۇڭلار، — دېدى تۇرسۇن مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا قاراپ، — مامۇت ئاخۇن كەينىڭلاردىن يەتسۇن. هە راست، ۋېلىسىپىتىڭلا قەيەردە؟

— ساقچىخانا هويلىسىدا بار، ساقچىلار ئەكىرىپ قويۇپتىكەن.

— هە، ئۇنى مەن ئاچىقىپ بېرەي، — تۇرسۇن شۇنداق دېگىنىچە ساقچىخانا هويلىسىنىڭ ئىچىدىكى تۇۋۇرۇككە يۆلەپ قويۇلغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ چىقتى.

— سىلىنى بۇ يەردىن ئاجرىتىپ چىقىرىشمۇ ئاسانغا توختىمىدى مامۇت ئاخۇن، — دېدى تۇرسۇن يىراقلاپ كېتىۋاتقان مامۇت كاشىلىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ، — يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا نەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ كىردىم. هېلىمۇ ياخشى ئۇ ئادەم گېپىمنى ئالدى.

— رەهمەت سىلىگە تۇرسۇن ئاخۇن، — دېدى مامۇت كاشىلا

لەۋلىرىنى ئۆمچەيتىپ، — بۇ جاھاندا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۆزلىرىلا چۈشىنىلا.

— ماموت ئاخۇن، خاپا بولماي بىر - ئىككى يىل سەۋر قىلغاچ تۇرۇڭلا، سىلىنىڭ ئىشنى ھەل قىلىدىغان، ئىشنى كېسىپ - كېسىپ قىلىدىغان باشلىقمۇ كېلەر بىزنىڭ بۇ يېزىغا...... شۇ چاغدا مەنمۇ بولغاندىكىن ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەرمەن.

— ......

ماموت كاشىلا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلدى - يۇ، لېكىن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ بوغۇزىغا قاپلىشىپ قېلىۋاتقان ئەلەملىك يىغا ئۇنىڭ ئاۋازىنى بوغۇپ قويدى. ئۇ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى لىغىلداپ تۇراتتى.

ماموت كاشىلا كەتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ماموت كاشىلىنىڭ قارىسى يىتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەۋەررۇك ۋېلىسىپىتىنىڭ جالاقشىغان ئاۋازى تۇرسۇننىڭ قۇلاق تۈۋىدە خېلى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

## بەربات بولغان مۇھەببەت

قەدىرىيە بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئۇ ئاخشام ياستۇققا باش قويۇپلا ئۇخلاپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېرىم كېچىگىچە كۆز يۇمالمىغانىدى.

ئۇ يەنە بىردەم ئۇخلىماقچى بولۇپ يوتقانغا بېشىنى چۆمكىدى. بىرئازدىن كېيىن دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ، يەنە بېشىنى يوتقاندىن چىقاردى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىر ئوڭدا بولۇپ يېتىپ باقتى. ئۇنىڭ تورۇسقا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئوتلۇق نۇر چاقنايتتى. بىر جۇپ كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. دېرىزە ئەينەكلىرىدىن چۈشكەن سۈس تاڭ نۇرى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ دېرىزىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. شۇ ئان سەلكىن شامال ئۆي ئىچىگە ئۇچۇپ كىردى. سەھەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسى جانغا ھۇزۇر بېغىش-لايتتى. ئۇ ساپ ھاۋادىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. باغنىڭ نېرىقى چېتىدە ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماققا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلاتتى. يىراق - يىراقلاردىن خورازلارنىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەتراپقا تويماي قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىدە تاتلىق ھاياجان دولقۇنلىماقتا ئىدى. ئۇ تەبىئەتنىڭ بۇنچىلىك گۈزەل بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى.

قەدىرىيە جايىنامازدىن قوپۇپ ھويلىغا چىقتى. ئاۋۋال ھويلا-ئارامىلارنى پاك - پاكىز سۈپۈردى، ئاندىن چېلەكلەرگە توشقۇزۇپ

قويۇلغان سۈزۈك سۈيىنى قېنىق سېپىپ، چاك - توزانلارنى بېسىقتۇردى. چاي تەييارلاپ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە ناشتا قىلدى. ناشتىدىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ھۇجرىسىمۇ بۈگۈن ئۆزگىچە سىياق كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تام تورۇسلار، ئىشىك - دېرىزىلەر، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە كۆلۈمسىرەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۆي ئىچىگە دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا يېپىۋېتىپ ئەينەككە قارىدى. ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا مەڭزىنى ئاستا سىلىدى. شۇ ئان ئۇنىڭ يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ، بۇ قىزىللىق بارا - بارا ئۇنىڭ بويۇنلىرىغىچە تاراپ كەتتى. ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغاندەك بولدى. ئاخشام يىگىتنى ئۇنىڭ مەڭزىگە تۇنجى قېتىم «چوككىدە» سۆيۈۋالغانىدى. ئۇ شۇنى ئويلاپ نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرىگەندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى.

ئۇ ھويلىغا چىقتى. ئىككى چېلەكنى ئەپكەشكە ئىلدۇرۇپ سۇغا ماڭدى. سۇنى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بۇلاقتىن ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ يالىڭاياغ ھالدا شەبنەم چۈشكەن نەمخۇش توپىغا يېنىك قەدەم بېسىپ كېتىۋاتاتتى. زىلۋا بەدىنىگە ياراشقان ئوتقاشتەك قىزىل گىرىپ كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى مەيىن شامالدا لىپىلدايتتى. ئۇنىڭ لەرزان قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرى خۇددى باھار گۈللىرى ئارىسىدا قانات يېيىپ ئۇچۇۋاتقان كېپىنەككە ئوخشايتتى.

ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل چىملىققا كەلدى. كوكات - قىياقلارنىڭ ئۈستىدە يالتىراپ تۇرغان سۈزۈك شەبنەم ئۇنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىنىڭ دۈمبىسىگە مۇزدەك تېگەتتى. شەبنەم تامچىلىرى گويا ئۇنىڭ پۇتىغا ئەمەس، يۈرىكىگە تامغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى چەكسىز شادلىققا چۆمۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەتراپقا تەكشى نەزەر تاشلىدى. چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىسى ئەكس ئېتەتتى. چىملىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غايەت زور يېشىل گىلەمدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھەربىر تال گىياھنىڭ ئۇچىغا خۇددى بىرەرى

قېتىرقىنىپ بىر تامچە - بىر تامچىدىن تېمىتىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان شەبنەم تامچىلىرى ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا ئۇنچىدەك يالتىرايتتى. چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇلدۇقلاپ تۇرغان كىچىككىنە بىر بۇلاق بار ئىدى. بۇلاق سۈيى چىملىقنى بويلاپ يىلاندەك سوزۇلغان كىچىك ئېرىق بىلەن يىراق - يىراقلارغا ئېقىپ كېتەتتى. بۇلاق سۈيىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى گويا زېمىنىنىڭ ئەللەي ناخشىسىدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى. يىراقتىكى چاتقاللىق ئارىسىدىن قۇشلارنىڭ بەس - بەستە سايرىغان شوخ، يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قەدىرىيە يېنىك قەدەملەر بىلەن بۇلاق بويىغا كەلدى - دە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. مۇزدەك بۇلاق سۈيى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سەگىتتى.

قەدىرىيە ئون ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىز ئىدى. چېھرىدىن باللارغا خاس سەبىيلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى. لېكىن، دادىسى «قىز بالا ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ» دەپ ئۇنى ئوقۇغىلى قويمىدى. ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتتى. ئۇ ئۆي ئىشلىرى، ئائىلە چىقماس دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. كۆڭلىرى زېرىككىشلىك، بوزۇقتۇرمىلىق ئىچىدە مەنىسىز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆتۈشنى ئويلىغىنىدا، ئىچ - باغرى ئۆرتىنىپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كېلەتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى مەنە قوشۇلدى. مەھەللىنىڭ چېتىدە ئولتۇرىدىغان ئائىنىسا باققالنىڭ يالغۇز ئوغلى قادىر ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەكلىپى قويدى. قادىر گەرچە نامرات دېھقان ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن بوي - بەستى كېلىشكەن، پاكىز چىراي، ئىدىتلىق يىگىت ئىدى. قويۇق قاشلىرى، ئەمدىلا خەت تارتقان ئىنچىكە بۇرۇتى ئۇنىڭ يۇملاق، بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا خويمۇ يارىشىپ تۇراتتى. قاپقارا قوي كۆزلىرى ھەمىشە كۈلۈپ تۇراتتى.

قەدىرىيە دەسلەپتە ئۇنىڭ تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى. لېكىن، قادىر ھەمىشە ئۇنىڭ كەينىدىن سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. قەيەردە ئۇچرىسا شۇ يەردە ئۇنىڭغا توي قىلىش، بىرگە ئۆتۈش

ھەققىدە گەپ قىلاتتى. قەدىرىيە ئەمدى ئۇنىڭ تەكلىپىگە «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا «ئانامدىن سوراڭ» دەيدىغان بولدى. ئۇلار ئۇچراشقاندا قەدىرىيە پىسسىڭىدە كۈلۈپ قوياتتى. بۇ خىل تاتلىق كۈلكە قادىرنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتەتتى.

ئۇچرىشىش قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قەدىرىيەنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل تاتلىق تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. ئۇ پات - پات قادىرنى ئەسلەپ قالاتتى. قادىرنىڭ سۇمباتلىق قەددى - قامىتى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرى كۆز ئالدىغا كەلگەن ھامان ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى، قول تۇتۇشۇپ ماڭغۇسى كېلەتتى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۆز - ئۆزىدىن خىجىل بولۇپ، يۈزى تاڭ شەبنىمى جىلۋە قىلىپ تۇرغان قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ كېتەتتى.

قەدىرىيە تۇنۇگۈن كەچتە قادىر بىلەن مۇشۇ بۇلاق بويىدا ئۇچراشقانىدى. قادىر بۇلاقتىن چېلەكتە سۇ ئېلىپ، قەدىرىيەنىڭ كالىلىرىنى سۇغىرىشىپ بەردى. سۇغا تويغان كالىلار ئۇلارنىڭ بەھۇزۇر مۇڭدىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرمەكچى بولغاندەك، سەل نېرىغا سۈرۈلۈپ، چىم - كوكاتلارنى يالماشقا باشلىدى. قادىر قەدىرىيەنىڭ يۇمشاق، ئوتتەك قىزىق قولىنى ئاستا تۇتتى. ئىسسىق ئالقانلاردىن تارىغان ئىللىق ھارارەت قادىرنىڭ تومۇرلىرىدا ئاقتى.

— قەدىرىيە، قاچانغىچە تەقەززا قىلىسەن مېنى؟— دېدى قادىر قەدىرىيەنىڭ لومۇلدەپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغىنىچە،— نېمىشقا ھازىرغىچە جاۋاب بەرمەيسەن؟

— ئانامدىن سوراڭ، دېدىمغۇ،— قەدىرىيە خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ھەمىشە شۇنداق دەيدىكەنسەن، ئۆزۈڭ بىر نېمە دېمەمسەن؟

— مەن نېمە دەيتتىم، ئاتا - ئانام ماقۇل دېسە مەنمۇ ماقۇل دەيمەن.

— ئۆيۈڭگە ئەلچى ئەۋەتەيمۇ ئەمىسە؟

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ.

— مېنى نامرات كۆرۈۋاتامسەنيا؟

— كىم شۇنداق دەيدىكەن؟ بۇدۇنياغا ھېچكىم بايلىق بىلەن تۇغۇلغان ئەمەس، — قەدىرىيە دومسايغىنىچە بېشىنى يانغا بۇرىدى.

— مۇشۇ گېپىڭگە رەھمەت قەدىرىيە، — قادىر قەدىرىيەنىڭ قولىنى تارتىپ، لەۋلىرىنى ئۇچلاپ، قەدىرىيەنىڭ لېۋىگە يېقىن ئەكەلدى. قەدىرىيەنىڭ يۈزلىرى لاپ قىلىپ ئوت ئالغاندەك بولۇپ، لەۋلىرىنى ئېلىپ قاچتى. شۇ ئەسنادا قادىرنىڭ لەۋلىرى قەدىرىيەنىڭ قىپقىزىل مەڭزىگە چوككىدە قىلىپ بىر تامغا بېسىپ قويدى. ئاجايىپ بىر ئوت قەدىرىيەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىغاندەك بولدى. ئۇ قوللىرىنى قادىرنىڭ قولىدىن ئىتتىك ئاجرىتىپ «قېلىن» دېگىنىچە كاللار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. كاللار ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ، چىم - كوكاتلارنى يالمىماقتا ئىدى. ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىغان، كەچكى شەپەقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شولىلىرى يىراق ئۇپۇق سىزىقىدا خىرە جىلۋە قىلاتتى......

«قادىرغۇ ياخشى بالا، — دەپ ئويلىدى قەدىرىيە كۆڭلىدە، — لېكىن، دادام گەپ يېمەسمىكى، ئەگەر دادام تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟»

— ئوبدان قوپۇپسەنمۇ، قەدىرىيە؟

قەدىرىيە چۆچۈپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپپاق كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى شىمنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان قادىر كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئوڭ مۈرىسىگە ئېلىۋالغان يوغان كەتمەننىڭ ئۆتكۈر بىسىدىن كۈچلۈك نۇر چاقنايتتى. قەدىرىيە بىرھازا جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ خىياللىرىمنى بىلىۋالغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ ۋىللىدە قىزاردى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ قەدىرىيە، — دېدى قادىر يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ئاخشامقى ئىشتىن خىجىل بولۇۋاتامسەنيا؟

— ياق، — قەدىرىيە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئېغىزىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتكەن بۇ سۆزىدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدى ۋە ئىتتىك يانغا قارىۋالدى.

— مەن پەقەت چىدىيالمىدىم قەدىرىيە، — دېدى قادىر يېلىنىش

تەلەپپۇزىدا، — ئۆيۈڭگە ئەلچى كىرگۈزەيمىكىن دەيمەن.

— بۇ ئىشقا ئالدىرىماي تۇرۇڭ قادىر، — دېدى قەدىرىيە مۇلايىملىق بىلەن، — دادامنىڭ مىجەزىنى سىز بىلمەيسىز، ياق دەپ تۇرۇۋالسا ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. مەن مۇۋاپىق پەيتتە ئانامغا ئېيتىمەن. ئانام بىر ئامال قىلىپ دادامنى بۇ ئىشقا كۆندۈرۈشى مۇمكىن.

— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەيدىغان گەپ بار قەدىرىيە، مەن ئۆيۈڭگە چوقۇم ئەلچى كىرگۈزىمەن.

— مېنىڭ دېگىنىمدەك بولسۇن قادىر، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلى، خەقلەر كۆرسە سۆز - چۆچەك قىلىشىدۇ.

قەدىرىيە سۆزىنى تۈگىتىپلا چېلەكلىرىنى بۇلاق سۈيىگە پاتۇردى. ئۇنىڭ يىلاندەك تولغىنىشىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ ئۇچى بۇلاق سۈيىگە چىلاشتى. قادىر ئەپكەشنى مۈرىسىگە ئېلىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قەدىرىيەگە تىكىلگەن پېتى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى.

قادىرنىڭ ئەلچى كىرگۈزگەنلىكى ياسىن سابىرنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. ئەلچىلەر چۈشتىلا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايى كەچ كىرگۈچە ئېچىلمىدى. ئۇ سارىخان ئانىغا ھومىيىپ قارايتتى. كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرغان چاڭگال ساقىلى توختىماي تىترەيتتى. ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان قارامتۇل، قويۇق قاشلىق، ياپىلاق يۈز بۇ ئادەمنىڭ مىجەزىنى ھېچنېمىگە سىلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

— خېلى ئەقىللىك قىز بالا بولدى، دەپ ئويلاپتىكەنمەن سېنى، — دېدى ياسىن سابىر كەچكە يېقىن قەدىرىيەنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ، — ئاخىر كېلىپ ئايىنىسا باققالنىڭ ماڭقىسىنى تاپتىڭمۇ ئەمدى؟ توۋا خۇدايىم، قايسى يۈزى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم باسقاندۇ ئۇ قەلەندەرلەر؟

قەدىرىيە دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ يالاڭ تۆشكە قاپاق ئېچىپ قارايدىغان بولساڭ، ئوشۇقۇڭنى چېقىۋېتىمەن.

ياسىن سابىر ئاچچىقىدا ئىشىكنى جالاقلىتىپ ياپقىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

قەدىرىيە بۇقۇلداپ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى. باغرى يۇمشاق ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش يامرىدى.

— يىغلىما قىزىم، مەن كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن،— دېدى سارىخان ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە،— داداڭ گەپ يېمەيدۇ بالام، مەنمۇ بالا دەپ ئۆلتۈرمىغان بولسام ئۆيدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم.

كېچە، قەدىرىيەنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. باغ تەرەپتىن تومۇزغىلارنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىر چاغدا گويا زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئاڭلانغاندەك سۇس ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، زەن سېلىپ تىڭشىدى. ناخشا ئاۋازى بۇلاق تەرەپتىن بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئىچ كىيىم بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. بىپايان كۆك قەھرىدە سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتاتتى.

تومۇچۇق مېنىڭ بولسا......يەي،
ئېتەكىمدە دان بەرسەم.....يەي.
قۇچاقىدا جان بەرسەم،
قۇچاقىدا جان بەرسەم.....يەي.

— بۇ قادىرنىڭ ئاۋازىغۇ،— قەدىرىيە دېرىزىنى تېخىمۇ ئۇلۇغ ئاچتى،— ئاھ، بىچارە، ئۇخلىيالماپتۇ - دە.

ناخشا ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ناخشىدىن بىر خىل غېرىبلىق، مۇڭ تارايتتى. قەدىرىيەنىڭ كۆزلىرىگە شۇ ئان ياش ئولاشتى. ناخشا ئاۋازى ئاستا - ئاستا پەسلەپ، يىراقلاپ كەتتى.

بۇ كېچە قەدىرىيە ئۇچۇن تولىمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى......

ئەلچىلەر قۇرۇق قول قايتىپ چىققاندىن كېيىن، قادىر كۈنلەرنى ئىنتايىن پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تونۇر ئوت كۆيەتتى. بۇ ئوت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، يۈرەك - باغرىنى لەختە - لەختە قىلماقتا ئىدى. قەدىرىيەنىڭ زىلۋا قامىتى، قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايى، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. كۈچلۈك ۋىسال تەشنالىقى ئۇنى قىينايتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ناھايىتى تەستە ئۆتمەكتە ئىدى.

مەھەللىدە بۇغداي ئورمىسى باشلىنىپ كەتتى. تورغاي چۇ - چۇلىماستا ئېتىزغا كەلگەن قادىر چۈشكىچە ئورما ئورۇدى. ئورغاق تۇتقان كۈچلۈك قوللىرى تېز - تېز ھەرىكەت قىلاتتى. تەر دەستىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ھاۋارەڭ كۆڭلىكى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى.

— نامرات بولغان گۇناھمۇ؟ — دەپ ئويلىدى قادىر قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەن بېلىنى سەل رۇسلاپ، — خەپ، ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ بايلىق يارىتىپ، ياسىن سابىرغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمسام.

كۈن تىكلەنگەن چاغدا قادىر بۇغدايلىرىنى ئورۇپ بولدى. ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. ئۇ ئورغىقىنى كۆتۈرۈپ يېرىم يولغا كەلگەندە، چەينەك كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قەدىرىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— نەگە ماڭدىڭ قەدىرىيە؟ — قادىرنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مىسكىنلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئېتىزلىققا سۇ ئېلىپ ماڭدىم، ئۆيدىكىلەر سەھەردىلا ئېتىزغا كەتكەن. ئۇسسىغانسىز، سۇ ئىچىۋېلىڭ.

قادىر چەينەكنى قولىغا ئېلىپ مۇزدەك بولاق سۈيىدىن غۇرتۇلدىتىپ قانغۇچە ئىچتى.

— داداڭ تەرسالىق قىلمىغان بولسا، — دېدى قادىر چەينەكنى قەدىرىيەگە تەڭلەۋېتىپ، — ئېتىز ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم بىر قوللۇق قىلىپ يىغىشتۇرۇۋېتەتتىم، ئىسىت......

قادىرنىڭ كۆزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ

تۇراتتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ قادىر، — دېدى قەدىرىيە مۇلايىملىق بىلەن، — سەل ۋاقىت ئۆتسۇن، دادامۇ چۈشىنىپ قالار. خوش، مەن كەتتىم ئەمىسە.

قەدىرىيە شۇنداق دەپ قادىرغا لەپپىدە قارىدى. قادىر بۇ قاراشتىن قەدىرىيەنىڭ قانداقتۇر بىرنەرسىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، نېمىنىدۇر تەقەززالىق بىلەن تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. شۇ ئان قادىرنىڭ كۆڭلىدە غەيرىي بىر خىيال، غەيرىي بىر ئىستەك بىردىنلا باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

— مەن نېمىگە بۇنچىلىك ئازابلىنىپ كېتىمەن، — دەپ ئويلىدى قادىر قەدىرىيەنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە، — قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ نىكاھ - پىكاھ دېگەنلەر، يولۇمنى قاتمۇقات مۈشكۈللەر توسۇسىمۇ پەرۋايىم پەلەك، مەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەي قويمايمەن، شۇنداق قىلسام ئۇنىڭ تەرسا دادىسى قانداق قىلالايدىكىن قېنى......

قادىر ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يانغان ۋۇجۇدىنى تېزرەك قەدىرىيەنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىستىكى چىرمىغانىدى......

— قەدىرىيە، ئۆيگە بېرىپ كاللارغا بېدە ئورۇپ بەرگىن، — دېدى ياسىن سابىر قۇرۇقدالغان چەينەكنى قەدىرىيەگە تەڭلەپ.

— دادا، ئۆيگە بېرىپ تاماق يەپ، هاۋا يانغاندا كېلىپ ئىشلىسەڭلار بولمامدۇ.

— ئاش - تاماق دېگەننى ئىش تۈگىگەندە يېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ياسىن سابىر قاپىقىنى تۈرگىنىچە، — ماڭە، ماڭ، ئادەمنىڭ ئاغزىنى غېرىچلىماي، مەن دېگەن ئىشنى قىل.

قەدىرىيە چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى.

قەدىرىيە ئورغىقنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى بېدىلىككە چىقتى. سۆسۈن رەڭ بېدە گۈللىرى مەيىن شامالدا سۇس يەلپۈنەتتى. بېدىلىكتىن دىماقنى ئېچىشتۇرغۇدەك بىر خىل قاڭسىق پۇراق بىخسىپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا ئولتۇرۇپ بېدە ئورۇشقا باشلىدى. «پىخسىق دادامغا

مال - دۇنيادىن باشقىسى بىكار ئوخشايدۇ، ئۆزى ئاچ قورساق ئىش قىلىشقا رازى، كالا - قويلىرىنىڭ ئاچ قېلىشىغا چىدىمايدۇ، بىچارە قادىر......» قەدىرىيە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

تۇيۇقسىز گۈس - گۈس دەسسەپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشى قەدىرىيەنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قادىرنى كۆردى.

— ئەكىلە ئورغاقنى، مەن ئوروپ بېرەي،— دېدى قادىر قەدىرىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ،— ئىسسىقتا قىزىرىپ كېتىپسەن.

— بولدى قىلىڭ، ھېلى ئۆيدىكىلەر كۆرۈپ قالسا سەت تۇرىدۇ.

— ئۆيۈڭدىكىلەر ئېتىزدا بۇغداي ئورۇۋاتىدۇ، كەلمەيدۇ.

— سىز ئۇلارنىمۇ كۆزىتىپ كەپسىزدە؟

قادىر جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قەدىرىيەنىڭ قولىدىكى ئورغاقنى ئېلىپلا بېدە ئورۇشقا باشلىدى. بىردەمدىلا بىر قۇچاق بېدە ئورۇلۇپ بولدى. قەدىرىيە قادىرنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىگە زوق بىلەن قاراپ قالدى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان بولسىمۇ، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىق ئىدى. پۈتكۈل ئەتراپ گويا قىپقىزىل چوغقا تولغان تونۇردەك يېلىنجايتتى. قادىرنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى چىپىلداپ تۇراتتى. يۈرىكىدە بىر تونۇر ئوت لاۋۇلدايتتى. شۇ تاپتا پۈتكۈل جاھان ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— قەدىرىيە، داداڭ نېمانداق تەرسالىق قىلىدۇ؟— دېدى قادىر تىترەڭگۈ ئاۋازدا،— مېنى نامرات كۆرۈۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئاناڭغا ئېيتقىن، داداڭغا گەپ قىلسۇن، مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، قەدىرىيە......— قادىرنىڭ تېنىقى بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتتى. ئېغىر-ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئەسەبىي كۈچ قۇترىماقتا ئىدى. قەدىرىيە لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، قەدىرىيە، بىلىمەن، سەن داداڭدىن قورقىسەن، شۇنداقمۇ؟

قەدىرىيە ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى قادىرغا تىكتى. شۇ ھالدا ئۇ تولىمۇ مەيۈس كۆرۈنەتتى.

قادىرنىڭ بۈگۈن كىچە يەنە ئۇيقۇسى قاچتى. ئىشىق قىيانى ئۇنىڭ قەلب دەرياسىدا دولقۇن ياساپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. نەمخۇش شامال يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سۈزۈك ئاسماندا تولۇن ئاي جۇلالىنىپ تۇراتتى. كۆمۈش رەڭ نۇر تاللىرى زېمىنغا تەكشى چېچىلاتتى. ئاي نۇرىدا يۈيۈنغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى يالتىراپ تۇراتتى. قادىر قەدىرىيەنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، پۈتكۈل تەبىئەت ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

قادىر قەدىرىيەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ باقتى. ئىشىك ئىچىدىن تاقالغانىدى. ئۇ ئەپچىللىك بىلەن تامغا يامىشىپ چىقىپ، ھويلىغا سەكرەپ چۈشتى. ھويلا ئىچىمۇ جىمجىت ئىدى. قادىر ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىپ ئۇدۇل ئىشىكتىن كىردى. بۇ كارىدورلۇق ئۆي بولۇپ، كارىدور ئىچىدە قاتار كەتكەن بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىدى. قادىر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، تىنىش چىقارماي بىرنەچچە ئۆينىڭ ئىشىكىنى تۇتۇپ باقتى. ھەممىسىگە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇراتتى. ئۇ كارىدورنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئىشىكى ھىم يېپىلغان ئۆي ئىچىدىن ئەركىشىنىڭ بوغۇلۇپ تارتىۋاتقان خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قادىر ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىپ كارىدورنىڭ ئوڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. بوش يېپىلغان ئىشىك ئىچىدىن بىرىنىڭ يېنىك نەپەس ئالغىنىچە، پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قادىر بۇنىڭ قەدىرىيە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ۋۇجۇدى ھاياجاندىن يېنىك تىترىدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ، يېنىك قەدەم بىلەن ئۆي ئىچىگە كىردى. يانچۇقىدىن چاقماقنى ئېلىپ ياندۇردى. ئاپپاق بىلەكلىرىنى ئىككى يېنىغا تاشلاپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قەدىرىيەنى كۆرگەن قادىرنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى.

قادىر ئىشكنى ھېم يېپىۋەتتى. بىر خىل تەقەززالىق ئۇنى قىيناماقتا ئىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ سۇپا ئۈستىگە چىقتى - دە، قەدىرىيەنىڭ يوتقىنىنى ئاستا قايرىدى.

— كىم؟— دېدى قەدىرىيە چۆچۈپ ئويغىنىپ.

— جىم،— دېدى قادىر قەدىرىيەنىڭ ئاغزىنى ئالىقنى بىلەن توسۇۋېلىپ،— بۇ مەن.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ يەرگە قانداق كىردىڭىز؟

— تامدىن ئارتىلىپ......

— تېز چىقىپ كېتىڭ. ئۆيدىكىلەر ئويغىنىپ قالسا......

قادىر قەدىرىيەنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قانماستىن سۆيۈشكە باشلىدى.

— مەن بۇنداق ئۆتۈپ كېتىشكە چىداپ تۇرالمايمەن،— دېدى قادىر بىرھازادىن كېيىن ئاستا شىۋىرلاپ،— داداڭ ھەربىر ئۇچرىسا ماڭا يەۋەتكۇدەك ھومىيىدۇ. ئۇ سېنى ماڭا ھەرگىز بەرمەيدۇ. بىز قېچىپ كېتەيلى قەدىرىيە.

— نېمە؟ بىز نەگە قېچىپ كېتىمىز؟

— گۇاڭجۇغا كېتەيلى، مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام ئۇ يەردە كاۋاپچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلساق بولىدۇ.

— ياق، ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— نېمىشقا ئەمدى، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن قېچىپ كېتىپ ئاتا - ئانامنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتسام بولمايدۇ.

— ئۇلار بىزنىڭ ئىشىمىزغا قوشۇلمايدىغان تۇرسا......

— بىرئاز تاقەت قىلايلى دېدىمغۇ، تېز چىقىپ كېتىڭ قادىر، تېز بولۇڭ، سىز بەك قاپ يۈرەك ئىكەنسىز، ئۆيدىكىلەر مۇشۇ تۇرقىمىزنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس......

قادىر ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۆي ئىچى بىرپەس جىمجىتلىققا چۆمدى. قادىر كۆزلىرىنى دېرىزىگە تىكتى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى غۇۋا

يورۇتۇپ تۇراتتى.

— مەن چىقىپ كېتەي قەدىرىيە، — دېدى قادىر پەس ئاۋازدا ئېغىر ئۇھسىنغىنىچە، — ئۆيۈڭنىڭ باغقا قارايدىغان دېرىزىسى بارلىقىنى ئەجەب ئويلىماپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دېرىزىنى چېكىمەن. سەن ئىشىكنى ئېچىپ بېرىسەن.

— ئۇنداق قىلماڭ قادىر، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. ئەمدى بۇنداق قاراملىق قىلماڭ.

قادىر چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەدىرىيەنىڭ دېرىزىسى هەر كۈنى دېگۈدەك ئۆز قەرەلىدە تىرىقلاپ تۇردى. قەدىرىيە دېرىزىنى، ئىشىكنى قەتئىي ئاچماسلىق قارارىغا كېلەتتى - يۇ، لېكىن قادىرنىڭ سېھىرلىك قوللىرى دېرىزە ئەينەكلىرىگە تەگكەن هامان ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسى ئالدىدا ئامالسىز قالاتتى. ئاتا - ئانىسىدىن هېزى بولۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىرى ئەمدى ئەنە شۇنداق شېرىن ئازاب، ئەنسىز خۇشاللىق ئىلكىدە بىر خىل رىتىم بىلەن ئۆتتۈشكە باشلىدى.

ئەتىگەندە باشلانغان شامال كەچكە يېقىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

قەدىرىيە كەچ كىرە كىرمەستىنلا يوتقانغا پۈركىنىۋالغانىدى. بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بوران ئاچ بۆرىدەك هۇۋلايتتى. دەرەخ شاخلىرى قاراسلاپ سۇناتتى. دېرىزە توختىماي جالاقلايتتى. شۇ تاپتا قەدىرىيە ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاجىز، مىسكىن، يالغۇز ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم هېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ، ۋەهىمە چىرمىۋالغانىدى. مېڭىسىدە بۇگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار خۇددى قايتا - قايتا قويۇلۇۋەرگەن كىنودەك تەكرارلىناتتى. قەدىرىيە چۈشتە ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىپ ئۇدۇل ئاشخانا ئۆيگە كىردى. ئانىسى ئوچاق بېشىدا مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن، بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىدىن بىر خىل مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى ئانا؟ — دەپ سورىدى قەدىرىيە تەشۋىش ئىچىدە.

— نېمە بولاتتى قىزىم، — دېدى سارىخان ئانا كۆز ياشلىرىنى

ئالقىنى بىلەن سۈرتكىنىچە،— دادىڭىز دىرىزە تۈۋىدىكى ئىزلارنى كۆرۈپ قاپتىكەن، قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى. مەن «سىلىمۇ جاھىللىق قىلمىسىلا، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەيلى» دېيىشىمگىلا مېنى ئۇرۇپ كەتتى.

سارىخان ئانا ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن مىڭ پاتمان دەرد تۆكۈلەتتى.

شۇ ئارىدا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ ياسىن سابىر خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن قەدىرىيە روھى تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ياسىن سابىرنىڭ قاپىقىدىن قار ياغاتتى. غەزەپتىن تۈگۈلگەن مۇشتلىرى چىڭ كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئاغزىنى يېپىپ تۇرغان يىرىك بۇرۇتلىرى دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇ گەپ - سۆزسىزلا قەدىرىيەگە مۇشت- تېپىكلەرنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. قەدىرىيە كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئاچچىق ئىڭرىغىنىچە ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى.

— بولدى قىل! — دېدى سارىخان ئانا ياسىن سابىرنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ،— مۇشتۇمدەك بالىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قوياي دەمسەن؟

قارىس قىلىپ تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن سارىخان ئانا ئارقىسىغىلا ئۈچۈپ چۈشتى.

— ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چا قۇيرۇق دېگەندەك، ھەممىسى سېنىڭ ئىشىڭ،— ياسىن سابىر سارىخان ئانىغا غەزەپلىك گۆلەيدى.

— مەن...... مەن نېمە قىپتىمەن؟

— سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا تەگكىلى ئۇنىماي، خەقنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتكىلى تاس قالغان ئەمەسمۇ؟

ياسىن سابىر قەدىرىيەگە بۇرۇلدى:

— ئېيتە شۇم، ئۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى قاچاندىن باشلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان بولۇۋالدى؟— ئۇ قەدىرىيەنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتتى،— بۇ ئىشلار ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بولدىمۇ ياكى مەجبۇرىيمۇ،

قىنى، سۆزلىمەمسەن؟

قەدىرىيە خىتىلداپ يىغلىغىنىچە لام - جىم دېمەي تۇراتتى. ياسىن سابىرنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. قەدىرىيەنىڭ يۈزىگە تاراسلاپ شاپىلاق تەگدى. يۈز - كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

— قىنى، ئىپتىمامسەن! ئۇ ئىتنىڭ بالىسى كىم، سەن كىم؟ سەن دېگەن سابىر بەگنىڭ نەۋرىسى. مەن سېنى ئاشۇ تەلپەكلىك چۈشىسە خەقنىڭ زېمىنىغا چۈشىدىغان قەلەندەرگە بېرەمدىمەن. سېنى ئىت - ئېشەكنىڭ ئورنىدا باقامدىمەن؟

بوران گۈرۈلدەيتتى. بوراننىڭ تەسىرىدىن ئۆي سىلكىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قەدىرىيەنىڭ كۆز ياشلىرى ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. سىرتتا دەرەخ شاخلىرى قاراسلاپ سۇناتتى، دېرىزە ئەنسىز جالاقلايتتى. تۇرۇپلا بىرەرى چەككەندەك يېنىك تىرىقلايتتى. قەدىرىيە قورقۇپ بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى.

تاك...... تاك...... تاك......

بۇ ئاۋازنى قەدىرىيەنىڭ يۈرىكى تونۇدى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك جەزىبىلىك، شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، شۇ تاپتا ئۇ قەدىرىيەنىڭ غەم تۇمانلىرى قاپلىغان قەلب قەسرىگە تېۋىشسىز كىرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى پەپىلىمەكتە ئىدى. قەدىرىيە بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى، تونۇش ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. قەدىرىيەنىڭ يۈرىكى قورقۇنچ ۋە ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. دېرىزە ئۈچىنچى قېتىم يېنىك چېكىلگەندە، قەدىرىيە دېرىزىنى ئاستا ئاچتى.

— بۈگۈن نېمە بولدى قەدىرىيە؟ دېرىزىنى ئەجەب تەستە ئاچتىڭغۇ؟

قەدىرىيە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. قادىرنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، خۇددى چايان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ بۈگۈن يۈرىكىممۇ ئۆيۈپلا تۇرۇۋاتقان، — قادىر دېرىزىگە تېخىمۇ يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرىدىن بىر خىل ئاچچىق پىغان ئۆرلەپ تۇراتتى.

— سىز كېتىڭ قادىر، ئەمدى بۇ يەرگە ئىككىنچىلەپ كەلگۈچى بولماڭ، دادامنىڭ پەيلى بەكمۇ يامان......

— چىقىپ ئىشىكنى ئاچقىن قەدىرىيە، زادى نېمىش بولدى. ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى.

— بولدى كېتىڭ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، كېتىڭ.

قادىر قولىنى دېرىزىنىڭ پولات چىۋىقلىرى ئارىسىدىن كىرگۈزۈپ قەدىرىيەنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى سىلىدى. قەدىرىيەنىڭ سۇنۇق دىلى سۆيۈنۈپ ۋۇجۇدىنى بېسىپ تۇرغان ۋەھىمە كۆتۈرۈلگەندەك بولدى.

— نېمە بولدى قەدىرىيە؟ — دېدى ئۆيگە ئاستا كىرىپ كەلگەن قادىر سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — يۈزۈڭ كۆك تۇرىدىغۇ؟

— دادام...... — قەدىرىيە شۇنداق دېگىنىچە قادىرنىڭ باغرىغا تاشلاندى. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قادىرنىڭ مەيدىسىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان كۆكسى دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم پەسىيەتتى. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىدىن ئاچچىق ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. لامپۇچكىنىڭ ئاجىز نۇرى ئۆي ئىچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى......

قادىر ھەممىنى چۈشەندى. شۇ تاپتا ياسىن سابىرغا بولغان نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ يۈرىكىنى گويا چاشقان غاجىلاۋاتقاندەك ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. قادىر ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە قەدىرىيەنىڭ ئۇمچىيىپ تۇرغان لېۋىگە ئاستا لېۋىنى باستى.

قەدىرىيەنىڭ تويۇقسىز يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ۋۇجۇدىغا قورقۇنچلۇق تىترەك ئولاشتى. ئۇ قادىرنىڭ قۇچىقىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ كارىدورغا چىقتى - دە، ئىتتىك يېنىپ كىرىپ ئىشىكنى ياپتى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، قادىر بولسا تېخىچە سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇراتتى.

— تېز بولۇڭ قادىر، چىقىپ كېتىڭ، — دېدى قەدىرىيە بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە، — دادام ياتقان ئۆينىڭ چىرىغى يېنىقلىق تۇرىدۇ......

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا ياسىن سابىر ئۇيگە ئىتتىلىپ كىردى. قادىر ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمەيلا ياسىن سابىرنىڭ قولىدىكى كالتەك ئۇنىڭ پېشانىسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. ئۇ «ئىھ» دېگىنىچە يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سىرغىپ چىققان قان ئۇستىبېشىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى.

بۇ ئىچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەن قەدىرىيە «ئانا!» دەپ تىۋۇلغىنىچە سىرتقا يۈگۈردى. ئاۋازىنى گۈركىرەۋاتقان بوران يۇتۇپ كەتتى.

ياسىن سابىر ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. ئۇ پەگادا سۇنايلىنىپ ياتقان قادىرنىڭ قوتازدەك بەستىگە قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان قەدىرىيەنىڭ يۇڭ ياغلىقى بىلەن قادىرنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ مەھكەم باغلىۋەتتى. قادىر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ چىڭقىلىپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتقان بېشىنى سىلىماقچى بولدى. ئەمما، قولىنى مىدىرلىتالمىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ياسىن سابىر قەھرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئېيتە، ئىتنىڭ بالىسى، سەن بۇ ئۆيگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ياسىن سابىر قوللىرىنى قادىرنىڭ كۆزىگە نوقۇپ.

— مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم.

— ھۇ داپ يۈز ئوغرى، تېخى ھېچ ئىش قىلمىدىم دەيسىنا.

— مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، پەقەت......

ياسىن سابىر قادىرنى خۇددى قوناق سوققاندەك دۇمبالاپ كەتتى.

— بۇندىن كېيىن، بۇ ئۆيگە يەنە كېلەمسەن؟ — سورىدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

— مەن قەدىرىيەنى ياخشى كۆرىمەن، جېنىم تېنىمدە ئامانلا بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن، قەدىرىيە ئۇچۇن ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى......

— ئەمىسە ئۆل!

ياسىن سابىر شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە،

قادىرنىڭ ئۇلۇغ بىقىنىغا ئارقا - ئارقىدىن ئىككىنى دەسسىۋەتتى. ئىشكىنىڭ تېشىدا تۇرۇپ قادىرنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان قەدىرىيە قىلدەك تولغىناتتى. يۈز - كۆزلىرىنى قامالاپتى. بارماقلىرىنى گاچىلدىتىپ چىشلەيتتى. ئانىسىغا ئېسىلىپ نالە قىلاتتى. تاڭغا يېقىن بوران بىرئاز پەسەيدى. يىراقتىن خورازلارنىڭ بەس - بەستە چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قادىرنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب ئىدى. ئېغىر - ئېغىر تىنىناتتى. ئىچ - باغرى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك ۋاژىلداپ ئېچىشاتتى. نەپەس ئېلىشىمۇ بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. ياسىن سابىر ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن قادىرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، بوران توختىدى. بىراق، كۈنپېتىش تەرەپتىن توپ - توپ قارا بۇلۇت تۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. چېلەكتە قۇيغاندەك شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۆينىڭ تاملىرىغا، دېرىزە ئەينەكلىرىگە تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى.

قادىرنىڭ تىنىقى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى. ئۇ ناھايىتىمۇ تەستە، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ نەپەس ئالاتتى. كۆزلىرى ياسىن سابىرغا مىختەك قادىلاتتى. بۇ ھال ياسىن سابىرنى ۋەھىمىگە سالماقتا ئىدى.

قارا يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەممۇدەم تاراسلاپ چۈشكەن ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى قوچۇۋەتتى. توساتتىن قادىرنىڭ بېشى سوْپا گىرۋىكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ جان ئۈزگەنىدى......

ئۇزاق ئۆتمەي ياسىن سابىرغا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. ئۇ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. سارىخان ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي ياش تۆكۈلەتتى. چىرايىنى سولغۇنلۇق قاپلىدى. ئاجىز تېنى تېخىمۇ جۇدەپ كەتتى. ئۇ ھەممە پېشكەللىكنى قەدىرىيەدىن كۆرگەندەك، ئۇنىڭغا باتناپلا يۈرەتتى. ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى. ئارتۇق گەپ - سۆزمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ھەممە دەردىنى ئىچىدە تارتىۋاتقانلىـ-

قنى قەدىرىيە بەش قولدەك بىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى. قادىرنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى، دادىسىنىڭ ئېغىر تەقدىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇددى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۇ تالا - تۈزگىمۇ ئانچە چىقمايتتى. كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىنمۇ قورقاتتى.

قەدىرىيەنىڭ ئىسمايىل ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى. ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئۆيگە ئانچە كەلمەيتتى. ھېلىقى پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ كۈندە دېگۈدەك كېلىپ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى.

ئىسمايىلمۇ دادىسىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئەينەن ئالغان بولۇپ، ئاچچىقى يامان، مۇز چىراي ئىدى. تەرسالىقى تۇتۇپ، ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا قىلىن كالپۇكى ئۈستىدىكى قاپقارا بۇرۇتلىرى دىرىلداپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەندە قەدىرىيەگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ سۇرلۇك ئەلپازىدىن قورققان قەدىرىيە ئۇنىڭغا كىرپىك كۆتۈرۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قەدىرىيەنىڭ بەدىنىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى يوغىناپ، بىرنەرسە تېپىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ دەسلەپتە ئانچە - مۇنچە قورۇق قەي قىلىپ يۈرگەنلىرىدە، بۇنى باشقا بىر خىل كېسەللىك ئالامىتى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ قادىرنىڭ: «قەدىرىيە، بىز توي قىلساق، ماڭا ئاپپاق پاقلان بوۋاقتىن بىرنى تۇغۇپ بەرسەڭ، بوينۇمغا مىنگەشتۈرۈپ ئويناتسام، قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدىم» دېگەنلىرىنى ئويلىدى.

كېلىشمەسلىك ئاخىر يۈز بەردى. قەدىرىيە ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىشنى ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ قالالمىدى. ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. ئەلەم، نومۇس كۈچىدىن يۈزلىرى ئوت بولۇپياندى. ئۇ قەدىرىيەگە بىرھازا كايىغاندىن كېيىن خەلقئالەم بىلىپ كېتىپ بولغۇچە بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.

— جېنىم ئانا، مېنى چۈشىنىڭ، — دېدى قەدىرىيە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، — قادىر مېنى دەپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ روھى بولسىمۇ خۇش بولسۇن، مېنى قىستىماڭ......

جالاق قىلغان ئاۋازدىن ھەر ئىككىيلەن چۆچۈپ كەتتى. ئىسمايىل خۇددى قۇترىغان بۇقىدەك ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. سارىخان ئانا قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئىسمايىل يوپۇرۇلۇپ كەلگەن پېتى قەدىرىيەنىڭ چېچىدىن قامالىغىنىچە ۋارقىرىدى:

— تېخى مۇنداق ئىشىڭمۇ بارمىدى شەرمەندە، سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن تۇرۇۋاتىسەن بۇ ئۆيدە، ھۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن پەسەندە!......

ئىسمايىلنىڭ شۇ تاپتىكى غەزىپىنى بىرنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن قەدىرىيەنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىدە قىيامەت قايىم بولدى. سارىخان ئانا ئىسمايىلنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىۋالدى.

— بولدى قىل بالام، ھېچ ئىش يوق، ئۇنى ئۇرما.

— مېنىڭ بۇنداق سىڭلىم يوق ئانا، تېخى ھېچ ئىش يوق دەيسىزغۇ، مەن سىرتتا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى بۇ يۇرت بىزگە ھارام بولىدىغان بولدى...... ئانا...... مەن بۇ پاسكىنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن......

— خۇدا ھەققى، ئۇنداق قىلما جېنىم بالام، مەن سەندىن رازى بولۇپ كېتەي......

قەدىرىيە دوختۇرخانىدا ئىككى كېچە - كۈندۈز ھوشسىز ياتتى. سارىخان ئانا زار - زار يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇردى. ئانىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. قەدىرىيە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. كۆزى ئىسمايىلنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىش ھامان قاتتىق چىرقىراپ تاشلىدى. ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى......

ھەپتىدىن كېيىن قەدىرىيە دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ كېلىندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى شوخ قىلىقلىرى، ئىللىق تەبەسسۇمى، تاتلىق كۈلكىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. گەپ سورىسىمۇ جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇ غەلىتە قىلىقلارنى چىقارغىلى تۇردى. ھەر

كۆنى يوپكىسىنى سىلىپ قاتلاپ، چاپىنىغا يۆگەپ، سۆگەتنىڭ چىۋىقلىرىدا چىگىپ زاكىدايتتى- دە، خۇددى بوۋاقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ، مەيدىسىگە مەھكەم تىڭىۋالاتتى. «بوۋىقى» نى كۆتۈرۈپ بۇلاق بويىغا باراتتى. قورسىقى ئاچقانىنمۇ تۇيمايتتى. قىزنىڭ دەردىدە يۇرىكى لەختە - لەختە قان بولغان سارىخان ئانا ئۇنى ئالغىلى كېلەتتى. قەدىرىيە ئۆيگە قايتقىلى ئۇنىمايتتى. پەقەت «ئاكاڭ كەلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان هامانلا، ئەتراپقا ئەنسىز قارىغىنىچە ئۆيگە يۈگۈرەيتتى......

قەدىرىيە يۈگۈنمۇ «بوۋىقى» نى كۆكرىكىگە تىڭىپ بۇلاق بويىغا كەلدى. بۇ يەردە باش باهاردىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ئەسەر قالمىغانىدى. سارغىيىپ، پاخپىيىپ كەتكەن چىم - كوكاتلار شامالنىڭ تەسىرىدە توختىماي لىپىلدايتتى.

قەدىرىيەنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. شۇ تاپتا ئۇ باهار پەسلىدىكى كۆكلەملەردە ئەزگۈ تىلەكلەرنى ئويغاتقان، تۇزدەك جەزبىدار، گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئەسلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— قەدىرىيە، بۇياققا كەل!

قەدىرىيە هېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. سارىخان ئانا يەنە ۋارقىرىدى:

— قەدىرىيە، ئاكاڭ كەلدى!

قەدىرىيە ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، «بوۋىقى» نى چىڭ قۇچاقلىغان پېتى ئالدى - كەينىگە قارىماستىن ئۆي تەرەپكە يۈگۈردى. قېرىشقاندەك ئۇنىڭ «بوۋىقى» يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدا چېپىپدە توختاپ «بوۋىقى» نى بوينىدىن تۇتقان پېتى يەنە يۈگۈردى. ئۇجمە چىۋىقىدا زاكىدالغان «بوۋاق» ئۇنىڭ قولىدا هەريان پۇلاڭلايتتى.

# توختى يوقلام

باشلىقىمىزنىڭ بېشى ئىششىپ قالدىمكىن، ئىدارىدا بىر ئوبدان خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنى ئۇيان - بۇيان يۆتكەپ، خۇددى ياغاچچىنى ئۆتۈك تىككىشكە، موزدوزنى ئىشكاپ ياساشقا بۇيرۇغاندەك قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى. بۇنداق ئىشلار كۆپەيگەنسېرى بىز ھەيران بولۇشقا ئۈلگۈرۈپ بولالماي قالدۇق. لېكىن، مۇشۇ سەۋەبلىك بىر خىزمەتدىشىمىزنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى، زىيادە سەزگۈرلۈكى ھەممىمىزنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىشخانىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىز بۇنىڭغىمۇ يەنىلا كۆنۈپ كەتتۇق. بۇ خىزمەتدىشىمىزنىڭ ئىسمى توختى. ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇق، كۆتمەك بۇرۇتى بار، چىرايى قارامتۇل ئادەم ئىدى. ياپما قاپقى چىرايىنى سۇرلۇك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئىقتىدارىغا ھەممىمىز قايىل ئىدۇق. ھەرقانداق چىگىش، مۇرەككەپ ئىشنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىۋېتەتتى. ئۇ خىزمەتكە بىر چۆكۈپ كەتسە تاماق يېيىشنىمۇ، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا بەزىلىرىمىز: «ھەي توختى، خوتۇنۇڭلار ئۆيدىن قوغلىۋەتمىگەندۇ — ھە، ئۇنداق ئىش بولسا راستىنى دەڭلا، بىز خوتۇنۇڭلارغا نەسىھەت قىلىپ سىلىنى ئۆيۈڭلارغا ئەكىرىپ قويايلى» دېسەك، بەزىلىرىمىز: «ئۇنداق ئەمەس، ئۆيگە بارسا پەشتامنى تارتىپ لەگمەن سوزىدىغان، كىر - قات يۇيىدىغان گەپ. شۇنىڭدىن قورقۇپ بۇ يەردە ئولتۇرىدۇ» دەپ كۈلۈشەتتۇق. توختى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. ئۇ چاقچاقىقا چاقچاق قايتۇرمىغاندىن كېيىن، بىزمۇ جىم بولۇپ قېلىشاتتۇق.

بىر قېتىملىق كادىر تەڭشەشتە، توختى ئىدارىمىزدا يېڭى قۇرۇلغان «ئىنتىزام تەكشۈرۈش» ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. بۇ ئىدارىمىزدىكى كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرى بولسا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشخانا ئىدى. بۇ ئىشخانىدا توختىغا قىلغۇدەك نېمە ئىش بار دەيسىز. ئىدارىمىزدىكى كادىرلارنىڭ تەڭدىن تولىسى تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە زىيالىيلار تۇرسا، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلامتىمۇ؟ ئىش قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان توختى بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئىش قىلغۇسى باردەك، لېكىن نېمە ئىش قىلىشنى ئۆزىمۇ تازا بىلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىشسىزلىقتىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىدارىنىڭ يوقلىما خىزمىتى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلۇپ قالدى. ئاللا كارامەت، ئۇ بۇ ئىشقا نەچچە يىل كېيىن قاپتىكەنمۇ نېمە؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا چۈشۈشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئىدارىغا كېلەتتى. يوغان يوقلىما دەپتىرىنى قولتۇقىغا مەھكەم قىستۇرۇپ تەق بولۇپ تۇراتتى. گىمناستىكا باشلانغان ھامان ئوڭ پۇتىنى بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ پەشتىقىغا ئېلىپ، يوقلىما دەپتىرىنى تىزىغا قويۇپ، كۆزلىرىنى دەرۋازىغا تىككىنىچە سىڭايان بولۇپ دىققەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بىر قاراشتا قانات قېقىپ ئۇچقىلى تەمشەلگەن قانداقتۇر بىر قۇشقا، يەنە بىر قاراشتا خۇددى ئۈجمە كۆتىكىگە پۇتىنى كۆتۈرۈپ سىيىشكە تەمشەلگەن ئىتقا ئوخشاپ قالاتتى. بىر مىنۇت كېچىككەنسىز ئىسىم - شەرىپىڭىز ئۇنىڭ مۇبارەك دەپتىرىدىن ئورۇن ئالاتتى. دەپتەردىن ئورۇن ئالسىغۇ مەيلى، بىراق ھايت - ھۇيت دېگۈچە خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قارا دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويۇلاتتى. دوسكىدا «مەتقاسىم بىر مىنۇت، ئايشەم بەش مىنۇت كېچىكتى، بەلگىلىمە بويىچە پۇل تۇتۇلىدۇ. ئەمەت ئىككى سائەت كەلمىدى، بىردەك سەۋەبسىز ئىشتىن قالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگەندەك خەتلەر پات - پات كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاغىنىمىزنىڭ «توختى» دېگەن چىرايلىق ئىسمىنىڭ كەينىگە «يوقلام» دېگەن لەقەم قوشۇلۇپ خۇددى ئۆز فامىلىسىدەك

ئۆزلىشىپ كەتتى.

سىرتقا خىزمەتكە بارماقچى بولساقمۇ، توختىنىڭ سەمەدنى ئۆتكۈزمەي بارالمايتتۇق. بىر يەرگە بارىدىغان ۋاقىتتا «ھوي ئاغىنىلەر، توختى يوقلامنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ماڭايلى جۇمۇ، بولمىسا يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قالمايلى يەنە» دېيىشىدىغان بولۇپ قالدۇق. سىرتقا خىزمەتكە بارماقچى بولساق ئاۋۋال دوكلات يېزىپ ئىدارە باشلىقىغا تەستىقلىتىشقا، ئاندىن ئىشخانا مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ رەسمىيەت بېجىرىشكە، ئەڭ ئاخىرىدا توختى يوقلامنىڭ سەمەدنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. سىرتقا چىقىپ كېچە - كېچە ئىشلەپ كەتسىڭىزمۇ، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىش بېجىرسىڭىزمۇ بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپ ئاڭلىمايسىز، ئەمما يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، ئەتىگەندە بىرەر مىنۇت كېچىكىپ قالسىڭىز ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولىدۇ. توختى يوقلامنىڭ يوغان دەپتىرى بىلەن قارا دوسكىسى سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھېچ بىلمىدۇق، توختى يوقلام ئىشخانىسىدا پەقەت ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشخانىمۇ ئىشخانا تىمىسقىلاپ، مارىلاپ يۈرەتتى. يوقلىما قىلىشنىڭ قەرەلى يوق ئىدى. باشقا ئىشخانىدىكى خىزمەتدىشىڭىزنىڭ يېنىغا چىقىپ، بىرەر ئېغىز گېپىڭىزنى دېيىشىپ قايتىپ كىرسىڭىزمۇ، سىز «يوق» بولۇپ قالاتتىڭىز. سەۋەبىنى چۈشەندۈرسىڭىزمۇ بىكار، توختى يوقلام بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئاغزىڭىزنى تۇۋاقلاپ: «باشلىق ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى قىلدىم، پىكىرىڭىز بولسا باشلىققا دەڭ» دەيتتى. توختى يوقلامنىڭ بۇ خىزمىتىنى رەھبەرلىكمۇ قوللاپ تۇراتتى. ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇش- بولماسلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. يوقلىما قىلىش، پۇل تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈزۈمنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرىنى ھېچكىم ئويلاپ قويمايتتى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز ياندىكى ئىشخانىدا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئىشخانىدا بولمىغاندىكىن يازدىم ئەينا، — توختى يوقلامنىڭ ئىنجىقلاپ تۈۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھاجەتكىمۇ بارغىلى بولامدۇ سىزنىڭ دەردىڭىزدە، — تىترەپ چىققان بۇ ئاۋازنى تونۇدۇق. بۇ خىزمەتدىشىمىز ئايشەمنىڭ ئاۋازى ئىدى، — سىيگىلىمۇ سىزدىن سوراپ بارساق بولامتى؟

— ئىشقىلىپ ئىشخانىدا بولمىغانلىقىن يازدىم، پىكرىڭىز بولسا باشلىققا دەڭ!

— باشلىققا ئۆزۈڭ دە! تۇتساڭ پۇل تۇتىدىغانسەن؟

— ھەي، نېمە دەپ سەنلەيسەن؟

— سەنلىسەم قانداق قىلاتتىڭ؟

بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتۇق. ئۇلار خۇددى چۆجە - خورازدەك ھۈرپىيىشىپ تۇراتتى. ئايشەمنىڭ غەزەپلىك ياشلىرى كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە تولغانىدى.

— سامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدەكلا ھوقۇققا ئېرىشىۋېلىپ يوغىناپ كەتكىنىنى بۇ قەلەندەرنىڭ، — ئايشەم توختى يوقلامغا غەزەپلىك ئالايدى.

— پىكرىڭ بولسا باشلىققا دېمەمسەن؟ — توختى يوقلام يادلىۋال-غاندەكلا يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىدى. بىز بىرنەچچىمىز ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر بۇ جېدەلنى بېسىقتۇردۇق.

ئىشلار شۇ تەرزدە كېتىۋەردى. توختى يوقلام ھېيت - بايرام ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئۆيىگە ئانچە قايتمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيىگە قايتقاندىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرمايتتى. ئۇ پات - پات ئىدارىغا كېلىپ چۇشلۇك ھەم كەچلىك نۆۋەتچىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھېچكىممۇ نۆۋەتچىلىككە كېچىكىپ كېلىشكە، بەش - ئون مىنۇت بالدۇر كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

بىر كۈنى خىزمەتدىشىم مەتقاسىم بىلەن كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇپ قالدۇق. ئارىلىقتا توختى يوقلام ئىدارىگە نەچچە قېتىم كەلدى. نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا بويۇن سوزۇپ قاراپ قويۇپ، گەپ - سۆزسىز چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئادىتىنى بىلگەچكە بىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. ئاردىن بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇخلايدىغان چاغمۇ بولۇپ قالغانىدى. مەتقاسىم يوتقانغا پۈركىنىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. مەن پەقەت

ئۇخلىيالمىدىم. تۇۋا، مەتقاسىم شۇنداق ئۇستا خورەكچىكەن ئەمەسمۇ، بۇرنىدىن، ئېغىزىدىن، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن، ئىشقىلىپ ھەممە يېرىدىن تەڭلا ئاۋاز چىقىرىدىكەن. ناۋادا دۇنيادا خورەك تارتىش مۇسابىقىسى بولۇپ قالسا، خىزمەتدىشىم چېمپىيون بولغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنداق بىئاراملىق ئىچىدە كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلناشقاندا، ئەنسىز جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازىدىن چۆچۈگىنىمچە سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تېلېفون تۇرۇپكىسىغا قول ئۇزاتتىم.

— ۋەي، كىمۇ؟— دېدىم كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— مەن توختى.

ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى.

— توختى بولساڭ قانداق قىلىمەن؟— دېدىم غەزەپتىن بوغۇلۇپ،— نېمىدەپ كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلىسەن؟

— شۇ، سىلەردىن ئەنسىرەپ......

— بىزنى ئوغرى ئالمىدى، بىزدىن ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ئۇخلاۋەرگىن.

— مەتقاسىم بارمۇ؟

— بار، مانا ئاۋازىنى ئاڭلىغىن،— مەن تېلېفوننى كۆتۈرۈپ بېرىپ تۇرۇپكىنى مەتقاسىمنىڭ خورەكنى بولۇشىغا تارتىۋاتقان ئاغزىغا تەڭلىدىم. تۇرۇپكا مەتقاسىمنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كەتتىمكىن، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— نېمانداق قىلىسەن؟— دېدى ئۇ مەندىن خاپا بولغاندەك قىلىپ،— ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنداق چاقچاق قىلساڭ بولمايدۇ.

— چاقچاق قىلمىدىم، توختى يوقلام سېنىڭ بار - يوقلۇقىڭنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ.

— ئاناڭنى،— دېدى مەتقاسىم تېرىكىپ،— خوتۇنىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالىسا بولمامدۇ، كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلغۇچە.

— ھە، ئاڭلىدىڭمۇ؟— دېدىم تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا تۇتۇپ،— مەتقاسىم بارمىكەن؟

— ۋاي، باركەن، — دېدى توختى يوقلام، — بىراق نۆۋەتچىلىكتە بەك بىخۇد تۇرۇۋېتىپسىلەر، ھازىر ئىدارىنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى قانداق، مەسىلە يوقتۇ؟

— ئامانلىق ئەھۋالى بايا سەن كۆرگەندىكىدەك.

— ئىشقىلىپ ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈڭلار.

— خاتىرجەم بول، شۇنداق قىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ، بىر كېچىلىك نۆۋەتچىلىك ئەنە شۇنداق تاماملاندى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر پېشقەدەم خىزمەتدىشىمىز توختى يوقلامغا ئېيتىپ قويمايلا سىرتقا خىزمەتكە كېتىپ قالغانىكەن. ئەتىسى ئۇنىڭ ئىسمى ئىش ئورنىدىن سەۋەبسىز ئايرىلىپ كەتكەنلەر قاتارىدا قارا دوسكىغا چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەتدىشىمىز توختى يوقلام بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ قالدى.

— پىكرىڭ بولسا باشلىققا دە، — دېدى توختى يوقلام.

— مېنى باشلىق ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان، نېمىشقا باشلىققا دەيدىكەنمەن، — دېدى خىزمەتدىشىمىز.

ئۇلار خېلى سەتلەشكەندىن كېيىن جېدەل بېسىقتى. بىراق، خىزمەتدىشىمىز كەچتە ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز بىر يانغا قىڭغىيىپ يىقىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى. مېڭىسىگە قان چۈشكەنىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرنەچچىمىز ھە - ھۇ دېيىشىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق. بىراق، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمىدى. خىزمەتدىشىمىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي، بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتى. ھەممىمىز قايغۇ ئىچىدە ئۇنى يەرلىكىدە قويدۇق. ئىشلار شۇ تەرزدە كېتىۋەردى. توختى يوقلامنىڭ قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ھېچقايسىمىز قادىر بولالمىدۇق. ئاخىرىمىز خۇداغا يەتكەن چېغى، بىر كۈنى تېخى پېنسىيە يېشىغا توشمىغان توختى يوقلامنى پېنسىيەگە چىقارغانلىق ئۇقتۇرۇشى كېلىپ قالدى. بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان توختى يوقلامنىڭ چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ كەتتى. بىزمۇ ھەيران قالدۇق. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل شادلىق

ئۈچقۇنلىرى چىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

كۆڭۈل ئازادىچىلىكىمۇ ئادەمگە بىر خىل شادلىق ئاتا قىلىدىكەن. توختى يوقلام بولمىسىمۇ ئىدارىنىڭ خىزمىتى بىر ئوبدان يۈرۈشۈپ كېتىۋەردى. ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، چىرايىدا شادلىق كۈلكىلىرى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئىدارىمىز بەشتە ياخشى ئورۇن، مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەندەك تۈرلۈك شان - شەرەپلەرگە كۆمۈلۈپلا كەتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ئۈچ - تۆتىمىز تاماق يېگىلى بېرىپ كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز بىرسى ئالدىمىزنى توستى. قارىسام توختى يوقلامنىڭ ئايالى ئىكەن.

— نېمە بولدىكىنتاڭ، ئۇ ئادەم غەلىتە بولۇپ قالدى، — دېدى توختى يوقلامنىڭ ئايالى كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — سىلەر بىللە ئىشلىگەن بولغاندىكىن بىر تەربىيە قىلغان بولساڭلار.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — سورىدۇق ھەممىمىز تەڭلا.

— نېمە بولغىنىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ ھەر كۈنى قولىغا بىر دەپتەرنى ئېلىۋېلىپ ھەممىمىزنى سوراققا تارتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىۋالغانمىكىن دەپ قالدىم. خېلى داۋالىتىپ باقتۇق، ئوڭشالمىدى.

بىز توختى يوقلامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھاڭ - تاڭ قالدۇق. ئۇ راستىنىلا قولىدا يوغان بىر دەپتەرنى تۇتقىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇراتتى. ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، مەڭز سۆڭەكلىرى بۇرتۇپ چىققانىدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزنىڭ سالام - سەھەتلىرىمىزگىمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

— كېچىكىپ قالدىڭغۇ، — دېدى توختى يوقلام ئايالىغا چەكچىيىپ قاراپ، — كەچلىك تامىقىڭ تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

توختى يوقلامنىڭ ئايالى لام - جىم دېيەلمەي بىزگە لۆملۈدەپ قاراپ تۇردى. شۇ ئەسنادا توختى يوقلامنىڭ نەۋرىسى بولسا كېرەك، ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر قىز بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ

كەلدى.

— سەن نېمشقا كېچىكىپ كېلىسەن؟ — سورىدى توختى يوقلام ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

قىز توختى يوقلامنىڭ سۇرلۇك چىرايىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە ئۆي ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار توختاخۇن، — دېدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن، — ئوقۇغۇچى دېگەن مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە كەلمەمدۇ؟

— پىكرىڭ بولسا باشلىققا دە، — دېدى توختى يوقلام ئېرەنسىزلىك بىلەن، — باشلىق شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان.

بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي ياقىمىزنى چىشلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. بىرھازادىن كېيىن بىرسىمىز بىر نېمە دەپ، يەنە بىرسىمىز بىر نېمە دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولدۇق. لېكىن، ئۇ ھەممىمىزنىڭ گېپىگە ئوخشاشلا «پىكرىڭ بولسا باشلىققا دە» دەپلا جاۋاب بەردى. بىز ئاخىر ئوڭايسىز ھالدا بۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقتۇق. توختى يوقلامنىڭ ئايالى بىزنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدى. بىز ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ توختى يوقلامنىڭ «خەپ، بۇ نېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى سەۋەبسىز ئىشتىن قالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلمىسام ھېساب ئەمەس» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق.



# نەپرەت

كۈن چۈش بولماي تۇرۇپلا ھاۋا ئىسسىپ كەتتى. تىنچىق كامېرنىڭ ھاۋاسى نەپەسنى بوغاتتى. كىچىككىنە تار كامېرغا قامالغان سەككىز جىنايەتچى بۆگلۈكنىڭ لېۋىگە قاتار تېزىلىشىپ، قوللىرىنى تىزى ئۈستىگە قويغىنىچە دىققەتتە ئولتۇرۇپ، سولاقخانىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى يادلاۋاتاتتى. زاكىرجان ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالدا ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ئۈنلۈك ئاۋازلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمنامىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئۇ ھۆكۈمنامىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە پات - پات كۆز يۈگۈرتۈپ قوياتتى.

— زاكىرجان، ساڭا نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى سېمىز كەلگەن تاقىر باش كىشى ئۇنىڭغا بويۇنداپ قارىغىنىچە،— سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوشاپلا كەتتىڭغۇ؟

— قائىدىنى يادلاپ بولالمىساڭ،— دەپ سۆز قىستۇردى ئورۇق، ياغاق يۈز كەلگەن بىرەيلەن،— گۇندىپايلار ئەدىپىڭنى بېرىدۇ ماقىما، ئۇ چاغدا تاياق ئالدىڭدىن خۇددى كالىنىڭ ئالدىدىن ھەلەپ ئاشقاندەك ئېشىپ قالىدۇ.

— ھاي - ھاي ئاغىنىلەر، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس،— دېدى يەنە بىرەيلەن،— ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەڭلار.

— كۆڭلى نېمىشقا ئارامىدا ئەمەسكەن؟ ئۆيىدە قالغان تومۇچۇقنى ئەسلەپ قالغاندۇ تايىنلىق،— دېدى قارامۇتۇق كەلگەن بىرەيلەن ھىجايغىنىچە،— ئاشۇ تومۇچۇقى بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىۋاتقان

گەپ......

«چىرايلىق تۇمۇچۇقى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان زاكىرجان بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يېنىدىكىلەرگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قارىغىنىچە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. قائىدە يادلاۋاتقانلارمۇ توختاپ قالغانىدى. كامېر ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۇمىدسىزلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۆز ئەركىدىن ئايرىلغان، روھى سۇنغان بۇ كىشىلەر بەزىدە چاقچاق قىلىشىپ زورىغا كۈلۈمسىرىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغىنى بىلەن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەرد - ئەلىمى، قايغۇ - ھەسرىتى بار ئىدى. مانا، ھەممەيلەن جىمىپ قېلىشتى. بۇلار ئۆزۈن كېچىلەردە قانغۇچە مۇڭداشقان، قىلىشمىغان گەپلىرى قالمىغانىدى. بۇلار ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق جىنايەتلىرى بىلەن قولغا ئېلىنغانلار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوتنىڭ ھۆكۈمنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ئۆز قىلمىشىنىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسى — جازا مۇددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولۇشقانىدى. زاكىرجان بولسا ئۆزى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىگەن، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالغانلىقى، نېمىشقا كىرىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئېغىز يېرىپ بىر نېمە دېمىگەنىدى. كامېرداشلىرى يېنىش - يېنىشلاپ سورىغاندىمۇ «ۋىجدان سورىقىغا تارتىلىش ئۈچۈن كىردىم» دەپلا قويغانىدى.

— زاكىرجان، — دېدى بىرەيلەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — سەن بىلەن بىرگە يېتىۋاتقىلى تۆت ئايدىن ئېشىپتۇ، باشقىلار بىلەن ئارىمىزدا دېيىشمىگەن گەپ قالمىدى، بىراق سەن بۇ يەرگە نېمىشقا كىرىپ قالغانلىقىڭنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدىڭ......

زاكىرجان بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە بۈتتەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى تارتقان ئازابلارنى، پېشكەللىكلەرنى، چىدىغۇسىز خورلۇقلارنى ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى.

— سەن قىلغان ئىشلىرىڭنى شۇنچە سىر تۇتۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدى كامېرغا يېقىندىلا كىرىپ سەپكە قوشۇلغان خۇش چىراي يىگىت

سۆزگە ئارىلىشىپ، — سەن ھەسەن توگنىڭ قىزى غۇنچەمنىڭ ئىرىغۇ، مەن ئۇلار بىلەن بىر يەرلىك، سىنى تونۇيمەن.

زاكىرجان خۇددى بىر يېرىگە بىگىز سانجىلغاندەك ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى......

— ماڭا قارا، زاكىرجان، — دېدى خېلىدىن بېرى ھېچقانداق سۆزگە ئارىلاشماي، پۈتىدىكى ئېغىر كىشەنگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىرەيلەن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ماڭا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ، بىر كامېردا بىرگە ياتقان دوستۇمنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالماي، زادى نېمە ئىش بولغان، سۆزلەپ بەرگىنە......

زاكىرجان بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ھېلىقى كىشىگە قارىدى. ئۇ كىشىنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغان بولۇپ، ھېلىلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن زاكىرجاننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى.

«توغرا، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. باشقىلارنى دېمىگەندىمۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي. بەلكىم ئىچىم بوشاپ قالار» دەپ ئويلىغان زاكىرجان ئالىقانلىرى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا ئاغدى. ئۇ ئالدىرىماي سۆزىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقىدىن چەكسىز مۇڭ تۆكۈلەتتى.

يۈز بەرگەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىمدا، پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر باسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بىرگە ئۆتكەن ۋاقىتلاردىكى ئازابلىرىم ئېسىمگە چۈشسە، يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىدۇ.

تەقدىرىم شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا كېرەك، يىگىرمە تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ بولغۇچە ئۈچ قېتىم نىكاھلىنىپ بولدۇم. ھەممە نىكاھلىرىم ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاتا - ئانام نامرات دېھقان ئىدى. «نامراتنى بالا باسار، زەردارنى كالا» دېگەندەك، ئاتا - ئانام نامراتلىقىغا قارىماي بالىنى ئايىماي تاپقانىكەن. شۇڭا، ئاتا - ئانامنىڭ

يۈكى بەكمۇ ئېغىر ئىدى.

مەن ئۆزۈم بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرىنى تونۇيتتۇم. ئۇ ھەممىشە ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئىش ئۇقۇشۇپ قارا ئىش قىلاتتى. مېنىڭمۇ باشقا ھۈنىرىم بولمىغاچقا، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ئىش تېپىپ ئىشلەش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم. مەن ئۆيىگە كىرگىنىمدە، گىلەم دۈكىنى ئالدىدا گىلەم توقۇپ ئولتۇرغان چىرايلىق، ئوماق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ گىلەم تىۋىتلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن چىكىۋاتقان ئاپپاق، بوغماق قوللىرى توختىماي ھەرىكەت قىلاتتى. قوللىرىنىڭ تېز ھەم سىلىق ھەرىكەتلىرى ھەرقانداق كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. قاشتېشىدەك سۈزۈك، بېلىقتەك پىلتىڭلاپ تۇرىدىغان نازۈك بەدەنلىرىدىن بىر خىل نازاكەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ ئايالى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن ئۇقسام سىڭلىسى ئىكەن. بىر قېتىم ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ نازۈك تۇرقى، گۈزەل سىماسى ھەممىشە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. پۈتۈن ئەس - يادىم شۇنىڭدا ئىدى. ئويغۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىپ چىقاتتىم. تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل تاتلىق ئىستەك يۈرىكىمدە لاۋۇلداشقا باشلىغانىدى.

بىز بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق. ئاخىر توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشتۇق. ئاتا - ئانام ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇقىغا قارىماي، ھەممە رەسىم - قائىدىلەرنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلاپ تويۇمنى قىلىپ بەردى.

تويدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاينى لەززەتلىك ۋىسال شادلىقى ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق. بىرنەچچە يىل ئۆي تۇتقان قەدىناسلاردەك ئىجىل بولۇپ كەتتۇق. بىر - بىرىمىزگە قىيا بېقىشىپ، تاتلىق كۈلۈشۈپ، مۇڭدىشىپ قانمايتتۇق. ئەپسۇس، ئۇزاق ئۆتمەي خۇددى تىنچ ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تۇرمۇشىمىز تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، غۇنچەم ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭدا مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى نازۈكلۇق، لاتاپەت، خۇشخۇيلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ھە

دېسلا ھۆرپىيىپ مەن بىلەن تاكاللىشاتتى. گەپ - سۆزلىرىمنى ئەسلا ئاڭلىمايتتى، قولى ئىشقا بارمايتتى، ئۇ ھۆرۈن بولۇۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، تولىمۇ بىشەملىشىپ كەتتى. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن ئەسلىي ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئىغىرچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتۈرۈپ، بەختلىك ئائىلە قۇرارمىز دەپ ئويلىغانىدىم.

— ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن دەپتىكەن، خوتۇن، — دېدىم ئاخىر كۆن چۈش بولاي دېسىمۇ ئورنىدىن تۇرماي، نېپىز ئەدىيالغا يۆگىنىپ ياتقان غۇنچەمگە قاراپ، — ئېتىزغا چىقايلى. سەھەر تۇرغان ئادەمگە خۇدامۇ شەپقەت يەتكۈزەرمىش.

— مەن مۇشۇنداق ئۇخلايمەن، — دېدى غۇنچەم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — سەھەردە ئېتىزغا چىقسام پۇت - قولۇمغا شەبنەم تېگىپ كېتىدۇ، رېماتىزم بولۇپ قالىدۇ ئادەم.

— ئۇنداق بولسا كۈن ئېگىلگەندە چىقايلى.

— مەن ئىسسىقتا ئىش قىلالمايمەن، يۈزۈم قارىداپ قالىدۇ.

— ئەمسە دۇكان قۇرۇپ بېرەي، گىلەم توقۇغىن.

— مەن گىلەم توقۇماسلىق ئۈچۈنلا ئەرگە تەگكەن.

غۇنچەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. كۈنلەر شۇ تەرزدە ئۆتۈۋەردى. ئۇ يەنە خۇي چىقىرىپ، ھە دېسىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. يىلىنىپ، يالۋۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە ئېلىپ كېلەتتىم. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنە خۇيلىنىپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

— خوتۇن، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم غۇنچەمنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغىنىمچە.

— ماڭا ھېچنېمە بولمىدى، — دېدى ئۇ سۆزلىرىمگە ئېرەنسىمىگەندەك ماڭا ئېپادىسىزلا قاراپ، — مەن بۇرۇندىنلا مۇشۇنداققۇ.

— ياق، سېنىڭ قورسىقىڭغا جىن كىردى، مەن سېنى ناھايىتى ئىشچان، چېۋەر قىز، دەپ ئويلىغانىدىم.

— مېنىڭ قورسىقىمغا قانداق جىن كىرىپتۇ؟

— مەن ئۇنى نەدىن بىلەي، ھېچ ئىشقا قولۇڭ بارمىسا، جېنىمىزنى قانداق باقىمىز؟

— ھىم، سىز مېنىڭ چېۋەرلىكىمگە تايىنىپ جان باقماقچىمىدىڭىز؟ جان بېقىشنى چاغلىيالمىغان ئادەم خوتۇن ئالمىغۇلۇق......

غۇنچەمنىڭ بۇ سۆزى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى.

لېكىن، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ قارىشىچە، خوتۇننى بېقىش ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەن. خوتۇن دېگەن پۇت - قولى ساق بولسىمۇ ئىشلىمەسلىكى، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ جاقوڭدا يېتىشى كېرەك ئىكەن.

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا مەن ئىشلەپ سىنى باقاي، — دېدىم ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى بىئەپ كۆرۈپ، — بىز پەرزەنتلىك بولايلى، ھالقىنى ئالدىرۇۋەتكىن.

— نېمە؟ مەن بالا تۇغۇپ بېرىمەنما، تۇغمايمەن. مېنىڭ پوق - سۈيدۈككە چىلىشىپ ئۆتكۈم يوق.

كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشكە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھۆرۈن، بىشەملىكى چوڭلارنىڭمۇ قولىقىغا يېتىپتۇ. مەن تويلۇققا ئالغان ئالتۇن مۇنچاقنىڭ پۇلىنى هاماچامدىن قەرز ئالغانىدىم. بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاش - قاپاقلىرىدىن قار - مۇز يېغىپ تۇراتتى. يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەپ، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ غۇنچەمنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى بىرھازا ئەيىبلەپ كەتتى. غۇنچەممۇ بىردەم گەپ ياندۇرۇپ باقتى- يۇ، ئەمما هاماچامغا تەڭ كېلەلمىدى. چۈنكى، هاماچام غۇنچەمدەكلەردىن نەچچە ئونى بولسىمۇ، گەپ - سۆزدە شۇك تۇرغۇزۇپ قويالايدىغان مىجەزى چۇس، ئاچچىقى يامان، گەپدان ئايال ئىدى. ھېچكىمگە يۈز - خاتىر قىلمايتتى. ئۇ بىرھازا قايىنغاندىن كېيىن، ئاخىر «سىلەر جېنىڭلارنىمۇ باقالمىغۇدەكسىلەر، پۇلۇمنىمۇ بېرەلمىگۈدەكسىلەر. شۇڭا، پۇلۇمنىڭ ئورنىغا ئالتۇن مۇنچاقنى بېرىڭ.......» دېدى غۇنچەمنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ. غۇنچەم بىر

قىزىرىپ بىر تاتارغىنىچە قولىقىدىكى ئالتۇن مونچاقنى هاماچامغا ئېلىپ بەردى. مەن دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئەمدى غونچەمنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئالتۇن مونچاق ئىشى يۈز بېرىپ ئەتىسىلا غونچەم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىۋالدى. مەن يالغۇز قالدىم. يالغۇزلۇق دەردى يامان ئىكەن. كىشى قەلبىنى ئازابلاپ، يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجايدىكەن. كۆڭلىرىم بىر خىل ئازاب، ئەندىشە ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. غونچەمنىڭ شۇنچە بولمىغۇر تەرەپلىرى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى سېغىناتتىم. جانغا پاتىدىغان ئۇزاق كېچىلەردە ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىپ چىقاتتىم. ئويلاپ باقسام، ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەنمەن. پىراق دەردى ئاخىر مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا يېلىنىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن باردىم، ئۇنىڭغا يېلىندىم، ئاتا - ئانامۇ باردى. ئاخىر ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدۇق. كۆڭلۈم بىرئاز ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. مەن ئەمدى ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇشنى، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ قىلىشنى نىيەت قىلدىم. ھەرقانچە ئېغىرچىلىقى بولسىمۇ كۆتۈرۈپ كېتەي دەپ ئويلىدىم. ئەمما، مېنىڭ بۇ ئوي - خىيالىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى. غونچەم بىرنەچچە كۈن تۇرا - تۇرمايلا، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ يەنە كېتىۋالدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەن ئۆيدە يوق چاغدىن پايدىلىنىپ كېتىۋالغانىدى. بولمىسا ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ بولسىمۇ كەتكۈزمىگەن بولاتتىم.

مەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە باردىم.

— ئالتۇن مونچاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاندىن كېلىمەن، شۇ چاغدا باراي، — دېدى غونچەم تەتۈر قاراپ.

— مەن پۇل تېپىپ ئالتۇن مونچاق ئېلىپ بېرەي، سەنمۇ بەكلا تاقىرىشىپ تۇرۇۋالمىغىن.

— ھىم، سەندەك توخۇ پوقىغىمۇ تېگىپتىكەنمەن. پۇلى يوق ئادەم خوتۇن ئالىمەن دېگۈچە، مادا ئېشەك ئالسا بولىدۇ.

غونچەمنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ

كەتتى. ماڭا تولىمۇ ئەلەم بولدى. خورلۇق دەستىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.
ئەتىسى تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. مەن بىر يەرگە بېرىشىم، بىرەر ئىش قىلىپ پۇل تېپىشىم، غۇنچەمنىڭ ئالتۇن مۇنچاقتىن ئىبارەت مۇقەددەس شەرتىنى ئورۇنلاپ، ھاقارەتلەنگەن ئىززەت - نەپسىمنى ئاقلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، نەگە بېرىشىمنى، نېمە ئىش قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بېشىم چويۇندەك قاتقانىدى. ئاخىر ئىش ئىزدەپ شەھەرگە كىرىش قارارىغا كېلىپ ئۆيدىن چىقتىم. تېخى تاڭ يورۇمىغانىدى. بۇلۇتلۇق ئاسماندا يۇلتۇزلار خىرە پىلدىرلايتتى. كېچىنىڭ سوغۇق ھاۋاسى تەنني جۇغۇلدىتاتتى. كۆڭلۈمدە پۇل تېپىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىستەك، بىرلا ئارزۇ ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى.
پىيادە مېڭىپ كۆن چىقىشتىن بۇرۇن شەھەرگە يېتىپ كەلدىم. تەلىيمگە يارىشا بىر قورۇلۇش ئورنىدىن ئىش تېپىلدى.
ئون نەچچە كۈن قورۇق نان غاجاپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىدىم. لەۋلىرىم چاك - چاك يېرىلىپ كەتتى. كېچىسى ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ياتتىم. چېكىنى قورۇيدىغان پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ بىردەم ئارام ئالمىدىم. غوللىرىمدىن ئاققان تەر دەستىدىن كۆڭلەكلىرىم شورلىشىپ داپتەك قېتىپ كەتتى. بولارنىڭ ھەممىسى غۇنچەمگە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئىدى.
مەن بۇ كۈنلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈپ، بىرنەچچە يۈز يۈەنگە ئىشلىدىم. غوجايىن تەگلىگەن پۇلنى ئېلىۋاتقاندا، قوللىرىم ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. يۈرىكىم شادلىقتىن دۈپۈلدەپ، ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل سۆيۈنۈش تۈيغۇلىرى يامرىدى. پۇلنى قولۇمغا ئېلىپلا غۇنچەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالتۇن مۇنچاق تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، كەچ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە يول ئالدىم. ئەپسۇسكى، مەن غۇنچەمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۆيدە ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى، تۇرۇپلا كۆڭلۈمنى مەيۈسلۈك قاپلىدى.
— غۇنچەم قېنى؟— دەپ سورىدىم قېيىنئانامدىن.
— ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن،— دەپ جاۋاب بەردى قېيىنئانام.

مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ، غۇنچەمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە باردىم. غۇنچەم ئۇ يەرگە بارماپتۇ. قېيىنئانامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم. قېيىنئانام «ئەمىسە نەگە كەتكەندۇ بۇ بالا» دەپ بىلمەس بولۇۋالدى. كەچ كىرىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. مەن خېلى ئۇزاق ساقلىغان بولساممۇ، غۇنچەم قايتىپ كەلمىدى. يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ كەتكەنىدى. غۇنچەمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قالدىم.

ئەتىسى ئاش ۋاقتى بولغان چاغدا، غۇنچەم ئالتە - يەتتىدەك گۆشگىردە سېلىنغان بىر يالتىراق خالتىنى پولتۇڭشىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆيقۇ قايناپتتى. مەن ئۇنىڭ ئەلەسلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ تۇرقىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۇرۇپلا بىر خىل كۈنداشلىق ئوتى يۈرىكىمدە لاۋۇلداشقا باشلىدى.

— نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟— سورىدىم غۇنچەمدىن.

— تېرەكلىكتىكى ئاچامنىڭ ئۆيىگە،— دەپ جاۋاب بەردى غۇنچەم. ئۇ باشقا بىر ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى دەۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا ماڭ، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ كېلەيلى،— دېدىم تىت - تىت بولۇپ.

— مەن ھازىرلا شۇ يەردىن كەلگەن تۇرسام، بارمايمەن،— دېدى غۇنچەم چالۋاقىغىنىچە،— بەك بارغۇڭىز بولسا، ئۆزىڭىز بېرىۋېرىڭ.

— مەن سېنى دەپ كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ پۇل تاپتىم. ئالتۇن مۇنچاق ئېلىپ بېرەي دەپ كەلگەنىدىم.

— سىز ئېلىپ بەرمىسىڭىزمۇ ئېلىپ بېرىدىغانلار جىق......

داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. مېڭەم زىڭىلداپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. شۇ تاپتا غۇنچەمنى چايناپ يۇتكۈۋەتسەممۇ ئاچچىقىم چىقمايتتى.

— بايىقى گېپىڭنى يەنە بىر دېگىنە،— مەن غۇنچەمنىڭ ئالدىغا

دېۋەيلەپ باردىم.

— ھە، نوچى ئوخشىمامدۇ ،— دېدى قېيىنئانام ئالدىمغا ئۆتتىك مېڭىپ كېلىپ،— تاك ئېتىپ بىرنى چېكىپ باقسىلا، مۇشۇ ئۆيدىن چىقالامىلىكى قېنى......

ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئەسلىدە بۇ خەقلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى بىر ئىكەن- دە. مەن بۇ ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىم.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مەن كاللامنى ئازراق سەگىتىپ كېلەي دېگەن نىيەت بىلەن يېزا بازىرىغا باردىم. بازارنى ئۇ باشتىن بۇ باشقا نەچچە قېتىم ئايلاندىم. پۇتلىرىم تۇگمەن تېشى ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىر بىلىنەتتى. نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەي، مەقسەتسىزلا چۆرگىلەپ يۈردۈم.

تۇرۇپلا مەھەللىمىزنىڭ چېتىگە ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي سېلىپ ئولتۇرغان، يېشى ئەللىكلەرگە تاقاشقان «ئاينۇر قۇشقاچ» دېگەن ئايال ئېسىمگە كېلىپ قالدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ياش ۋاقتىدا ئاجايىپ سۇمباتلىق، چىرايلىق ئايال ئىكەنمىش. ئۆمرىدە توققۇز ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىپ، ئاخىر كوچا سەتەڭگى بولۇپ كەتكەنىكەن. بەلكىم توققۇزدىنمۇ كۆپ ئەرگە تەگكەندۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنى شۇ ئىكەن. ئۇنىڭ تۇتۇرۇقسىز، ئۇچىمە كۆڭۈل مىجەزىنى بىلگەن كىشىلەر، ئۇنى شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان قۇشقاچقا ئوخشىتىپ، ئىسمىنىڭ كەينىگە «قۇشقاچ» دېگەن لەقەمنى قوشۇپ قويۇشقانىكەن. ئۇ يۈرتتىن تۇيۇقسىز چىقىپ كېتىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپتۇ ۋە مەھەللىنىڭ چېتىدىكى تاشلاندۇق يەرگە چىرايلىق قورۇ - جاي سېلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قورۇ - جايىغا كۈندە دېگۈدەك ئېسىل ماشىنىلار، ھەر خىل ئادەملەر كېلىپ تۇراتتى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۆيدە ھاراق - تاماكا سودىسى قىلارمىش. مەن ئۇنىڭ بۇنداق سودا قىلىدىغىنىنى ئۆزۈم كۆرمىگەن، باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم. مانا ھازىر تۇرۇپلا، ئاينۇر قۇشقاچنىڭ ئۆيىگە بارغۇم كېلىپ قالدى. جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا تاسقىلىپ يۈرىدىغان بىر ئاغىنەم مېنىڭ ھېچقانداق كەيپ قىلمايدىغانلىقىمنى

مەسخىرە قىلىپ: «سەن جاھاننىڭ لەززىتىنى تېتىيالماي ياشايسەن» دېگەنىدى. مانا ھازىر جاھاننىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقماقچى، دەرد - ھەسرەتتىن خالىي بولماقچى بولۇۋاتاتتىم.

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاينۇر قۇشقاچنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان قايماق رەڭ كىچىك ماشىنا كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ خىش بىلەن قوپۇرۇلغان چىرايلىق تېمى تۈۋىدە، يەنە بىرنەچچە موتوسىكلىت توختىتىپ قويۇلغانىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆي ئىچىدە خېلى جىق مېھمان باردەك قىلاتتى. مەن بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىگە كەلدىم. كۆكۈش سىر بىلەن سىرلانغان تۆمۈر دەرۋازا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دەرۋازىنى ئىتتەردىم. دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئايال بېشىنى چىقاردى. ئاقپىشماق، يۈزى يۇمىلاق، گۈزەل چېھرىدىن تەبەسسۇم جىلۋىسى بالقىپ تۇرىدىغان ئاينۇر قۇشقاچنىڭ يېقىملىق چىرايى كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى.

— ۋاي - ۋۇي، زاكىرجان، — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپلا ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — كۈن غەربتىن چىقتىمۇ نېمە؟ قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟ ئېشەككە مۈڭگۈز چىققاندەك ئىشقۇ بۇ. كېلىڭ، كېلىڭ. توغرا، دەرد - ھەسرەت دېگەن ئادەمنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويىدۇ، زاكىرجان، قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

ئاينۇر قۇشقاچنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. توۋا، ئۇ مېنىڭ دەرد - ھەسرەت چېكىپ يۈرگەنلىكىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟

ئاينۇر قۇشقاچ مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەن كىچىك ئىشىكتىن بېشىمنى ئېگىپ ھويلىغا كىردىم. ھويلىنىڭ ئۇدۇل تېمى بىلەن ئىككى يان تېمىنى بويلىتىپ سېلىنغان ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھەممىسىگە بىر قاناتلىق ئىشىك بېكىتىلگەن، خۇددى ئىجارىگە بەرگىلى سېلىنغان ئۆيدەك قاتار كەتكەن بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھويلىغا قاراپ ئېچىلغانىدى. بىرنەچچە ئۆيدىن كۈلكە - چاقچاق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئاينۇر قۇشقاچنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان خۇشخۇي چىرايىدىن تەبەسسۇم

يېغىپ تۇراتتى.

— قېنى زاكىرجان، بۇ ئۆيگە كىرىڭ،— ئايىنۇر قۇشقاچ شۇنداق دېگىنىچە ئالدىمدا مېڭىپ، دەرۋازىنىڭ قارشىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇم. چاققانغىنە سىلىنغان بۇ ئۆي چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. تامغا تۇتقان زەدىۋال بىلەن سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان ئوتقاشتەك خوتەن گىلىمى كۆزنى چاقنىتاتتى. گىلەم ئۈستىگە كىچىك شىرە قويۇلغان بولۇپ، شىرەگە تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

— قېنى، تارتىنماي يۇقىرى ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ،— دېدى ئايىنۇر قۇشقاچ ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە،— نېمە ئىچىسىزكىن، ئاڭلىسام ئايالىڭىزدىن ئايرىلىپ كېتىپسىز. كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ. خوتۇن دېگەن نېمىدى ئۇ، سىزدەك يىگىتلەرگە تىرناقتا تۇختىغۇدەك قىزلار ساماندەك تولا بۇ جاھاندا. قانغۇچە ئويناپ - كۈلۈڭ. بەھوزۇر ياشاڭ. ئىچىڭىز پۇشقان بولسا جېنىڭىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان قىزلارنى ھازىرلا تەق قىلىپ بېرىمەن.

ئايىنۇر قۇشقاچ قۇمدەك سۆزلەيتتى. قۇشقاچتەك توختىماي جاۋۇلدايتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانچە ھەيران قېلىۋاتاتتىم.

— ئايىنۇر ئاچا، مەن تېخى ئايالىمدىن ئايرىلىپ كەتمىدىم.

— ئاچا - پاچا دېگەنلىرىڭىزنى قويۇڭ،— دېدى ئايىنۇر قۇشقاچ گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپ،— تۈنۈگۈن ئايالىڭىز ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، مانا مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ سىز ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ دېدى. ئۇ تۇرسۇن بىلەن بىللە كەلگەنىكەن. تۇرسۇن ئۇنىڭ كونا ئېرىكەنغۇ؟

ئايىنۇر قۇشقاچنىڭ گەپلىرى بېشىمنى قوچۇۋەتتى. يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. تېخى غۇنچەم دېگەن پاسكىنا ئايرىلىپ كەتتۇق، دەپ يۈرۈپتۇ- يا، سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ، دېگەن شۇ- دە. سەنلەرنىڭ كۆرگۈلۈكلىرىنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام......

— يەنە...... يەنە قانداق ئىشلار بولدى؟— سورىدىم تىت - تىت بولۇپ.

— شۇنىمۇ سورايدىكەنسىز ئۇكام، ئەسلىي ئىچىشقان يەرگە تۇز سەپسەم بولاتتى. بۇ يەرگە كەلگەنلەر نېمە ئىش قىلماقچىدى، ئىچىدۇ، چېكىدۇ، يەنە...... بىزنىڭ بۇ ئۆيلەر ناھايىتى تىنىچ، ھەركىم خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ، ئەتىسىگەن چىقىپ كېتىشتى. ھە، گەپ قىلىڭە، نېمە ئىچىسىز؟

كاللام ھېچنېمىگە ئىشلىمەيۋاتىسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىچىملىك دەيدىغان نېمىنىڭ ھېچقاندىقىنى ئىچىپ باقمىغان تۇرسام، نېمىمۇ دەرمەن. ئايىنۇر قۇشقاچنىڭ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. «پىۋا ئىچىمەن» دېدىم ئاخىر زوۋانغا كېلىپ. ئايىنۇر قۇشقاچ چىقىپ كېتىپ، ھايالشىمايلا ئۈچ بوتۇلكا پىۋا كۆتۈرۈپ كىردى. پىۋا بوتۇلكىلىرىنى شىرە ئۇستىگە ئاۋايلاپ قويدى. بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر ئىستاكانغا لىققىدە پىۋا تولدۇرۇپ ماڭا تەڭلىدى. قولۇمغا ئېلىپ گۇپپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتىم - دە، جاۋغايلىرىمدىكى پىۋا مازغاپلىرىنى ئالقىنىم بىلەن سۈرتكەچ ئايىنۇر قۇشقاچقا قارىدىم.

— قانداق، بولامدىكەن؟ — سورىدى ئايىنۇر قۇشقاچ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن.

— ۋاي تاڭەي، تېرەك غازىڭىنىڭ سۈيىدەك تەمى بار بىر نېمىكەنغۇ، كۆڭلۈم ئېلىشىپلا كەتتى، — دېدىم چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئاق ئىچەمسىزيا؟

— ياق، مۇشۇنى ئىچىۋېرەي......

— ئەمسە ئۆزىڭىز قۇيۇپ ئىچكەچ تۇرۇڭ، باشقا مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ كىرەي.

ئايىنۇر قۇشقاچ چىقىپ كەتتى. تەمى كۆڭلۈمگە ياقمىغان بولسىمۇ پىۋىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ، بوتۇلكىلارنى قۇرۇقداپ قويدۇم. شۇ چاغقىچە يەنە ئۈچ - تۆت نۆۋەت مېھمان كېلىپ، ئايىنۇر قۇشقاچنىڭ باشقا ئۆيلەرگە ئورۇنلاشقاندەك قىلدى. ھەر قېتىم دەرۋازا چېكىلگەندە، خۇددى مەن تەقەززا بولۇۋاتقان بىرەرى كېلىپ كېلىدىغاندەك دېرىزە تۈۋىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ ھويلىنى كۆزەتتىم. كىرگەنلەر مەن تونۇمايـ ـدىغان، جۈپ - جۈپ بولۇپ كەلگەن ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر

ئىدى. كىرگەنلەر ئارىسىدا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلارمۇ، ياشلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خۇددى بىراۋلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئەتراپقا ئەنسىز قارىغىنىچە ئايرىم ئۆيلەرگە غىپپىدە كىرىپ كېتىشەتتى. بەزىلىرى نەۋرىسىدەكلا قىزلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلەتتى.

بىر چاغدا ئاينۇر قۇشقاچ ئىككى بوتۇلكا پىۋىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىچىپ بوپسىز - دە، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن،— يەنە ئىچىڭ، ئىچىڭىز بوشاپ قالىدۇ. ئامۇت ئالغان خۇرجۇندەك مۇشۇنداقلا سالپىيىپ ئولتۇرۇپ ئىچەمسىز؟ رەڭلىك ئولتۇرغۇڭىز يوقمۇ؟

— رەڭلىك؟— مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ئاينۇر قۇشقاچقا تەئەججۈپ ئىچىدە قارىدىم.

— كۆزى ئېچىلمىغان باچكىدە سىز. مۇنداق قىز - پىزلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچمەمسىز دەۋاتىمەن. شۇنداق ئولتۇرغاندا ئاندىن لەززەتتى بولىدۇ.

— مەن يالغۇز تۇرسام.

— سىز خالىسىڭىز، مەن ھازىرلا باشلاپ كىرىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە.

ئاينۇر قۇشقاچ ھايال ئۆتمەيلا ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنى باشلاپ كىردى. ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سالاملاشتۇق. قىپقىزىل گىرىمسىز تىكىلگەن يەڭسىز كۆڭلەك كىيگەن، ئويما ياقىسىدىن چوقچىيىپ تۇرغان ئەمچەكلىرىنىڭ يېرىمى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ قىز ئالدىمدا ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. قىزنى كۆرۈپ تىلىم كالۋالىشىپ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى. قىز تۇزۇت قىلمايلا كېلىپ، ماڭا چاپلىشىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە قارىدىم. ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىرىگەنىدى، زاڭقىدا پەيدا بولغان قوش زىناق ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ، سۇزۇك چىرايىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتتى. قىزنىڭ ئەگىم قاشلىرى، بوستان كىرپىكلىرى، قاشتېشىدەك سۇزۇك، ئىنچىكە بويۇنلىرى...... ئىشقىلىپ ھەممە يېرى شۇنداق گۈزەل، شۇنداق سۇمباتلىق كۆرۈنەتتى. ئاللا جىمى گۈزەللىكنى

مۇشۇ قىزغىلا بىرنۇەتكەندەك قىلاتتى.

— نىي...... نېمە ئىچىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن قورۇنۇپقىنا.

— ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاق ھاراق ئىچەيلى غوجام، ئاق ھاراق، — قىز شۇنداق دېگىنىچە ئاينۇر قۇشقاچقا قارىدى. ئاينۇر قۇشقاچ دەررۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇ ئاق ھاراق ئەكىرگىلى ماڭغاندەك قىلاتتى.

ئاق ھاراقتىن بىر رومكا ئىچىپلا قېقىلىپ كەتتىم. ئاغزىمدىن كىرگەن قوقاس كانىيىمنى پىژىلدىتىپ يەنە بىر يەرلىرىمدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇچەي - باغرىم ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. قىز ھاراقنى قۇيۇپ ماڭا سۇنۇۋەردى. ئۇنىڭ ئاپپاق نازۇك قوللىرىدا سۇنغان رومكىلارنى پەقەت رەت قىلالمىدىم. ئىككىمىز قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىشتۇق.

بىر چاغدا قارىسام، ئۇنىڭ يۈزلىرى بەئەينى تاڭ شەپىقىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ تولىمۇ تارتىملىق، لاتاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. يۈلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئىلتىجا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇردى. بوينىنى ئېگىپ، بېشىنى مۈرەمگە ئاستا قويۇپ، قوللىرىمنى چىڭ تۇتتى. ئۇنىڭ مامۇقتەك يۇمشاق، ئوتتەك قىزىق ئالقانلىرىدىن تارىغان كۈچلۈك ھارارەت قېنىمنى قىزىتىۋەتتى.

مەن ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم، يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدۈم. پەقەت شۇلا ئېسىمدە...... بىر چاغدا ئويغانسام ھۇجرامدا يېتىپتىمەن. مېنى بىرى ئەكېلىپ قويدىمۇ ياكى ئۆزۈم كەلدىممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ھۇجرامدا يېتىپتىمەن. ھەرقانداق قىلىپمۇ كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى، ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم.

شۇ ئان ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم. بېشىم پىرقىراپ، ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر باستى. يانچۇقۇمدىكى پۇللاردىن بىر تىيىنمۇ قالمىغانىدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. پۇلۇمنى ساختا تەبەسسۇملىرى بىلەن يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن

ئاشۇ چىرايلىق ئالۋاستى ــ «سۆيۈملۈك ئوغرى» نىڭ سوقۇپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. قانداق قىلىمەن؟ «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېمەكتىن باشقا چارە يوق. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ زاكۇنلاشسام، يۈز ـ ئابرۇيۇم تۆكۈلمەمدۇ.

«جېنىڭىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان قىزلارنى هازىرلا تەق قىلىپ بېرىمەن» . ئاينۇر قۇشقاچىنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە قايتىدىن جاراڭلىغاندەك بولدى. راستكەن، هەقىقەتەن راستكەن، ئۇ ئالۋاستى راستتىنلا جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇپتۇ.

مەن دەلدەڭشىگىنىمچە ئاستا مېڭىپ سىرتقا چىقتىم. ئەس ـ هوشۇم جايىدا ئەمەس، خىياللىرىم چېچىلىپلا تۇراتتى. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. بۈگۈن بازاردا بولغان ئىشلار، ئاينۇر قۇشقاچىنىڭ نەس باسقۇر ئۆيى، هەممىسى كۆز ئالدىمغا كەلدى. «ئايالىڭىز ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، ئۇ مۇشۇ سىز ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ دېدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ كونا ئېرى ئىكەنغۇ...... ئۇلار مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ ئەتىگەن چىقىپ كېتىشتى» . ئاينۇر قۇشقاچىنىڭ زىل ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولدى. كاللام ئېتىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. مەن ئاخىر غۇنچەم بىلەن ئارىدىكى ئىشلارنى ئۈچۈقلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم.

كەچكە يېقىن غۇنچەمنىڭ ئۆيىگە باردىم. بۇ چاغدا كاللام خېلى سەگىلىشىپ قالغانىدى. ئەمما، پۇت ـ قولۇم ماغدۇرسىز ئىدى. قېيىنئانام بىلەن تىنچلىق سوراشتۇق. قارىغاندا غۇنچەم يەنىلا ئۆيدە يوقتەك قىلاتتى.

ــ غۇنچەم بىلەن كۆرۈشەي دەپ كەلگەنىدىم، ــ دېدىم قېيىنئانامغا.

ــ بايا بار ئىدى، ــ دېدى قېيىنئانام. مەن ئۇنىڭ يالغان ئېيتۋاتقانلىقىنى پەملىدىم.

ــ ئۇ نېمىشقا ئۆيدە ئولتۇرمايدۇ؟ ــ دېدىم.

ــ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، بىردەمگىچە پەيدا بولار...... ــ قېيىنئانام شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن تۇيدۇرماي

كەينىدىن چىقتىم. ئۇ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر دۇكان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ قۇلاق سالدىم. قېينئانام بىرىگە تېلېفون قىلدى. ئۇنىڭ ئۇنلۇك - ئۇنلۇك تووۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ھەي قانجۇق، سەن نەدە؟ ئېرىڭ ئىزدەپ كەپتۇ، قىز تۇغقانغا تويغۇزماي دەرھال ئۆيگە كەل، ۋۇ ياغاچ قۇلاق باشتۇق......»

قېينئانام دۇكاندىن چىقتى. ئۇ ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، مەن دۇكان ئىچىگە كىرىپ تېلېفوندىن بايىقى نومۇرنى ئىزدىدىم. ئۇ بىر يانفوننىڭ نومۇرى ئىكەن. خاتىرجەملىك قېينئانامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم. مەن سۇپىنىڭ گىرۋىكىدىكى داق يەردە ئولتۇرۇپ:

— بايا نەگە بېرىپ كەلدىلە؟— دەپ سورىدىم.

— تەرەتكە چىقىپ كىردىم،— دېدى قېينئانام.

—ئۆمۈرلىرىدە بىر ئېغىز راست گەپ قىلسىلا بولمامدۇ؟— دېدىم تەئەددى بىلەن،— سىلى ھازىر غۇنچەمگە تېلېفون بېرىپ كىردىلىغۇ.

—غۇ...... غۇنچەم تېرەكلىكتىكى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ،— دېدى قېينئانام دۇدۇقلاپ.

— سىلى ئۇنى نېمىشقا باشقۇرالمايدىلا، ھېلىلا، غۇنچەم ھازىر بار ئىدى دېگەن ئىدىلىغۇ. قارىغاندا ئىككىلىرى بىر بولۇۋېلىپ دوپپامغا جىگدە سالغىلى تۇرۇپلا -ھە.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئۇنىڭ بويىنىدىن باغلاپ بەرسەم بولامتى سىلىگە. ئۆزى باشقۇرالماي، دەۋاتقان گېپىنى......

ئاچچىقتىن پۇتۇن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. بۇ ئىشنى ئوچۇقلاشتۇرماي بولمايتتى. شۇڭا، قەتئىي نىيەتكە كەلدىم - دە، غۇنچەمنىڭ تېرەكلىكتىكى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم.

«تېرەكلىك» دېگىنى باشقا بىر يېزا ئىدى. مەن غۇنچەمنىڭ ئۇ يەردىكى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە تېخى بېرىپ باقمىغانىدىم. نەچچە ئادەمنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ مىڭبىر جاپادا ئۇ ئۆينى تاپتىم. ھويلا ئىشىكىنى چەكتىم. غۇنچەمنىڭ ئاچىسى ھويلىسىغا چىقتى.

— مەن زاكىرجان، غۇنچەم ئۆيدە بارمۇ؟

— يوق، ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇ ئۆيگە كەلمىدى. نېمە ئىش بولدى؟ ئۆيگە كىرىڭە، — دېدى غۇنچەمنىڭ ئاچىسى.

— خوش، مەن قايتاي، — دېدىم - دە، كەينىمگە ياندىم. مەن شۇ چاغدىلا قېينئانامنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلدىم. توۋا، بۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن ئائىلىگە نېمىشقىمۇ كۈيئوغۇل بولۇپ قالغان بولغىيدىم.

مەن يەنە بىرمۇنچە دەرد - ھەسرەتنى ھاپاش قىلىپ قايتتىم. بېشىم قېيىپ، يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشاتتى. پۇت - قوللىرىمدا پەقەت ماغدۇر يوق، ماڭغۇدەك ھالىممۇ قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ماڭماي بولمايتتى. كېچە قوينىدا سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتىم.

بىر چاغدا ئاۋات بىر رەستىگە كېلىپ قاپتىمەن. قارىغاندا يېزا مەركىزى بولسا كېرەك، يول بويلىرىدا قاتارى دۇكان بار ئىدى. تەلىيىمگە بىر دۇكاننىڭ چىرىغى يېنىپ تۇرۇپتۇ. مەن دۇكان ئىچىگە كىرىپ، ھېلىقى خاتىرىلىۋالغان نومۇرغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفون ئۇلاندى. «ۋەي، كىم سىز؟» دېگەن ئاۋازدىن، ئۇنىڭ غۇنچەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭدا يانفون پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، دەماللىققا گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدىم. غۇنچەم مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى قايتا سورىدى. مەن «سەن قەيەردە» دەپ سورىدىم. ئۇ مېنى تونۇپ قالغان بولسا كېرەك، «سىز...... سىز قەيەردە؟» دەپ سورىدى. مەنمۇ «سەن قەيەردە» دەپ تەكرارلىدىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئەرنىڭ «ئاناڭنى بىر نېمە قىلغان يەردە» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ھاقارەت جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ «قەيەردە بولساڭ دەرھال قايتىپ كەل، بولمىسا كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن» دەپ ۋارقىرىدىم - دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. دۇكانچىغا بەش موچەن بېرىپ سىرتقا چىقتىم. پۈتكۈل جاھان گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك، زۇلمەت ئىچىگە چۆككەندى.

كېچە تەڭدىن ئۆتكەندە، ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. كۆرپىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ، تورۇسقا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرۈپ ياتتىم. بېشىم

زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، ئۇستىخانلىرىم ئۇرۇپ چىقىۋەتكەندەك سىرقىرايتتى. ئاچچىق ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

مەن ئەسلىي ھەرقانچە خورلۇق تارتساممۇ، ھەسرەت - نادامەت چەكسەممۇ بەرداشلىق بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. بىزدەك دېھقان خەقنىڭ توي قىلىشىمىز ئاسان ئەمەستە. ئەپسۇسكى، رېئاللىق مېنىڭ ئىرادەمگە باقمىدى. ئەمدى مەن چوقۇم بىر قارارغا كېلىشىم، بۇ ئىشنى تەلتۆكۈس بىر ياقلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى.

مەن بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە قوياش ئىككى قېتىم چىقىپ، ئىككى قېتىم پاتتى. دەردلىرىممۇ يۈرىكىمدە ئېغىر تاش بولۇپ قاتتى. ئۇنى ئېرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە قىزىتمام ئۆرلەپ، چىپىلداپ تەرلەپ ياتتىم. گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ئازراق ئوڭشىلىپلا غۇنچەمنىڭ مەھەللىسىگە باردىم. لېكىن، ئۇ پەقەت ئۆزىنى كۆرسەتمىدى.

«غۇنچەم ھېلىقى كۈنى گۆشگىردە كۆتۈرۈپ كەلگەنىدە، ئۇنى بىر ئەر كىشىنىڭ موتوسىكلىت بىلەن ئەكېلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئەر كىشى تۇرسۇنمۇ- قانداق؟» تۇرسۇن خىيالىمغا كەلگەن ھامان تەنلىرىم شۈركىنىپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتەتتى. مانا ھازىرمۇ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، ئەنسىز سوقماقتا ئىدى. تۇرسۇن بولامدۇ، باشقىسى بولامدۇ ئەمدىلىكتە مەن ئۈچۈن بەرىبىر، ئىشقىلىپ غۇنچەمنى كەينىگە مىندۈرىدىغان، ئىزدەپ كېلىدىغان ئەرلەرنىڭ موتوسىكلىتىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىمەن دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇ نىيەت، شۇ ئىستەك ماڭا بىردەممۇ ئارام بەرمەيتتى. مەن ئاخىر يېرىم جىڭلىق سولياۋ قۇتىدىن بىرگە بېنزىن قاچىلىدىم. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى. بېنزىن قاچىلانغان قۇتىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، غۇنچەمنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى يىراق ئىدى. پىيادە كەلگەچكە ھېرىپ كەتتىم. ئۇنىڭسىزمۇ ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن دەرد - ھەسرەت مېنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئىشىك تۈۋىدە بىردەم دېمىمنى ئېلىۋالدىم.

غۇنچەمنىڭ ئۆيدە بار - يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلالمايتتىم. مەن

تەۋەككۇل قىلىپ ئۆيگە كىردىم. تەلىيىمگە يارىشا، غۇنچەم ئۆيدە بار ئىكەن، كۆرۈشتۇق. ئۇ ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ماڭا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ قويدى. مەن غۇنچەمگە ئايرىم پاراڭلىشىشنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى ھۇجرىسىغا باشلىدى. شۇ تاپتا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە دېگۈم، ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ھېساب ئالغۇم كېلىۋاتاتتى. ئەمما، نېمىشقىكىن ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغۇم كەلمىدى. كەڭ قورساق بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى، مېنىڭ يەنە قايتا تويى قىلىشىم تەسكە توختايتتى. ئىززەت - نەپسىم يەرگە ئۇرۇلسىمۇ، ئىمكانىيەت غۇنچەمنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىپ، ئۇنى بۇ تۇيۇق يولدىن قايتۇرۇشنى، ئائىلەمنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىدىم.

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، غۇنچەم،— دېدىم ئۇنىڭغا يىلىنىش نەزىرىدە تىكىلىپ قاراپ،— مەن ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايمەن، ياخشى ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلگىن، بىز يارىشىپ قالايلى.

— ياق، مەن ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان، ئاجرىشىپ كېتىمەن،— دېدى غۇنچەم كەسكىن قىلىپ.

مەن ئۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن گەپ قىلىپ باقتىم. ئەمما، ئۇ گەپلىرىمنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى. ئاخىر ئۇنىڭ ئالدىدا خورلۇق تارتىپ يۈرگىچە چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتىپ، باشقا كەلگەننى كۆرەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

— ماقۇل ئەمىسە، ئاجرىشىپ كېتەيلى،— دېدىم ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن،— ئەتە تويى خېتىنى ئېلىپ كېلەي، يېزىغا بېرىپ خەتنى ئايرىۋېتەيلى.

— مانا ماۋۇ گېپىڭىز دۇرۇس گەپ بولدى،— دېدى غۇنچەم خۇددى شۇ گەپكە تەشنا بولۇپ تۇرغاندەك، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھىجايغىنىچە.

بىز بىرھازا جىمىپ كېتىشتۇق. ئۆي ئىچى ئىنتاسىلىققا چۆمدى. قېرىشقاندەك قىزىم يەنە ئۆرلەپ بىشىم پىرقىراشقا باشلىدى. ئولتۇرغۇدەك ھالىم قالمايۋاتاتتى. ئاخىر ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدۇم:

— ئۆيگە كېتەي دېسەم بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ،— دېدىم

غۇنچەمگە يەر تېگىدىن قاراپ، — بېشىم بەك قىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئازراق ئارام ئېلىپ ئاي تۇغقاندا چىقىپ كېتەي، ماڭا ئورۇن سېلىپ بەرگىن، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىجايىم بولۇپ قالسۇن.

— ئۇ...... ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى غۇنچەم ھەيران بولۇپ، — ئۈيدە ئاتا - ئانام تۇرسا.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، بىز تېخى ئەر - خوتۇنغۇ. ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار تېخى......

غۇنچەم سۇپا ئۈستىگە ئىككى كىشىلىك ئورۇن سالدى. ئىككىمىز بىردىن ئورۇنغا كىرىپ ياتتۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ خىيالى بۆلەك، بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدۇق. مېنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك قىلاتتى. لېكىن نېمە دېيىشىمنى، گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلمەيتتىم.

مەن يۈرەكنى سىقىدىغان بۇ بۇرۇقتۇرمىلىققا چىدىمىدىم. ئاخىر غۇنچەم ئېرىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ ئاۋۇندۇرۇپ باقاي دېگەن ئوي بىلەن قولۇمنى ئاستا سوزۇپ ئۇنىڭ يوتقىنى ئىچىگە تىقتىم. ئۇ «تارتىپ سېسىق قولىڭىزنى» دېگىنىچە قولۇمنى زەردە بىلەن سىلكىدى. ئۆز - ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم. يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ تولغىنىپ ياتتىم. شۇ تەرزدە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقۇ كەلمىدى. بىر چاغدا ئۆيگە يېقىن بىر يەرگە موتوسىكلىت كېلىپ توختىغاندەك قىلدى. بېشىمنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدىم. پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پەيت كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئورنۇمدىن تۇردۇم. غۇنچەممۇ ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك، «نەگە بارىسىز» دەپ سورىدى. مەن ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن «ئاغىنىلىرىم ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، چىقىپ باقاي» دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن سىرتقا چىقتىم. ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك، ياق، مېنىڭ ئازابلىق كۆڭلۈمدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. مەن ئەتراپقا قاراپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئارىدا بىر ئەركىشى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېگىنىچە قولىنى سوزۇپ ئالدىمدىلا پەيدا بولدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدىم.

— سىلى غۇنچەمنىڭ چوڭى بولامدىلا ياكى كىچىكىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— غۇنچەمنىڭ كىچىكى، — دەپ جاۋاب بەردىم چاندۇرماستىن.

— غۇنچەم ئۆيدە بارمۇ؟

— بار، بۇ كېچىدە ئىزدەپ كەلگۈدەك ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — سورىدىم ئۇ كىشىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ. شۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— تۇرسۇن غۇنچەمگە ئېلىپ بەرگەن تېلېفوننىڭ ئېكرانى يورۇمايدىكەن، تېلېفوننى ئېلىپ چىقىڭلا، ئالماشتۇرۇپ بېرەيلى دېگەنىدى، — دېدى ھېلىقى ئەر. مەن شۇ چاغدىلا غۇنچەمدە يانفون پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم.

— غۇنچەم ئۆيدە بار، يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدىم ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ھېلىقى ئەر ئالدىمدا ماڭدى. ھويلىغا كىرىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدىم. ئارقىدىن بىرىپ قىيىنئانام ـ قېيىنئاتاملار ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئۇلار ئويغاندى. ھېلىقى ئەرنى غۇنچەمنىڭ ھۇجرىسىغا باشلىدىم. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك، قارامتۇل كەلگەن ئادەم ئىكەن. قېيىنئاتاملارمۇ بىز تۇرغان ھۇجرىغا كىردى.

— قېنى، بۇنىڭدىن سوراپ بېقىشسىلا، — دېدىم ئۇلارغا ھېلىقى ئەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ نوچى كېچىدە غۇنچەمنى ئىزدەپ نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىدۇ؟

ئۇلار بىردە ماڭا، بىردە ھېلىقى ئادەمگە قارىغىنىچە نېمە دېيىشنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— بۇ مۇشۇ زاكىرجان دېگەن لامزەللىنىڭ ئويۇنى، — دېدى

غۇنچەم چىچاڭشىغىنىچە، — ئۇ بىزنى قەستەن ئۇسال قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، تېخى بايىلا ئاغىنىلىرىم ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ چىقىپ كەتكەن......

غۇنچەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. تىلىم گەپكە كەلمىدى. قېيىنئاتام:

— ھەي ئوغرى، سەن زادى نېمە قىلماقچى، قىز بەرگەنگە تويـ. ـغۇزامسەن؟ — دېگىنىچە ياقامدىن كاپپىدە بوغدى.

ئەمدى بۇ ئىشقا نېمە دېگۈلۈك، قېيىنئاتام سەكسەن ياشلاردىن ھالقىغان، پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئادەم ئىدى.

— ئاۋۋال ئۇنىڭدىن سوراپ باقسىلا. نېمىشقا كەلگەنلىكىنى دەپ باقسۇن، — دېدىم.

قېيىنئاتام ياقامنى قويۇۋەتتى.

ئۇلار قوشقاچتەك چاۋىلدىشىپ سوئال سوراشتى. ھېلىقى ئەر ماڭا دېگەن ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئايان بولدىكى، ئۇنىڭ غۇنچەم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەن. غۇنچەممۇ ئۇنى تونۇمايدىكەن. ئۇ پەقەت تۇرسۇننىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ ئۆيگە كىرگەنىكەن. مەن ئۇنىڭدىن تۇرسۇننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدىم، ئۇ تۇرسۇننىڭ مۇشۇ ئۆينى كۆرسىتىپ قويۇپ، يول ئۈستىدە قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ھوجرىدىن چىقىپلا، ئىشكنى تېشىدىن تاقىدىم. ئۆي ئىچىدىكىلەر ۋارقىراشقىلى تۇردى. شۇ ئارىدا غۇنچەمنىڭ بىر ئاچىسى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھويلىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئەسلى مۇشۇ ئۆيدە بار ئىكەن. ئۇ ماڭا تەسەللى قىلدى. جېدەلنى چوڭايتماسلىقىمنى ئۆتۈندى. مەن تۇرسۇننى تۇتۇپ كەلمەكچى ئىدىم. ئۇ بۇ كېچىدە ماڭا تۇتۇق بېرەرمۇ؟ ئەگەر ئۇنى تۇتالمىسام، غۇنچەمنىڭ ئاچىسى ئىشكنى ئېچىۋەتسە، ھېلىقى ئەر قېچىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئىككى توخۇنى قوغلاپ، بىرىنىمۇ تۇتالماي قالسام قانداق بولىدۇ. غۇنچەمنىڭ ئاچىسى «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دەپتىكەن، بۇ ئىشنى چىرايلىقچە ھەل قىلايلى، ئانام بىلەن دادامنى چىقىرىۋېتىڭ، ئۇلاردا گۇناھ يوق، دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى. مەن ئىشكنى ئاچتىم، قېيىنئانام بىلەن قېيىنئاتام سىرتقا

چىقتى. شۇ چاغدا غۇنچەم بىلەن ھېلىقى ئەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقماقچى بولدى. مەن ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشىغا يول قويمىدىم. ئىشىكنى مەھكەم بىلەن تىرەپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى، ئۇلار سىرتقا چىقىپ كەتسىلا، پاكىت قولدىن چىقىپ كېتەتتى. غۇنچەم «ھۇ توخۇ پوقى، ئىشىكنى ئېچىۋەت، بىزنى سولاپ قويۇپ نېمە قىلدۇرماقچىدىڭ......» دەپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى كۈچەپ تارتتى. مۇشۇنداق پەيتتىمۇ ئۇنىڭ مېنى كۆزىگە ئىلماي ھاقارەت قىلىشى ماڭا بەك ھار كەلدى. مەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، يانچۇقۇمدىكى بىنزىن قاچىلانغان قۇتىنى قولۇمغا ئالدىم. «ماڭا يېقىن كەلمە، قولۇمدىكى بىنزىن، ئوت قويۇۋېتىمەن!» دەپ ۋارقىرىدىم ۋە بىنزىندىن يەرگە ئازراق تۆكتۈم. ئۆي ئىچىنى قويۇق بىنزىن پۇرىقى قاپلىدى. غۇنچەم قولۇمغا ئېسىلدى. سىرتتىكىلەرمۇ ۋارقىرىشىپ ئىشىكنى ئىتتەرگىلى تۇردى. مەن كۈچىيەلمىدىم. ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى، ھەممەيلەن چۇرقىراشقىنىچە ماڭا ياماشتى. غۇنچەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن بۇزۇقچىلىقلىرى ۋە شۇ تۈپەيلى تارتقان خورلۇقلىرىم بىراقلا كۆز ئالدىمغا كېلىپ، كۆڭلۈمدە بېسىۋالغۇسىز غەزەپ - نەپرەت پەيدا بولدى - دە، قولۇمدىكى بىنزىننى غۇنچەمنىڭ يۈزىگىلا چاچتىم، ئاندىن يانچۇقۇمدىن چاقماقنى ئېلىپ تاراسلىتىپ يېقىۋېدىم، غۇنچەمنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە لاپپىدە ئوت تۇتىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرەيتتى. شىددەتلىك ئوت يالقۇنى ئىچىدە قۇيۇندەك پىرقىرايتتى. ئېچىنىشلىق چىرقىرايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخ ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى. ھەممەيلەن قىيا - چىيا قىلىشىپ كېتىشتى. مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ ماڭغانچە يېزىلىق ساقچىخانىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. كېيىن ئاڭلىسام، غۇنچەمنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ. لېكىن، مېنىڭ يۈرىكىمگە تۇتاشقان ئازاب ئوتىنى ھېچنېمە بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ. غۇنچەم دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇپتۇ. ئەمما، ھازىرغىچە دوختۇرخانىدىن چىقالمىغانمىش. مېنىڭچە، ئۇنىڭمۇ ئازابىنىڭ تەمىنى تېتىپ باققىنى ياخشى. شۇ چاغدا باشقىلارنى ئازابلىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەر.

مەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالدىم، ئەركىن ھاياتتىن ئايرىلدىم. مەن ئەسلىي غۇنچەمگە ئۈنچىۋالا چاپلىشىۋالماي ئاجرىشىپلا كەتكەن بولسام، بۇنداق ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئەمدى روھىي جەھەتتىن تەييارلىنىپ قويدۇم. جازا مۇددىتىمنى تۈگىتىپ چىققاندىن كېيىن، ھاياتىمنى قايتىدىن باشلايمەن.

زاكىرجان سۆزىنى توختاتتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالغانىدى.

# بوۋاينىڭ كۆنلىرى

چەللە ئاستىدىكى سۆيۈنىڭ گىرۋىكىدە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قاسىم بوۋاينى ئېغىر غەم باسقانىدى. ئۇ زاڭقىنى ھاسا تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنىڭ ئۈستىگە تىرىۋالغانىدى. شۇ ھالەتتە ئۇنىڭ قەددىمۇ قولىدىكى ھاسىنىڭ تۇتقۇچىدەك بىر سىياقتا كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ھاسىسىنىڭ ئۇچىغا تىككىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆككەنىدى. قانداق قىلسام بولار، چۈجە بېقىپمۇ بېيىغىلى بولارمۇ كىشى؟ تېخى، باقمايمەن دېسىڭىز باقىدىغانلار جىق دەۋاتامدۇ، بوپتۇلا، ئاشۇ باققىلى ئامراقلارغا بەرسۇنچۇ ئۇ بىر نېمىلىرىنى......

قاسىم بوۋاي شۇلارنى ئويلىغاچ، گەۋدىسىنى سەل رۇسلاپ قويىدى. ۋىجىككىنە گەۋدىسى ئىككى تەرەپكە بىلىنەر - بىلىنمەس ئىرغاڭلىدى. ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە، زاڭقىنى يەنە قولىنىڭ ئۈستىگە قويىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالىنى بوغۇن كەنتتە ئېچىلغان يىغىن چىرمىۋالغانىدى.

يۇقىرىدىن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى كەلگەنلىكى كۆكتېرەك كەنت دېھقانلىرىنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى مەبلەغنىڭ نامراتلارنىڭ قولىغا بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر قۇلاقتىن - قۇلاققا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشەتتى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىپ بېيىش يولىغا ماڭالايتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قوي ئېلىپ بېقىش ئارزۇسى بار ئىدى. ھەممەيلەن ئىنچىكە تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان ئەنئەنىۋى قوي بېقىش ئۇسۇلىنىڭ ئېپى - جېپىنى ئوبدان بىلەتتى. قوي بېقىش — نان بېرىدىغان

كەسىپ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەردىن چىققان ئوت - سامان، كۆزدە سۈپۈرۈپ يىغىۋېلىنىدىغان دەل - دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى قوي بېقىشقا تولىمۇ باب كېلەتتى.

كۆكتېرەك كەنتىدە ئەللىك نەچچە ئائىلىلىك نامرات دېھقان بار ئىدى. قاسىم بوۋايمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئىدى. قاسىم بوۋاي يەتمىش ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان كىشى بولۇپ، قىسمەتنىڭ ئېغىر يۈكلىرى، جۇدۇن - چاپقۇنلىرى ئۇنىڭ گەۋدىسىنى قىسماقتەك ئېگىپ، تېخىمۇ ۋىجىكلەشتۈرۈپ قويغانىدى. ئاپپاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. پېشانىسىنى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي هايات يوللىرىدەك ئەگرى - بۈگرى سىزىقلار قاپلىغانىدى.

ئەللىك مىڭ كوي دېگەن ئاز پۇل ئەمەستە، ئوتتۇرا هېسابتا هەربىر ئائىلىگە ئاز كەم مىڭ كويدىن تەگدى دېگەن گەپ. ئەگەر ئۇ پۇل قولۇمغا تەگسە، هېچبولمىغاندا تۆت تۇياق قوي ئېلىۋالسام، بىردىن تۇغسا بىر ئېغىل قويۇم بولۇپ قالامدۇ...... قاسىم بوۋاي هەر قېتىم شۇلارنى ئويلىغىنىدا، چەكسىز بايلىققا ئېرىشكەندەك ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولاتتى. قورۇق باسقان چىرايىدا بەخت كۈلكىلىرى جىلۋە قىلاتتى.

قاسىم بوۋاي شۇنداق تاتلىق خىياللار ئىچىدە، بۈگۈن كەنتتە ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى مىڭ كوي پۇل هازىرلا ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆز ئالقىنىغا چۈشىدىغاندەك، بىر خىل شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە سوقماقتا ئىدى. ئەپسۇسكى، يىغىن قاسىم بوۋاينىڭ شېرىن خىياللىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. يىغىندا مەبلەغنى نامراتلارنىڭ قولىغا بەرمەي، بىرتۇتاش چۈجە ئېلىپ بېرىش ئۇقتۇرۇلغانىدى. كەنت باشلىقىنىڭ چۈجە يوغىنىغاندا تۇغىدىغان تۇخۇملار، ئۇنىڭ پايدىسى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي چۈشەندۈرۈشلىرى دېھقانلارنىڭ قۇلىقىغا ئانچە ياقمىدى. كەنت باشلىقىنىڭ گېپى تۈگمەي تۇرۇپلا، كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— هازىر ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپ هېسابلىغان بىلەن كىم بىلىدۇ، كۆزدە نېمە ئىش بولىدۇ تېخى......

— شۇنداق، چۈجىنى كۆزدە ساناڭ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— چۈجە دېگەن كېسەلگە يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارنى يامان بىر نېمە، نېمە بىلەن توخۇ بولىدۇ ئۇ؟

— نامراتلارنى بېيىتىش دېگەن قۇرۇق گەپكەن.

كەنت باشلىقى ئۈستەلگە قاتتىق مۇشتلىۋىدى، گەپدانلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولدى.

— نېمانداق تولا گەپ بۇ، — دېدى كەنت باشلىقى ۋارقىراپ، — بۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى، باقمايمەن دېيىش ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس، شۇڭا تۆت - بەش كۈنگىچە، ھەممە ئائىلە توخۇ بېقىش ئۆيىنى پۈتكۈزۈپ بولۇشى كېرەك. چۈجىلەر سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئۆلسە تۆلەم بەرگىلى ئادەم بار، نېمىدىن قورقۇش......

يىغىن تۈگىدى. قاسىم بوۋاي قورايدەك ئىنچىكە، ئورۇق قوللىرىدا ھاسىنى مەھكەم تۇتۇپ دوڭغاسلاپ ماڭغىنىچە كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۇكام، مەن چۈجە باقمايمىكىن دەيمەن، چۈجە ئالىدىغان پۇلنى قولۇمغىلا بەرسەڭلا، ئۈچ - تۆت قوي ئېلىپ باقاي......

— ئاكاۋوي، — دېدى كەنت باشلىقى قاسىم بوۋايغا چەكچىيىپ قاراپ، — مەن باياتىن بىرى تامغا سۆزلىدىمما؟ چۈجە باقمىسىڭىز سىزگە بېرىدىغان بىر تىيىنمۇ يوق.

— توخۇ بېقىش ئۆيىنى سالغۇدەك قۇربىتىم يوق ئۇكام، شۇڭا......

— ئۆيىڭىزدە قوي باردۇ؟ شۇنى سېتىڭ.

— ئۆتكەن يىلى ئۈچ قوي ئېلىپ بەرگەنىدىڭلار، بىرى پاساڭغا پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدى، ئىككىسى بار، ئۇنى سېتىۋەتسەم بولماس.

— تولا ئىتتى - مىتى دەپ بېشىمنى ئاغرىتماي بېرىپ تەييارلىقىڭىزنى قىلىڭ. تېز بولۇڭ......

كەنت باشلىقى شۇنداق دەپلا پېشىنى قېقىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ

كەتتى.

قاسىم بوۋاي خىيال بىلەن تۆت - بەش كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. خىيال ئۇنىڭغا خۇددى ئاشۇ يالغۇزلۇقىدەكلا ھەمراھ ئىدى. ئۇ نەۋرىسى ئايقىزنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، شۇنداق بىر ئولتۇرۇپ كەتسە، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قايتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئاشۇ سۇپا ئۈستىدە خىيال سۈرگىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. قارىغان كىشى ئۇنى ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى. ئۇ بىر نەچچەيلەننىڭ دۈكۈرلىشىپ ھويلىغا كىرگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى. چىمەن دوپپىسىنى پېشانىسىگە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان كەنت باشلىقى كەنت، مەھەللە كادىرلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ كىرىۋاتاتتى. ئۇلار توخۇ بېقىش ئۆيىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى.

— توخۇ باقىدىغان ئۆيىڭىز قېنى؟ — سورىدى كەنت باشلىقى قاسىم بوۋايدىن.

— مەن چۈجە باقمايمىكىن دەيمەن ئۇكام، — دېدى قاسىم بوۋاي خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ، — ئۆتكەن يىلى ياغاچلىرىمنى كېسىپ بۇ ئۆينى سېلىپ بەردىڭلار، ئەمدىلىكتە مېنىڭ توخۇ بېقىش ئۆيى سالغۇدەك ياغىچىم، يا كۈچۈم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خارەتكە بەرگۈدەك پۇلۇممۇ يوق.

— ئەستا، ماۋۇ ئادەمنىڭ بەغەرەزلىكىنى، — كەنت باشلىقى ئاچ-چىقتىن چېچىلىپلا كەتتى. ئۇنىڭ چېچەك ئىزى قاپلىغان قارامتۇل چوقۇر يۈزى تېخىمۇ قارىداپ، بورۇتلىرى لىكىلداپ تۇراتتى، — شۇنداق قىلىپ ھېچ ئىش قىلماي بۇتخانىنىڭ شەيخىدەك ئولتۇردۇم دەڭ، مەن قويىڭىزنى سېتىڭ دېدىمغۇ.

— قوينى سېتىۋەتسەم قانداق بولار؟

— سېتىڭ، سېتىڭ، يۆلىگەنسىرى يۆلىنىۋالغىلى تۇردىڭىز ئاكا. بولدى، خارەت، ئەمگەك كۈچى دېگەنلەرنى بىز چىقىرايلى، ياغىچىڭىز بولمىسا، كەنتنىڭ ياغاچلىرىدىن سېتىپ بېرەيلى.

قاسىم بوۋاي ئۇنچىقماي پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قويلىرىنى سېتىۋېتىشكە پەقەت كۆزى قىيمايتتى. قوناق، كۆنجۈرە، كېپەك يەپ يۇڭلىرى پارقىراپ، ئوبدانلا سەمرىپ قالغان پاقلانلار شۇنداق سوقتەك بولۇپ چوڭىيىۋاتاتتى. ئەتىيازغىچە ئۇلارنىڭ تۆت جان بولۇپ قېلىشىدا گەپ يوق ئىدى.

— قاراڭ ئاكا، — دېدى كەنت باشلىقى قوللىرىنى ئۇيان - بۇيان ھەرىكەتلەندۈرۈپ، — يۈز تال توخۇڭىز بولدىمۇ دەيلى، ئۇلار ھەر كۈنى ھېچبولمىغاندا ئەللىك، ئاتمىش تۇخۇم تۇغسا، يىگىرمە - ئوتتۇز كوي دېگەن گەپ. ھەر كۈنى شۇنداق پۇل كىرىم بولۇپ تۇرسا، بىر يىلدا ئالتە - يەتتە مىڭ كوي بولدى دېگەن گەپ.

كەنت باشلىقى بىرھازا ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ، قاسىم بوۋاينى ئاخىر قايىل قىلدى. قاسىم بوۋاينىڭ قايىل بولمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە يېزا، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى بۇيرۇق ئىدى. ياق، دەپ بىر باشقا چىققىلى بولمايتتى. ئۇلار قاسىم بوۋاينىڭ يەنە بەل قويۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئىشنى مۇشۇ يەردىلا تۈگەتمەكچى بولۇشتى. قاسىم بوۋاينىڭ قوينى كەنت كاسسىرى سېتىۋالدى. ئىككى قوينىڭ نەرخى تۆت يۈز يۈەنگە توختىدى.

ئۇلار قوينى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى. بوسۇغا تۈۋىگە بارغاندا، چار قۇلاق پاقلان قانداقتۇر بىرنېمىگە تارتىنىشقاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، ئىنچىكە ئاۋازدا سوزۇپ مەرىۋەتتى. شۇ ئان قاسىم بوۋاينىڭ يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەدەنلىرى بەكلا بوشىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— چوڭ دادا، مەن كەلدىم.

قاسىم بوۋاي بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى. ئۇ باش - ئاخىرى يوق تەگسىز خىياللار ئىچىدە قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا نەۋرىسى — ئون ئىككى ياشلىق ئايقىز كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا بىر باغلام ياپيېشىل لالە ئوت ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن يانغاندا ئېرىق

بويلىرىدىن، بۇغدايلىقلاردىن شۇنداق ئوت ئالغاچ كېلەتتى.

— مەن ئوتنى قويلارغا بېرىپ چىقاي، چوڭ دادا، — ئايقىز شۇنداق دەپلا يېنىك قەدەملەر بىلەن قوي ئېغىلى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— بولدى قىزىم، — دېدى قاسىم بوۋاي ئايقىزغا مەيۈسلۈك بىلەن قارىغىنىچە، — ئېغىلدا قوي يوق.

— نېمە؟ — دېدى ئايقىز كۆزلىرىنى قاسىم بوۋايغا تىككىنىچە، — قويلار نەگە كەتتى؟

— قوينى ساتتۇق قىزىم.

— نېمىشقا؟

— چۈجە باقىدىغان بولدۇق.

— نېمىشقا قوينى سېتىپ، چۈجە باقىمىز؟

— كەنت باشلىقى شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى، قىزىم.

ئايقىز باتىنىغاندەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ، قولتۇقىدىكى ئوتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ قاسىم بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قاسىم بوۋاي يېرىك ئالقانلىرى بىلەن ئايقىزنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان سارغۇچ چېچىنى سىلىغاچ بولغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئايقىزمۇ قاسىم بوۋاينىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ، تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ مەڭزىدە پەيدا بولغان چىرايلىق زىناق قاسىم بوۋاينىڭ دەردلىك يۈرىكىنى ياشارتقاندەك بولدى. ئايقىز قاسىم بوۋاينىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى ئىدى. ئايقىزنىڭ دادىسى ئايقىز ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا تىجارەت قىلىمەن دەپ بىر چىقىپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكى بولمىدى. ئايقىزنىڭ ئانىسى تۇغۇتتىن قېيىن كېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن مۇشۇ ئايقىزلا قىممەتلىك يادنامە بولۇپ قالدى. قىزىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان قاسىم بوۋاي ئەر - خوتۇن تۇڭگىشىپلا كەتتى. ئۇلار ئايقىزنى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى. ئەپسۇس، ئايقىز ئون ياشقا كىرگەن يىلى قاسىم بوۋاينىڭ قەدىناس ئايالى ئېغىر

يۈرەك كېسىلى بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. قاسىم بوۋاي ئۆزى ئۈزلۈك مەزگىل كېسەل ئازابى تارتقان ئايالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن پۈتۈن بىساتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئايالى ئۈنىڭغا ئايقىزدىن باشقا جۇدالىق، قايغۇ - ھەسرەت، يالغۇزلۇقنىلا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. دەرد - ئەلەم قاسىم بوۋاينى مۈكچەيتىۋەتتى. ئۇ پەقەت ئايقىزغا قاراپلا مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى. ئايقىز چوڭ بولغانسېرى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرى ھەم چوڭ، ھەم نۇرلۇق ئىدى، كۆلگەندە پەيدا بولىدىغان زىنىقى قويۇپ قويغاندەكلا ئانىسىغا ئوخشايتتى. شۇڭا، قاسىم بوۋاي بۇ نەۋرىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى. ئايقىز ھەمىشە قولۇم - قوشنىلار بەرگەن نىمكەش كونا ئاياغلارنى كىيىپ يۈرەتتى، بۇلارنى كۆرگەن قاسىم بوۋاينىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ھېيت - ئايەملەردىمۇ ئايقىزغا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرەلمىگىنىگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى. شۇلارنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا گۈرزىدە يىغا ئولىشاتتى.

چۈجىلەر دېھقان تورمۇشى تازا سېرىقتال بولۇۋاتقان مەزگىلدە تارقىتىلدى. ماي ئېيىنىڭ بېشى بولغاچقا، بۇغداي تېخى پىشمىغانىدى. قوناق بولمىسا چۈجىلەرنى باققىلىمۇ بولمايتتى. ئون مىڭدىن ئارتۇق چۈجە نامرات دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى، قاسىم بوۋايغىمۇ بىر يۈز يىگىرمە چۈجە تەقسىم بولدى. بەزىلىرى سۈتتەك ئاق، بەزىلىرى ئاق سېرىق چۈجىلەر قاسىم بوۋاينىڭ يېڭى ياساتقان توخۇ بېقىش ئۆيىدە توختىماي چۈكۈلدىشىپ، ئۇيان - بۇيانقا يۈگۈرۈشەتتى. بۇ شوخ چۈجىلەرگە قاراپ قاسىم بوۋاينىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە بىر خىل ئەنسىزلىك، مەيۈسلۈك ئەۋج ئۇراتتى.

— كازژاپلار، — دېدى قاسىم بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — مۇشۇ ئورۇق، مۇشتۇمچىلىكمۇ كەلمەيدىغان چۈجىلەرنى تۆت كوي سەككىزمودىن ئالدۇق دەۋاتىمدۇ، ھازىرلا بازارغا ئەكىرسە ئىككى كويغا يا ئالىدۇ، يا ئالمايدۇ، قاچانمۇ قارنى توياركىنتاڭ، يۈزى تامدىنمۇ قېلىن بۇ خەقلەرنىڭ.

قاسىم بوۋاي ئۆيىدىكى ئىككى چارەك قوناقنى يارما چاققۇزۇپ ئەكەلدى. لېكىن، بۇ قوناق يارمىلىرى چۈجىلەرگە بىرنەچچە كۈنلۈكلا ئوزۇقلۇق بولالىدى. قاسىم بوۋاينىڭ بېشى چويۇندەك قاتتى. لېكىن، بۇغداي پىشىشقا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن چۈجىلەرنىڭ پوكىنىنى ئاسماققا ئېسىپ قويغىلى بولمايتتى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ ياردىمىدە توخۇ بېقىش ئۆيى سېلىپ ئېشىپ قالغان بىر يۈز ئون كويغا ئون چارەك قوناق سېتىۋېلىپ، ياما چېقىپ كەلدى. بۇ قوناق يارمىسىنىڭ چۈجىلەرگە بىرەر ئاي ئوزۇقلۇق بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.

چۈجىلەر كۈندىن - كۈنگە پارقىراپ، پەي ئالماشتۇرۇپ، تىمەن ئۆسمەكتە ئىدى. قاسىم بوۋاي چۈجىلەرگە دان بەرگىلى كىرگەن هامان، چۈجىلەر بەس - بەستە چۇكۇلدىشىپ ئۇنى ئورىۋالاتتى. تېخى شوخراقلىرىدىن بىرنەچچىسى يىراقتىن قانات قېقىپ كەلگىنىچە قاسىم بوۋاينىڭ هاسىسىنىڭ تۇتقۇچىغا، بىلەكلىرىگە سەكرەپ قونىۋالاتتى. بۇنى كۆرگەن قاسىم بوۋاينىڭ يۈرىكى شادلىققا تولاتتى. كەچ كىرگەندىمۇ توخۇ بېقىش ئۆيىگە چىراغ ياندۇرۇپ، چۈجىلەرگە ئۇزاققىچە زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ هەر كۈنى ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى پاكار ئۈجمە تۈۋىگە چىقاتتى. هاسىسى بىلەن ئۈجمە قېقىپ، چۈجىلەرگە ئەكىرىپ بېرەتتى. ئۈجمە تالاشقان چۈجىلەرنىڭ تاماشىسى تولىمۇ قىزىق ئىدى. بىر چۈجە بىر تال ئۈجمىنى چىشلەپ قاچسا، باشقا بىرنەچچىسى ئالدىدا تۆكمە بولۇپ تۇرغان ئۈجمىلەرگە قاراپمۇ قويماي قاچقاننى ئەسەبىيلەرچە قوغلايتتى، تاكى قاچقىنىنىڭ ئاغزىدىن ئۈجمە چۈشۈپ كەتكۈچە قوغلايتتى. چۈجىلەر نەچچە توپ بولۇپ شۇنداق قوغلىشاتتى. توخۇ بېقىش ئۆيىنى قويۇق چاڭ - توزان قاپلايتتى. بۇ يەر خۇددى كىچىك بىر جەڭگاهقا ئوخشاپ قالاتتى. بۇ مەنزىرىدىن زوقلانغان قاسىم بوۋاي بىرهازاغىچە كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بارغانسېرى چۈجىلەرگە ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ باققان چۈجىلىرىنىڭ بىر - ئىككىدىن چاچراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قاسىم بوۋاينىڭ يۈرىكى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بەش ۋاق نامىزىنىڭ هەممىسىدە چۈجىلىرىگە ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ خۇپتەن نامىزىنى

ئوقۇپ بولۇپ، كېگىز جايىنامازدا ئۇستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چۈجىلىرىگە ئامانلىق تىلىدى. ئۇ جايىنامازدىن قوپقاندا، ئايقىز ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قاسىم بوۋاي ئاستا كېلىپ، ئايقىزنىڭ يوتقانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغان قوللىرىنى ئاۋايلاپ تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئورنىغا كېلىپ ياستۇققا باش قويدى.

ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ئىدى. كۆپكۆك ئاسماندا بىرنەچچە پارچە بۇلۇت لەيلەپ يۈرەتتى. قاسىم بوۋاي ئۆينىڭ بېقىنىدىكى ئۆرۈكلۈك بېغىدا چۈجىلىرىنى دانلىتىپ يۈرەتتى. شوخ چۈجىلەر قىن - قىنىغا پاتماي سەكرىشەتتى. بىر - بىرى بىلەن دان تالىشىپ ھۈرپىيىشەتتى، سەكرىشىپ چوقۇشاتتى. قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشكەن كۈچلۈك نۇر دەستىلىرى چۈجىلەرنىڭ يۇمران، پارقىراق پەيلىرى ئۈستىدە جىلۋە قىلاتتى.

توساتتىن باغنىڭ كەينى تەرىپىدىن شالدۇر - شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قاسىم بوۋاينى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ شۇ ئان ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. دەھشەتلىك قارا قۇيۇن باغ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بوۋاي چۈجىلىرىنى ئۆيگە سولىۋېلىشقا تەرەددۇتلىنىپ بولغۇچە، قۇيۇن ئىچىدە قالدى. قارا قۇيۇن ئۇنى ئۇچۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالغانىدى. ئۇ ئالدىدىكى بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ غولىغا مەھكەم يېپىشىۋالدى. قۇيۇن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، قاسىم بوۋاينىڭ ئالدىدا بىرمۇ چۈجە قالمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. چۈجىلەر پىرقىراپ كېتىۋاتقان قۇيۇن ئىچىدە خۇددى ئەسكى قەغەزلەردەك، قوناق پاخاللىرىدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. قاسىم بوۋاي گويا چۈجىلىرىنى قۇيۇن ئىچىدىن تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ كەلمەكچى بولغاندەك غولىچىنى كەڭ يېيىپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ قانداقتۇر بىر نېمىگە پۇتلاشقاندەك بولۇپ يىقىلىپ كەتتى. قاسىم بوۋاي چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. «ھەي، غەپلەت بېسىپتۇ مېنى، شەيتان ئۇيقۇسىغا ئالدىنىپتىمەن، تاڭ يورۇپ كەتكىنىمۇ تۇيماي ئۇخلاپ كەتكىنىمنى قارا، نامازنى قازا قىلغىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ» قاسىم بوۋاي ئاق خەسىدىن تىكىلگەن خالتا كۆڭلىكىنى ئالدىراپ كىيدى - دە، تاھارەت چۆگۈنىنى قولىغا ئېلىپ

سىرتقا ماڭدى.

سىرتتا تىرىسلاپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. يامغۇر ياغقان ۋاقىتلاردا قاسىم بوۋاي شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ ھاپىلا - شاپىلا تاھارەت ئېلىپ جايىنامازدا ئولتۇردى.

قاسىم بوۋاينىڭ دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. قارىداپ كەتكەن كالپۇكلىرى لىكىلدايتتى. ئاپپاق ساقىلى مەيدىسىگە چاپلىشىپ تۇراتتى. توساتتىن مۇزدەك ئىككى تامچە يامغۇر قاسىم بوۋاينىڭ مۇرىسىنى بويلاپ قوينىغا سىرغىپ چۈشتى. ئۇ ئېسىگە تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلگەندەك ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىيپىدى - دە، ئىشتىك ئورنىدىن تۇرۇپ توختۇ بېقىش ئۆيىگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. يامغۇر سۈيىدە ھويلا ئىچى بىردەمدىلا پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى. قاسىم بوۋاينىڭ يامبۇك ياغىچىدىن ياسالغان بوغۇم - بوغۇم ھاسىسى پاتقاققا چوڭقۇر - چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتاتتى. يامغۇر خېلىلا كۈچەپ يېغىشقا باشلىغانىدى. يامغۇردا توختۇ بېقىش ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى تېشىلىپ كەتكەنىدى. تېشىلگەن تۆشۈكلەردىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى ئۆي ئىچىنى پۈتۈنلەي ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. يامغۇر سۈيىدە يۇمشىغان چۈجە ماياقلىرىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. سوغۇقتا توڭۇپ، شۈمشەيگەن چۈجىلەر ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا قىستىلىشىپ تۇراتتى. ئۆلارنىڭ يالتىراپ تۇرىدىغان يۇمران پەيلىرى پۈتۈنلەي لاي - پاتقاققا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

چۈجىلەرنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرگەن قاسىم بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. چېلەكلەپ قۇيغاندەك چۈشۈۋاتقان مۇزدەك يامغۇر ئۇنىڭ ئەتىسىز بەدىنىنى پۈتۈنلەي ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ھويلىدا شالاپشىتىپ پاتقاق كېچىپ، ئۇيياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئۇ بىرنەرسە ئىزدىگەندەك قىلاتتى. كۆزلىرىنى ھەرتەرەپكە ئاغدۇراتتى. لېكىن، نېمىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر چاغدا ئۇ قىسقا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىققان ئايقىزنى كۆردى - دە، «سېۋەت -

سېۋەت» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئايقىز دەررۇ بېرىپ هويلىنىڭ بۇرجىكىدە، كونا تاغار ئاستىدا يۆگىلىپ قالغان بىر دانە سېۋەتنى قولىغا ئېلىپ بوۋىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار پەيلىرىنى پاخپايتىپ دىر - دىر تىترەپ تۇرغان چۈجىلەرنى بىر - بىرلەپ سېۋەتكە سېلىپ ئۆيگە ئەكىرىشتى. ئايقىز بوۋىسىغا قارىدى. قاسىم بوۋاينىڭ ئاپپاق ساقىلىدىن يامغۇر تامچىلىرى سىرغىپ تۇراتتى. كىيىملىرى سۇغا چىلىغاندەك پۈتۈنلەي هۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بوۋىسىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ، ئايقىزنىڭ كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئولاشتى.

يامغۇر ئىككى كېچە - كۈندۈز تاراسلاپ ياغقاندىن كېيىن، ئاخىر توختىدى. هاۋا ئېچىلىپ، ئاسمان ئەينەكتەك سۈزۈلگەندە، قاسىم بوۋاي چۈجىلەرنى توخۇ بېقىش ئۆيىگە يۆتكىدى. چۈجىلەرنىڭ هالى ئېچىنىشلىق ئىدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قىن - قىنىغا پاتماي چۈكۈلدىشىپ يۈرىدىغان چۈجىلەر، ئەمدىلىكتە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ دۈگدىيىپ تۇرۇشاتتى. ئەسلىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جۇلالىق پەيلىرى، ئەمدىلىكتە پاخپىيىپ كەتكەنىدى. قاچىسىدىكى سۈپسۈزۈك سۇ، ساپسېرىق قوناق يامىلىرىغا كۆز قىرىنىمۇ سالمايتتى. چۈجىلەرنىڭ ساپسېرىق، كۆتمەك تۇمشۇقلىرىدىن، كىچىككىنە بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن بىر خىل سارغۇچ زەرداپ سۇ سىرغىپ تۇراتتى. بەزىلىرى كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە، تۇمشۇقلىرىنى نەم توپىغا تىرەپ تۇرۇشاتتى. دان بىلەن سۇغا پەقەتلا مەيلى يوق ئىدى. ئارىدىن بىر - ئىككى كۈن ئۆتە - ئۆتمەي، قاسىم بوۋاينىڭ چۈجىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە قاسىم بوۋاينىڭ ئەمەس، چۈجە باققان ھەممە كىشىنىڭ بېشىغا مۇشۇ كۈن كەلگەنىدى، هەتتا تېمپېراتۇرىنى تەڭشەيمەن، دەپ توخۇ بېقىش ئۆيلىرىگە مەش قويغانلارنىڭ چۈجىلىرىمۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. دېھقانلار سۇغۇرتا تۆلىمى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆلگەن چۈجىلەرنى كەنت قورۇسىغا ئېلىپ بېرىشتى.

هاۋا تونۇردەك ئىسسىغانىدى. كۈچلۈك يالقۇن تەپتى يېلىنجاپ تۇرغان كەنتنىڭ توپىلىق يولىدا، قاسىم بوۋاي يالىڭاياغ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پىچاقتا تىلىپ قويغاندەك چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان

پېشانىسىدىن تەر تامچىلىرى ئاقاتتى. ئۆلۈك چۈجە قاچىلانغان كونا تاغار دۈمبىسىگە مەھكەم چاپلىشىپ تۇراتتى. قاسىم بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە كەنت قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە، قورۇ ئىچىگە بىرمۇنچە كىشىلەر يىغىلغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى. قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر دۆۋە ئۆلۈك چۈجە تۆكۈپ قويۇلغانىدى. قاتتىق ئىسسىق دەستىدىن چىرىگەن چۈجىلەردىن دىماقنى يارغۇدەك بەتبۇي پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

— يولداشلار، قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى كەنت باشلىقى بۇرۇتىنى بۇراپ تۇرۇپ، — سۇغۇرتىنىڭ ئادەملىرى «ئۆلگەن چۈجىلەرنىڭ پاچىقىنى كېسىۋېلىپ كۆمۈۋېتىڭلار، بىرجۈپ پاچاق بىر چۈجىگە ھېساب» دېگەنمىش. شۇڭا، بۇ چۈجىلەرنىڭ پاچىقىنى كېسىپ ئېلىۋېلىپ كۆمۈۋېتەيلى.

كەنت بوغالتىرى ئائىلىلەر بويىچە ئۆلگەن چۈجىلەرنىڭ سانىنى خاتىرىلىۋالدى. پاچىقى كېسىۋېلىنغان ئۆلۈك چۈجىلەر كۆمۈۋېتىلدى. لېكىن، سۇغۇرتا شىركىتىدىكىلەرنىڭ ھېلىقىدەك سۆزنى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

قاسىم بوۋاي ئۆلگەن چۈجىلەرنىڭ پاچىقىنى كېسىۋېلىپ، قالغان قىسمىنى ۋاقتىدا كۆمۈپ تۇردى. ھەپتە ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۇچلا چۈجىسى ھايات قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ بىر پۇتى ھەرىكەتتىن قالغان بولۇپ، يېنىچە تۇگۇلۇپ ياتاتتى. يەنە بىرىنىڭ بوينى قىيسىيىپ، تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ قالغانىدى. خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزنى سانىماقچى بولغاندەك، كۇنبويى چەكسىز كۆك بوشلۇققا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئانچە - مۇنچە دان يېمەكچى بولسا، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ قىينىلىپ كېتەتتى. بۇ بىچارىلەرگە قاراپ قاسىم بوۋاينىڭ ئىچى سىيرىلىپ، يۈرىكى پىژىلداپ ئېچىشقاندەك بولاتتى.

بۈگۈن ئايقىز مەكتەپتىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ چۈجىلەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— چوڭ دادا، — دېدى ئايقىز قاسىم بوۋايغا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ

يۇمشاق ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە،— بۈگۈن سوغۇرتىنىڭ ئادەملىرى كەلگۈدەك، چۈجىلەرنىڭ پاچىقىنى ئېلىپ بارمامسىز؟
— شۇنداقمۇ، قىزىم؟
قاسىم بوۋاينىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى پارقىرىدى. كۆڭلىدە ئۈمىد شولىلىرى پىلىلدىغاندەك بولدى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، چۈجىلەر ئارىسىدىكى «ئاسمان باقتى» غەلىتە بىر چۈكۈلدىدى - دە، يەرگە يىقىلدى.
— ئۆلۈشە، ھەممىڭ ئۆل،— دەپ ۋارقىرىدى قاسىم بوۋاي غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ،— ئىككى قويۇمنىڭ بېشىغا چىقىشتىڭ، قوناقلىرىمنىمۇ تۈگىتىشتىڭ، يىلىكىمنى شوراپ بولدۇڭ، سەنلەردىن ماڭا نېمە قالدى؟
ئايقىز قاسىم بوۋاينىڭ قوللىرىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. قاسىم بوۋاينىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ئىككى تامچە ياش ئەتىسىز مەڭزىدە قېتىپ قالدى.
قاسىم بوۋاي ئۆلگەن چۈجىنىڭ پاچىقىنى كېسىۋاتقاندا، پىچاق تۇتقان قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. پىچاق چۈجىنىڭ پاچىقىغا ئەمەس ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە تەگكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ چۈجە پاچاقلىرى قاچىلانغان يالتىراق خالتىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ئايقىزغا: «قىزىم، قالغان چۈجىلەرگە ئوبدان قارا، ئىككىسى بولسىمۇ تىرىك قالسا ئەجەب ئەمەس، دان، سۇلىرىنى پات - پات يەڭگۈشلەپ بېرىپ تۇرغىن» دەپ تاپىلاپ قويدى.
قاسىم بوۋاي كەنت قورۇسىغا قاراپ ماڭدى. ناۋادا تۆلەم پۇلىغا ئېرىشىپلا قالسام قوي ئالىمەن، قوي دېگەننىڭ ھەممە نېمىسى پايدىلىق ئەمەسمۇ، بىز دېھقان خەق باشقا ئىشنى بىلمىسەكمۇ، قوي بېقىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى خېلى ياخشى بىلىمىز. ھېچبولمىغاندا ئىككى قوي ئېلىپ باقسام ئۇزاققا قالماي تۆت بولسا، بىرىنى سېتىپ ئايقىزغا كىيىم ئېلىپ بەرسەم......
— نەگە ماڭدىلا، قاسىم ئاكا؟— قاسىم بوۋاينىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر مەھەللىلىك بىر دېھقان قاراپ تۇراتتى،—

ھەقىچان، توخۇ پاچاقلىرىنى ئېلىپ تۆلەم پۇلى ئالغىلى ماڭغان ئوخشايلا، — دېدى ئۇ كىشى ئېغىر - ئېغىر تىنىغىنىچە.

— شۇنداق، — دېدى قاسىم بوۋاي ئېگىلگەن بەللىرىنى رۇسلىغاچ.

— ئاۋارە بولمىسىلا، سوغۇرتىنىڭ ئادەملىرى «چۇجىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، پاچىقىنى ئېلىپ قويۇپسىلەر» دېگەنمىش......

— ھۇ، نائەھلىلەر، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى!؟

قاسىم بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، قولىدىكى يالتىراق خالتىنى بېشىدىن پىرقىرىتىپ چۆرۈپ تاشلىدى.



# خارابە كەپە

قىش كۆكتىن سۇس چۈشۈپ تۇرغان قار ئۇچقۇنلىرى ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىۋاتقان سوغۇق شامالدا لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى. قۇربان ھېيت نامىزىدىن تارقاپ، مەسچىت ھويلىسىغا چىققان جامائەت يۇمىلاق سەپ تۈزۈشۈپ، بىر - بىرىمىز بىلەن ئىللىق چىراي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. قۇتلۇق ئايىمىمىزنى قىزغىنلىق بىلەن مۇبارەكلەشتۇق. ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە ئايەم شادلىقى ئاتا قىلغان تاتلىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. بىر يىل دېگەنمۇ ئۇزاق گەپ ئىكەن، نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتىدىكەن. مەن جامائەت بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، ئالدىنقى يىلى مۇشۇ يەردە، مۇشۇنداق قىزغىن قول سىقىششقانلار ئىچىدىكى بىرنەچچە مويسىپىتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدۇم. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

مەسچىت ھويلىسىدىن چىقىپ، قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدۇق. ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋىمىزنىڭ روھىغا دۇئا قىلاتتۇق. دادام ئالدىمدا ماڭدى، مەن كەينىدىن ئەگەشتىم. جاھاندىكى جىمى جىمجىتلىق، غېرىب، مىسكىنلىك مۇشۇ قەبرىستانلىققىلا مۇجەسسەملەنگەندەك، ئەتراپ ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. زومچەك - زومچەك قەبرىلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ، چوقچىيىپ تۇرغان بىر قەبرە ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. زىمىستان قىشتىكى مۇزدەك تۇپراققا چاپلىشىپ، مۆگىلىنىپ ياتقان بۇ قەبرە رەھمەتلىك بوۋامنىڭ قەبرىسى ئىدى. بوۋامغا ئاتاپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلدۇق. دۇئادىن كېيىن،

دادام سەل نېرىدىكى بىر ئاددىي قەبرە تەرەپكە ماڭدى. پەرىزىمچە، بۇ قەبرە يېڭىدىن پەيدا بولغاندەك قىلاتتى. قەبرىستانلىقتا كەلگەنلەر ئاتا-بوۋىسىنىڭ بېشىغا كېلىپ دۇئا قىلىپ كېتىپ بولۇشقان، بۇ قەبرىنىڭ يېنىدا بىر كىمنىڭ كەلگەنلىك ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەنمۇ دادامنىڭ كەينىدىن بېرىپ، قەبرە ئالدىدا تۇردۇم.

— بۇ كىمنىڭ قەبرىسى؟ — سورىدىم دادامدىن.

— روزىمەت دوڭنىڭ قەبرىسى، — دېدى دادام، — ئۇ تېخى ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا قازا تاپتى، رەھمەتلىكنىڭ بېشىغا كېلىپ، دۇئا قىلىدىغان ھېچكىمى يوق. ئايالى ئۆلۈپ كەتكىلىمۇ ئىككى يىلدىن ئاشتى. رەھمەتلىك نەپەستىن قېلىپمۇ ھېچكىم بىلمەي، ئۆيىدە نەچچە كۈن يېتىپ قاپتۇ.

دادام ماڭا سۆزلىگەچ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەيرانلىق ئىچىدە دادامغا چەكچىيىپ قارىدىم. دادامنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ قول كۆتۈردۈم، قولۇمنى جۈپلەپ كۆتۈرگەن پېتى، بۇتتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئېغىزىمغا ئايەت كېلىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى. شۇ تاپتا خىيال ئېكرانىمدا، روزىمەت دوڭنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان مەڭگۈ ئۆچمەس جاراھەت ئىزلىرى قايتىدىن بىخ سۈرۈپ، ياشارماقتا ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يولدا — ئىشىكىمىزدىن يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا، ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ سۆگەت دەرىخى بولىدىغان. سۆگەت ئەتراپىدىن قويۇق ئۈنۈپ چىققان چىڭگىلىكلەر ئاشۇ سۆگەت ئەتراپىغا سۆگەتنىڭ سالپىيىپ ئۆسكەن ئۇزۇن شاخلىرىغا يامىشىپ ئۆسۈپ، سۆگەت غولىنىمۇ كۆرگىلى بولماس قىلىۋەتتى. ھۆپپىدە ئېچىلغان چىڭگىلىكلەرنىڭ ئاپئاق گۈللىرى، بۇ سۆگەتنى بەئەينى قورقۇنچلۇق ئاق ئالۋاستىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. بۇ مەنزىرە يىراقتىن قارىماققا خۇددى ئاق خەسىدە ياسالغان يۇملاق چېدىردەك كۆرۈنەتتى. ئاشۇ يۇملاق «چېدىر» ئىچىدە بىر پارچە كىگىزنى سېلىپ ئولتۇرغۇدەك بوشلۇق بار ئىدى. مەھەللىدىكى كەپسىز باللار بۇ سۆگەت تۈۋىدە جىن بارلىقىنى ئېيتاتتى.

مەن باللارنىڭ ۋەھىملىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، راستىنلا ئۇ يەردە جىن بارلىقىغا ئىشىنىپ قالاتتىم. شۇڭا، بۇ سوگەت تۈۋىدىن كېچىسى تۈگۈل، كۈندۈزى ئۆتۈشتىنمۇ قورقاتتىم. ئەمما، ئۆيىمىز شۇ يەردە تۇرسا، ئۆتمەي ئامال يوق ئىدى. ھەرقانچە ئويلىسامۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ مۇشۇنداق جىننىڭ ئۇۋىسىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇرغىنىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. ھەر قېتىم سوگەت تۈۋىدىن ئۆتكىنىمدە، تېنىم شۈركىنىپ، ۋۇجۇدۇمغا قورقۇنچلۇق تىترەك ئولىشاتتى.

كىچىك چاغلىرىمدا، كەچلىرى سىرتقا چىقىپ ئوينايمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا دادام چىرايىنى سۈرلۈك قىلىپ «كېچىدە تالاغا چىقساڭ توكاجىن ئېلىپ قاچىدۇ، بوينى يوق تەخەي يەپ كېتىدۇ» دەپ مېنى قورقۇتاتتى، ئوينىغىلىمۇ قويمايتتى. دادامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ قالاتتىم. سوگەت تۈۋىدىن ھەر ئۆتكىنىمدە، دادامنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىۋالاتتى. ھېلىقى سوگەتنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر توكۇر جىن چىقىپ مېنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك، بوينى يوق تەخەي ھاڭراپ چىقىپ مېنى يەپ كېتىدىغاندەك ئاجايىپ بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە قالاتتىم، مېنى ئىختىيارسىز سۈر بېسىپ، بەدىنىم چىپ - چىپ تەرلەپ كېتەتتى. پۇتلىرىم كالامپايلىشىپ، قەدەم ئالالماي قالاتتىم.

بىر ئاخشىمى دادام تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى. ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ئالا قۇرت بولۇپ كەتتى. شۇ تاپتا، دادامنىڭ چېكىلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىلا جانقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر خىل سىياقتا ئىدى. ئاشۇ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئىلتىجا چىقىپ تۇراتتى. بىچارە ئانام دادامنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. مەنمۇ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالغانىدىم. بىر چاغدا ئانام ماڭا «بالام، ئىتتىك چىقىپ، مەخسۇت ئاكاڭنىڭ ئۆيىدىن بەديان ئەكىرگىن» دېدى. مەن بەديان ئەكىرسەم دادامنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل شادلىق ئىچىدە، مەخسۇت ئاكامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇ بىزنىڭ قوشنىمىز ئىدى. مەن بىر چاڭگال

بەدىيانى چىلىڭ سىقىمدىغان پېتى ئۆيىمىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئەمما، ئۆيگە ئاز قالغاندا ھېلىقى قورقۇنچلۇق سۆگەت كۆزۈمگە چېلىقتى. ئورنۇمدا چىپپىدە توختاپ قالدىم. سۆگەتنىڭ شامال تەۋرىتىۋاتقان شاخلىرىدا ئاق چاچلىق ئالۋاستىلار ئۇسسۇل ئوينىشىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. «ئاق چېدىر» ئىچىدىن پىرىسلىغان ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تىلىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى. «تۇۋا، ھېلى بۇ يەردىن قانداق ئۆتكەن بولغىيتتىم» دېگەنلەرنى خىيال قىلغىنىمچە، ئورنۇمدىن قىمىرلىيالماي تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا دادام لېپ قىلىپ كۆزۈمگە كۆرۈندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى تولىمۇ بىچارە ئىدى. مەن دادامنى ئويلاپ، ئاستا ئالدىمغا ماڭدىم. ئالۋاستىلارنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك، جىنلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، ھەربىر قەدىمىمنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن باستىم. پۇتۇمنى يەردىن يېنىك ئېلىپ، يېنىك قوياتتىم. مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ماڭا گويا مىڭ يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. قېرىشقاندەك، پېشكەللىك ئاخىر يۈز بەردى. مەن نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتۈم، مانا، مېنى ئالۋاستى يىقىتىۋەتتى، جىن پۇتۇمدىن تارتتى، دەپ ئويلىدىم. بۇ خىيال مېڭەمدە چاقماق تېزلىكىدە ئەكس ئەتتى. چوققامدىن كىرگەن قوقاس تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى. مەن يەرگە يىقىلىپلا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ قاچماقچى بولدۇم. دەل شۇ چاغدا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك پاراس - پۇرۇس قىلغان ۋەھىمىلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ «ئاق چېدىر» ئىچىدىن ئالا بەل، ئۇزۇن قۇيرۇق، ئىككى مۈڭگۈزى ئاسمانغا قاراپ دىردىيىپ تۇرغان، ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئالۋاستى ئېتىلىپ چىقتى. مەن «ئانا!» دەپ توۋلىغىنىمچە، ئۆي تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈردۈم. ھېلىقى زور ئالۋاستى مېنى تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆچۈپ كىردىممۇ، بىلمەيمەن. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتۈم. مېنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ئانامۇ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىققانىكەن، كېلىپلا مېنى يۆلىدى. يۈز - كۆزلىرىمدىكى توپا - چاڭلارنى سۈرتكەچ «قورقما بالام، قورقما، ساڭا نېمە بولدى؟» قاتتىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىم سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. مەن

شۇ چاغدىلا ئانا مېھرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر، نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. ئاڭغۇچە داداممۇ قورسىقىنى قاماللىغان پېتى يېنىمغا ئۇنۇپ بولغانىدى. مەن ئۇلارغا ياشقا تولغان كۆزلىرىمنى تىككىنىمچە «مې...... مېنى...... ئا...... ئالۋاستى قوغلىدى» دېيەلىدىم. ئانام بىلەن دادام ھەيران بولغاندەك بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشتى. دادامنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ پەسكە دومىلىدى. مەن شۇ ئان ئالىقىنىمدىكى بەدىياننى ئانامغا تەڭلىدىم. شۇنچە قورقۇپ، يۈگۈرۈپ، يىقىلىپ يۈرۈپمۇ ئالىقىنىمدىكى بەدىيانلارنى چېچىۋەتمىگىنىمگە ھەيران ئىدىم.

ئانام دەرھال بەدىياننى دەملەپ دادامغا ئىچۈردى. بىردەمدىن كېيىن دادام «ئۇھ» دېگىنىچە ئەسلىدىكى ساق ھالىتىگە قايتتى. ئەسلىدە دادامنىڭ قورسىقىغا يەل تۇرۇپ قالغانىكەن. مەن بەدىيان دېگەننىڭ بۇنداق خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم. بىردەمدىن كېيىن دادام گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ مېنى قوغلىغان ئالۋاستىنىڭ يېنىغا ماڭغاندەك قىلاتتى. مەن دادامنى چىقماڭ، دەپ توسماقچى بولدۇم. ئالۋاستى مېنى گەپ قىلغىلى قويمىغان بولسا كېرەك، ئېغىزىمغا بىر ئېغىزمۇ گەپ كەلمىدى. مەن دادامنىڭ كەينىدىن چەكچىيىپ قاراپلا قالدىم.

بىر چاغدا دادام قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن سىلكىنىپ كۈلەتتى. مەن دادامغا جىن ئاپتىنى سېلىپ، ساراڭ قىلىپ قويدىممۇ- نېمە؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىر خىل ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدىم.

— ھەي، قورقۇنچاق بالام،— دېدى دادام كۈلكىسىنى تەستە توختىتىپ، يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن بېشىمنى سىلىغىنىچە،— نەدىكى ئالۋاستىكەن ئۇ؟ ئۆيدىكى غۇنىجىن بوشىنىپ، ئېغىلدىن چىقىپ كېتىپتىكەن. ئۇ سۆگەت تۈۋىدە ئوت - چۆپ يەۋاتقاندا، سەن ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويغان گەپ......

دادامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئانامۇ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، مەنمۇ كۈلدۈم. ئۆي ئىچىدە بىردەم شادلىق كۈلكىسى ياڭرىدى.

— سايىت مۇسا، سايىت مۇسا!......

سىرتتا بىرسىنىڭ خۇددى بوران گۈركىرىگەندەك ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ سۈرلۈك ئاۋازدىن ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. كۆڭلۈمنى چۈشىنىكسىز بىر خىل ۋەھىمە چىرمىۋالدى.

— ھە، مانا مەن، — دادام شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ بىرگە قارىدى، — روزىمەتئاخۇننىڭ ئاۋازىدەك قىلىدۇ، نېمە ئىش بولغاندۇ؟

دادام ئىتتىك سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئانام بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، بىزمۇ سىرتقا ماڭدۇق.

ئىشىك تۈۋىدە يونۇمىغان تۇغراقتەك يوغان بىر گەۋدە تۇراتتى. چىرايىدىن سۈر ھەيۋە چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى روزىمەت بولۇپ، بىزنىڭ ئۆيدىن ئىككى ئۆي يېتىم يىراقلىقتىكى دۆڭلۈكتە ئۇنىڭ كاتتا قورۇ - جايى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالغىنى بويىچە، ئۇنىڭغا «دۆڭ» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. ئۇ ئىنتايىن كۆرەڭ ئادەم ئىدى. مەن بۇ ئادەمدىن بەك قورقاتتىم. ئۇ مىجەزى تولىمۇ ئوسال ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ ھەمىشە مۇز يېغىپ تۇرىدىغان قارامتۇل چىرايىدىن، ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، قوپال بوي - بەستىدىن ئەيمىنەتتىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېيىقنىڭكىدەك كۈچلۈك قوللىرىغا قارىسىلا، تېنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى. چۈنكى، بۇ قول يېقىندىلا ئون نەچچە ياشلىق بىر يېتىم بالىنى قاتتىق ئۇرغانىدى. مەھەللىمىزدە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بولۇۋاتاتتى. دادام بىر ئىش بىلەن باشقا يەرگە كېتىپ كەلمىگەچكە، مەن دادامنىڭ ئورنىغا ئەمگەككە بارغانىدىم. ئۇ بالا ئۆستەڭنىڭ قېشىغا تىزىدىغان تاشنى مايماق تىزىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن روزىمەت دۆڭ بالىنى قاتتىق تىللاپ كەتتى. ھاقارەتكە چىدىمىغان بىچارە بالا ئۇنىڭغا تىل ياندۇردى. بالىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى تىل ياندۇردى دېگىلىمۇ بولمايتتى، پەقەت «ئۆزۈمگە تۇشلۇق قىلدىم» دېگەنىدى. بۇ گەپ روزىمەت دۆڭگە ھار كەلدى. ئۇ «ھۇ، ھارام تاماق، يېتىم ئوغلاق، تۆكى چۈشمىگەن سويما، تېخى ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتىسىنا» دېگىنىچە، بالىنى ئۇرۇپ كەتتى. بالىنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. باشقىلار ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنى

ئاران پەسكويغا چۈشۈردى. شۇ چاغدا مەن قورققىنىمدىن پاكىتىدە يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ روزىمەت دۆڭنى كۆرسەم قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇققا يولۇققاندەك، جان ئالغۇچى ئەزرائىلنى كۆرگەندەك قورقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

ئانام بىلەن ئىشىك تۈۋىدە قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق. روزىمەت دۆڭ دادامغا قوللىرىنى چىنەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— ھۇ، بەتنىيەت ھابدال، ھايۋانمۇ سەن، ھە؟ مال دېگەننى ئېغىلدا باقماي، ئېتىزدا باقامسەن؟

— شۇ...... شۇ كالا بوشىنىپ كېتىپتىكەن، — دېدى دادام دۇدۇقلىغىنىچە، — ھازىر تۇتۇپ ئەكىرىپ باغلاپ قويدۇم. بالامنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغىلى تاس قاپتۇ ئۇ كاساپەت......

— بالاڭ قورقۇپ ئۆلمەپتۇ تايىنلىق! — روزىمەت دۆڭ قوتۇرغان شىردەك ھۆركىرەپ، دادامنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىشكە باشلىدى. مەن نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. كۆڭلۈم ئۆيۈپ، يۈرىكىم قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك، پۇت - قولۇمغا ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى.

— كالاڭ ئۇرۇقلۇق قوناق ئېتىزىمنى پۇتۇنلەي نابۇت قىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، مەتنىياز كۆرۈپ توسۇۋاپتۇ، بولمىسا...... ھەي ئىست، ھەي ئىست......

مەن شۇندىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئۇرۇقلۇق قوناق ئېتىزى ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىلا ئىدى. كالا شۇ ئېتىزدىكى قوناقلارنى توگەشتۇرگەن چېغى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇ تاپتا مەتنىياز كېيكەچ روزىمەت دۆڭنىڭ كەينىدە شۈمشىيىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ دادامنى چېقىشتۇرۇپ، روزىمەت دۆڭنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى پەملىدىم.

— خاپا بولمىسىلا روزىمتاخۇن، بىز تۆلەپ بېرەيلى، — دېدى دادام تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— تۆلەپ بېرەيلى دېسەڭلا ئىش توگەمدۇ؟ سەن ئۇ قوناقنىڭ قانچىلىك ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— بۇ نىجىس ھايۋان نېمە بولۇپ ئېغىلدىن چىقىپ كەتكەن

بولغىيتتى، ھەر نىمە كەتسە بىز تۆلەپ بېرەيلى......
دادام بىلەن ئانام يالۋۇرۇشقا باشلىدى. ھەممىمىز تەڭقىسلىقتا قالدۇق. روزىمەت دۆك يالۋۇرغانسېرى، شىنىدەك قېتىۋالماقتا ئىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن كېلىدىغان شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇراتتى. قورقىنىمدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كېتىۋاتاتتىم. كۆڭلۈم تۇيغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. روزىمەت دۆك دادام بىلەن ئانامنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇ ئېتىلىپ كەلگەن پېتى دادامنى ئۇرۇپ، تېپىپ كەتتى. مەن قورقىنىمدىن بارماقلىرىمنى چىشلەپ يىغلىغىنىمچە، ھويلا تېمىغا يۆلىنىپ قالدىم. ئانام جاھاننى بېشىغا كىيىپ چىرقىراپ، روزىمەت دۆڭگە ئېسىلدى، لېكىن كۈچى يەتمىدى. دادام شۇنچە تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. دادام ئاخىر يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى. كۆزلىرىدىن قان يېنىپ تۇرغان روزىمەت دۆك «قېنى، سەن بىلەن ئەتە ھېسابلاشمىسام!» دېگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەتنىياز كېكەچمۇ شىپىرلاپ ماڭدى.
ئانام بىلەن ئىككىمىز توپىغا مىلىنىپ ياتقان دادامنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردۇق. دادامنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىغان، چېكىسىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. بۇ قان دادامنىڭ كۆز ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، بىر خىل سارغۇچ سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ، جاۋغىيىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. بۇ قان چېكىسىدىن ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىقىۋاتقاندەك، يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىۋاتاتتى. شۇ تاپتا يۈرىكىمدە روزىمەت دۆڭگە بولغان ئاجايىپ بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ زادى قانداق تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. دادام ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلىشىپ، يۈزلىرىـ ـمىزنى يۈزلىرىمىزگە يېقىشىپ يىغلاشتۇق. شۇ تاپتا بىز ئۆزىمىزنىڭ شۇنچە ئاجىز، بىچارە ئىكەنلىكىمىزگە يىغلايتتۇق. خورلانغىنىمىزغا، ئانىي تېپىلىپ بوزەك قىلىنغىنىمىزغا يىغلايتتۇق.
ـــ بولدى، يىغلىماڭلار، ـــ دېدى دادام بىر ئازدىن كېيىن ئېسەدىگىنىچە بىزگە تەسەللى بېرىپ، ـــ بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
ئەتىسى روزىمەت دۆك بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ،

كالىمىزنى ئېلىپ كەتتى. مەن كالا «نابۇت» قىلغان قوناقلىقتا باردىم. ناھايىتى بىر نەچچە تۇپلا قوناقنى يەپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئالتۇننىڭ باھاسىدا ھېسابلىسىمۇ، كالىمىزنى ئېلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن، بولغۇلۇق بولغانىدى.

شۇ ئىش بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، يىراقتىكى تۇغقانلىرىمىز بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ ھال سورىغىلى كەلدى. كىم بىلسۇن، روزىمەت دوڭ بىزنى ساقچىلارغا «سايىت مۇسا ئۆيىگە موللىلارنى يىغىپ، مېنى قەستلەپ قەستدە ئوقۇتۇۋاتىدۇ» دەپ چېقىپتۇ. ھايالشمايلا ئۆيىمىزگە ئۈچ ساقچى كىرىپ كەلدى. ئۇ چاغدا دادام بىلەن ھېلىقى تۇغقانلار پېشىن نامىزىدىن كېيىن، جايىنامازدا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرۇشاتتى. پاكىت دېگەن مۇشۇ دە! ساقچىلار روزىمەت دوڭنىڭ دېگىنى بويىچە، ئۇلارنى «خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان» دەپ تۇتۇپ كېتىشتى. ئانام بىلەن مېنى سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە ئېلىپ بېرىشتى. ئەلۋەتتە، مېنى دادامنىڭ ئورنىغا ئاپىرىشاتتى. ئۇ يەردە روزىمەت دوڭ ئۇچرىغانلا ئادەمگە «سايىت مۇسا دېگەن بۇ ئەبگارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى قارىماسىلەر، ئۇ مېنى قەستلەپ يۈرۈپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. ئانامنىڭ مىسكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان سولغۇن چىرايىغا، ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە يەر تېگىدىن قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەلىتە بىر نۇر چاقنايتتى. ئانام كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆككىنىچە، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىش قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنىسىز ياش تۆكەتتىم. كىچىككىنە يۈرىكىمنى ھەسرەت تىغلىرى تىلماقتا ئىدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، دادام بىلەن تۇغقانلارنى قويۇۋېتىشتى.

بىر ئائىلە كىشىلىرى يەنە جەم بولدۇق. كۈندە زاغرا نان يېسەكمۇ، ئاچ - توق قالساقمۇ دىدار غەنىيمەت ئىكەن. دادامنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ زۇلمەت ئىچىدە قالغان كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئانامنىڭ چېھرىگە شادلىق، لەۋلىرىگە تەبەسسۇم يامرىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئاق پىشماق يۈملاق يۈزى ئۈچۈق ئاسماندا كۆلۈپ تۇرغان تولۇن ئايغا ئوخشاپ قالغانىدى......

شۇ يىلى كۈزدە، دادام ھېلىقى نەس باسقۇر سۆگەتنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ قومۇرۇۋەتتى. ئەمدى مەن قورقىدىغان ئاق چاچلىق ئالۋاستىلارمۇ كۆچۈپ كەتكەندى.

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىللىرىم ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە دادام بىلەن سۇ ياقىلاپ ئېرىق بويىغا ماڭدۇق. سۇغىرىدىغان يېرىمىز پەقەتلا ئۈچ پۇڭ كۆكتاتلىق ئىدى. ئەمما، ئۇ يەرگە سۇنى بەكمۇ تەستە ئېلىپ كېلەتتۇق. كۈندۈزى ئېرىق بويىغا چىقىۋالىدىغانلار بەك كۆپ بولغاچقا، بىزگە سۇ تەگمەيتتى. شۇڭا، كېچىدە سۇغارماقچى بولغانىدۇق. كەچ كۈز كېچىسىنىڭ ھاۋاسى بەكمۇ سوغۇق ئىدى. ئىزغىرىن شامال ھۇشقىيىتىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ ئاداققى يوپۇرماقلىرى تىترىسلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. كېچە تىمتاس بولۇپ، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاسمان بېتىدە، بىرنەچچە تال يۇلتۇز خۇددى ھايات شامى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدەك خىرە پىلدىرلايتتى. مەن دادامغا چاپلىشىپ دېگۈدەك مېڭىۋاتاتتىم. ئېرىق بېشىغا بېرىش ئۈچۈن، روزىمەت دۆڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتۇق. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۆككە بوي سوزغان بىر تۈپ قاپاق تېرەك بار ئىدى. نېمىشقىكىن، بۇ تېرەك ماڭا شۇنداق سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ھەمىشە بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسام، ئىچىمگە بىر خىل قورقۇنچ كىرىۋالاتتى. مەن بۇ تېرەكتىن خۇددى روزىمەت دۆڭدىن قورققاندەك قورقاتتىم. مانا، ھازىرمۇ ئاشۇ تېرەك تۈۋىگە بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن يېقىنلاشماقتا ئىدۇق. روزىمەت دۆڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، مەن قورقىدىغان ئاشۇ قاپاق تېرەكنىڭ ئۇستىدە «ھۇق...... ھۇق» دېگەن بىر خىل يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلاندى. تېنىم جۇغۇلداپ، ۋۇجۇدۇمغا ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى.

— بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ سورىدىم دادامغا چاپلىشىپ ماڭغىنىمچە.

— بۇ، ھوقۇشپىنىڭ ئاۋازى بالام، — دېدى دادام.

مەن بۇ دۇنياغا كېلىپ مۇشۇ كەمگىچە، ھوقۇشپىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. سەھرا بالىسى تۇرسام، ئاڭلىسام ئاڭلىغان

بولغىيدىم، لېكىن ئېرەن قىلمىغان ئوخشايمەن، شۇڭا دادامدىن يەنە سورىدىم:
— نېمانداق سەت سايرايدىغان نېمە ئۇ؟
— ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق يېقىمسىز، — دېدى دادام ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇ ھەربىر قېتىم «ھۇق» دېگىنىدە، ئاغزىدىن بىر تامچە قان تامىدۇ. ئاشۇ قان تامغان يەرلەر، كېيىن چۆل - جەزىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.
— نېمىشقا چۆلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ؟
— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بالام، باشقىلاردىن ئاڭلىغان. ھوقۇشۇپى دېگەن شۇملۇقنى تىلەيدۇ ئەمەسمۇ؟
— قانداقسىگە شۇملۇقنى تىلەيدۇ؟
— ھەي تاڭەي، كۇندۈزى كامىرىدىن چىقماي يېتىپ، كېچىسى ۋالاقلىغىنى شۇملۇقنى تىلىگىنى بولماي نېمە؟
دادامنىڭ شۇملۇق ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم، كۆڭلۈم بىر خىل شۇملۇقنى تۇيغاندەك پۇت - قولۇم تىترەشكە باشلىدى. كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئالدى - كەينىمگە ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ قويياتتىم. كەينىمدىن بىرى كېلىپ گېلىمنى بوغىدىغاندەك يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدىمەكتە ئىدى.
ئېرىق بېشىغا بېرىپلا كۆڭلۈم سەل تىنچىغاندەك بولدى.
— ئەمىسە روزىمەت دۆڭنىڭ ئۆيى چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكۈدەك، ھە، دادا؟ — دەپ سورىدىم دادامدىن.
— ھوي، ئۇنداق دېمە، — دېدى دادام ئەتراپقا ئالمان - تالمان قاراپ قويۇپ، — ئۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما.
بىزنىڭ ئېرىققا سۇ كېلىدىغان چوڭ ئېرىقتا سۇ يوق ئىدى. باش تەرەپتە بىرنەچچە ئادەمنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاندا - ساندا يورۇپ قالىدىغان چىراغ نۇرلىرى ۋىللىداپ شولا چۇشۇرەتتى. قارىغاندا سۇنى ئۇلار توسۇپ يەر سۇغىرىۋاتاتتى. دادام چوڭ ئېرىققا كىرىپ، كەتمەننى گۈرسۈلدىتىپ چاپقىنىچە، بىردەمدە چوڭ تۇغدىن بىرنى سالدى. دادامنىڭ دېيىشىچە، بىردەم نۆۋەت كۈتۈپ تۇرساق،

باشـــقىلاردىن ئاشـــقان چىڭقالـــدى ســـۇنى توســـۇپلا ئېرىقىمىزغـــا باشلىيالايدىكەنمىز.

ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. بىز ھېلىقى ئاۋاز چىققان يەرگە بـاردۇق. ھەممىسى بىـر مەھەللىلىـك ئـادەملەر ئىـكەن. ئـۇلار يەرلىرىنى سۇغىرىپ بولدى. سۇنى بىز ئېچىپ كەلـدۇق. تۇرۇلۇپ تـۆگە لۇكىسىدەك دولقۇن ياساپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ ئويناقلىغىنىچە، دادام سـالغان توغقـا ئۇسـۇپ چىڭقىلىـشقا باشـلىدى. قاپقـارا لاي ـ لاتقىلارنى ئېقىتىپ كەلـگەن سۇ لىـپ ـ لىـپ قىلىـپ يۇقىرى ئۆرلەپ، بىردەمدىلا بىزنىڭ يەرگە بارىدىغان كىچىك ئېرىققا شىرىلداپ ئاققىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا بىر يوغان گەۋدە ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، گۈرسۈلدەپ كەلگىنىچە توغقا كەتمەن سالدى.

ــ ھوي، روزىمىتاخۇن توختىسىلا، ــ دادام شۇنداق دېگىنىچە، ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەنگە ئېسىلدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ روزىمەت دۆڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ دادام بىلەن ھە دەپ تارتىشىۋاتاتتى.

ــ كەتمەنگە ئېسىلما، ھېلى بىكار سۇغا پىشىپ، تالاشقانغا تويغۇزۇۋېتىمەن، ــ روزىمەت دۆڭ قەھرى بىلەن ھۆركىرىگىنىچە دادامنى ئۇيـاق ـ بۇياققا سىلكىشكە، دۇشكەلەشكە باشـلىدى. دادام «جېنىم روزىمىتـاخۇن، بىـردەم سـەۋر قىلـسىلا، مەن ئىككى ئېتىز يېرىمنى سۇغىرىۋالاي، بۇ سۇ كېتىپ قالسا، يەرلىرىم ئـاق قالـدۇ، سىلى تېخى تۈنۈگۈن سۇغىرىپ بولاپتىكەنلىغۇ» دەپ يالۋۇراتتى. روزىمەت دۆڭ بولسا «سەن سۇغارساڭ مەن سۇغارمامدىم. تۈنۈگۈن سۇغىرىپ بولسام نېمە بوپتۇ، ماڭ كىرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا!» دەپ ۋارقىرايتتى. شۇ ئەسنادا روزىمەت دۆڭ كەتمەن سېلىپ ئېچىۋەتكەن توغاندىن سۇ شارقىراپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى.

ــ بـالام، تـوغنى ئېتىـۋال، ــ توۋلىدى دادام ماڭـا قـاراپ، ــ چاپسان بول!

مەن دادام بايا يەردە قويۇپ قويغـان كەتمەننـى ئېلىـپ، سـۇنى ئېتىشكە تۇتۇش قىلدىم. روزىمەت دۆڭ دادامنى قويۇۋېتىـپ، قويۇنـدەك كەلگىنىچە ئاشۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مۈرەمدىن كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى.

مەن تۇغاننىڭ بېشىدىكى سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۇم يىقىلدىم. مۇزدەك سۇ جان جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم.

— ھۇ، قارا يۈز، بالامنى نېمىشقا سۇغا ئىتتىرىۋېتىسەن؟!

دادامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى قۇلىقىمغا غۇۋا ئاڭلانغاندەك بولدى. كەتمەننىڭ سېپىنى چىڭ تۇتقىنىمچە «ھۇپ...... ھۇپ» دېگەن پېتى سۇدىن ئۆمىلەپ چىقتىم. ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل ئەسەبىي كۈچ ھۆكۈم سۈرەتتى. كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدىلا، ئىلگىرى — كالا قوناقنى «يەپ» كېتىپ، روزىمەت دۆڭ دادامنى ئۇرغاندا يۈرىكىمدە پەيدا بولغان سىرلىق تۈيغۇنىڭ ئۆچمەنلىك، نەپرەت تۈيغۇسى ئىكەنلىكى بىردىنلا كۆڭلۈمگە ئايان بولدى. ئەمدىلىكتە مەندىكى قورقۇنچاقلىق، ھېيىقىش دېگەنلەر نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. روزىمەت دۆڭنىڭ دادامنى ئىلگىرى ئۇرغانلىرى، ھېلىقى تاياق يېگەن يېتىم بالا كۆز ئالدىمدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دادامنىڭ «ئادەم بارمۇ؟» دېگەن ھەسرەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. دادامنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردىم. دادام روزىمەت دۆڭنىڭ زور گەۋدىسى ئاستىدا خۇددى باسماققا چۈشۈپ قالغان قۇشقاچتەك تىپىرلىماقتا ئىدى. روزىمەت دۆڭنىڭ بازغاندەك مۇشتلىرى دادامنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېگىۋاتاتتى. مەن كەتمەننى ئېگىز كۆتۈردۈم - دە، چۈلدىسى بىلەن روزىمەت دۆڭنىڭ چوققىسىنى چەنلەپ، زەرب بىلەن ئۇردۇم. تاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ روزىمەت دۆڭ بېشىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەن تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلگەنىدى، مەن قولۇمدىكى كەتمەننى چۆرۈدۈم. شۇ پەيتتە ئۇ گۈپ قىلىپلا يەرگە يىقىلدى. دادام ئورنىدىن تۇرغىنىچە مېنىڭ قولۇمغا ئېسىلىۋالدى. قولۇمدىكى كەتمەن ھاۋادا لەيلەپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟— دادام نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىپىرلاپ كەتتى، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مېنى قويۇۋېتىڭ، دادا، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! بىز قاچانغىچە بوزەك بولىمىز ئۇنىڭغا؟......

مەن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايتتىم، دادامنىڭ قوللىرىدىن كەتمەننى

تارتىۋېلىشقا كۈچۈمنىڭ بارىچە تىركىشەتتىم. خارتىلداپ ياتقان روزىمەت دۆڭ تەرەپكە يۆلۈناتتىم. دادام قولۇمدىكى كەتمەننى ئاخىر تارتىۋالدى. شۇ ئەسنادا يېنىمىزغا بىر نەچچەيلەن پەيدا بولدى. ئۇلار بايا بىزگە سۇنى ئېچىپ بېرىپ، ئۆيلىرىگە ماڭغانلار بولۇپ، بىزنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ كېلىشكەنىدى. بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ، روزىمەت دۆڭنىڭ قىلغان ئىشىغا نارازى بولۇشتى. ئۇلار پەس ئاۋازدا:

— ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

— بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بۇ ئادەم......— دېيىشىپ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان روزىمەت دۆڭنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— سىلىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، — دېيىشتى ئۇلار.

— بارمايمەن، — دېدى روزىمەت دۆڭ كەسكىن رەت قىلىپ، — مەن كىچىككىنە بىر سويمەكتىن تاياق يېدىم دەپ، دوختۇرخانىغا بارامدىمەن؟ مەن بۇ ئىشتىن ھەرگىز ئۆتمەيمەن، قانغا - قان، جانغا - جان ئالمايدىغان بولسام، روزىمەت دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن! ھۇ...... ھۇ...... ھۇ......

روزىمەت دۆڭ ئىرىدىن تاياق يېگەن بىشەم خوتۇندەك ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى. مەن بۇنداق، ۋەھشىي، تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش چىقىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ كونا داسنى غىجىغانىدەك چىقىۋاتقان قوپال، يېقىمسىز يىغا ئاۋازى جىمجىت كېچىدە يىراقلارغا تارالماقتا ئىدى. توۋا، شۇنداق كۈچتۈڭگۈر، زەبەردەست ئادەممۇ يىغلايدىكەن — ھە؟ يىغلىسۇن، تازا يىغلىسۇن! يىغلىسا نېمە بوپتۇ؟ ئۆزگىلەرنى زار - زار قاقشىتىپ، قان يىغلاۋاتقان ئادەم ئۆزىمۇ يىغلاپ باقسۇن، ئازابنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن، — دېدىمەن ئىچىمدە.

يېنىمىزدا تۇرغانلار روزىمەت دۆڭنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كې- تىشتى. بۇ چاغدا ئېرىقتىكى سۇمۇ تۇغاننى ئاللىقاچان يىقىلدۇرۇپ، بىر خىل رىتىمدا شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىغانىدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغان بىر پەيتتە،

ھويلىمىزنىڭ ئىشىكى ئەنسىز جالاقلاپ كەتتى. ئارقىدىن غەزەپلىك ھۆركىرىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— سايىت مۇسا، ئىشىكنى ئاچ!

— غوجەك سويىمەك، قېنى بۇياققا چىقمامسەن!

دادام بىلەن ئانامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. قارىغاندا يەنە بىر شۇملۇق بىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ھەممىمىز تەڭلا ھويلىغا چىقتۇق. ئەگۈن ئىشىكنىڭ سىرتىدا، قولىغا كالتەك ئېلىۋالغان روزىمەت دۆڭ ھەم ئۇنىڭ بىرقانچە چاپارمىنى ئىشىكنى ھە دەپ ئۇرۇپ، تېپىۋاتاتتى. روزىمەت دۆڭ يېرىلغان بېشىنى خوتۇنىنىڭ بۆز ياغلىقىدا تېڭىۋالغان، بەئەينى كۆرۈمسىز، بەتبەشىرە ئەركەكزەدەك خوتۇنغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ھۆي، غوجەك سويىمەك، ھارامدىن بولغان نىجىس، بۇ ياققا چىق! نوچىلىق دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭا بىر ئۆگىتىپ قويايلى!

ئۇلار ئادەم ئېغىزغا ئالغىلى نومۇس قىلىدىغان سەت گەپلەر بىلەن تىل ياغدۇرماقتا ئىدى. دادام ماڭا ۋە ئۆزىنىڭ ئىززەت - نەپسىگە قىلىنغان بۇ ھاقارەتكە چىدىمىدى. ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ ئاشخانىغا كىرىپ، كۆكتات توغرايدىغان قىڭراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— بالامغا ھاقارەت قىلىشما، نىجىسلار، بوسۇغىدىن ئاتلاپ بېقىشە قېنى، ھەممىڭنىڭ قارنىنى چۇۋۇۋېتىمەن!

مەن دادامنىڭ بۇنچىلىك قەيسەر، جۈرئەتلىك بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران قېلىۋاتاتتىم. ئۇ قىڭراقنى مەھكەم تۇتقىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇراتتى. يەرنى تېپىپ، غەزەپلىك ۋارقىرايتتى.

ۋارقىرىشىشلار ئەۋجىگە چىقتى. سىرتتىكىلەر ھېلىلا ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىدىغان ئەلپازدا ئىدى. مەنمۇ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئوتۇن يارىدىغان يوغان پالتىنى قولۇمغا ئالدىم.

ئاناممۇ بوش كەلمىدى. قولىغا نەدىن چىقتىكى، بىلمىدىم، ئۆيىمىزدىكى تۆت چىشلىق تۆمۈر ئارىنى تۇتقان پېتى يېنىمىزدا تۇراتتى. يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى بىر نۇقتىغا - ھويلا ئىشىككە

مىختەك قادالغانىدى. ئانامنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى قايسىبىر كىنودىكى جەسۇر ئايال قەھرىمانغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ تۇرقىمىزنى كۆرگەن روزىمەت دۆڭنىڭ ئادەملىرى سەل پەسكويغا چۈشتى.

كىم خەۋەر قىلدى، بىلمىدىم. شۇ پەيتتە قاياقتىندۇر ھەيۋەت بىلەن گۈرۈلدەپ كېلىۋاتقان موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي، ئۈچ چاقلىق بىر موتوسىكلىت ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ساقچىخانىدىكىلەر ئىكەن، ئۇلار كېلىپلا ئىشىك ئالدىدىكى روزىمەت دۆڭنىڭ ئادەملىرىنى تارقىتىۋەتتى.

ئىشكنى ئاچتۇق. ساقچىلار دادام بىلەن مېنى موتوسىكلىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى خاپىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. كېتىۋاتىمىز، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قاتار كەتكەن تاغ تېرەكلىرى كەينىمىز تەرەپكە غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىز موتوسىكلىتنىڭ خاپىنىغا چىپپىدە كەپلىشىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتۇق. كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى يۈزلەرگە قامچىدەك ئۇرۇلاتتى. بىز ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىلدۇق. ساقچىلارنىڭ دېيىشىچە، روزىمەت دۆڭ دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كاللىسى يېرىلىپ كەتكەنىكەن، توققۇز يىپلىق تىكىپتۇ. ئەمما، سۆڭىكى سۇنماپتۇ. مەن: «باغرى قاتتىق ئادەمنىڭ سۆڭىكىمۇ قاتتىق بولامدۇ-نېمە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ ساقچىلارغا ئۆزىنىڭ كاللىسىغا دادامنىڭ كەتمەن بىلەن ئۇرغانلىقىنى دەپ شىكايەت قىپتۇ. ئەمەلىيەتتە روزىمەت دۆڭ دادامنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئۇرغان، دادامنىڭ زەخمىسى يۈزىدە، روزىمەت دۆڭنىڭ زەخمىسى كاللىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە تۇرسا، دادام قانداقسىگە كەتمەن بىلەن ئۇنى ئۇرغان بولىدۇ؟

ساقچىلار مەن بىلەن دادامنى ئايرىم-ئايرىم ئىشخانىغا ئەكىرىپ سوراق قىلدى. مېنى سوراق قىلغان ساقچى ھە دەپ «راست گەپ قىل، راست گەپ قىل» دەيتتى. مەن بولغان ئىشلارنى ئۆز ئەينى بويىچە سۆزلەپ بەردىم. ساقچىلار كەچكە يېقىن بىزنى قويۇۋەتتى. شۇ كۈنلەردە دادام ماڭا دائىم: «بالام مەكتەپتە ياخشى ئوقۇ، مەن ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتساممۇ سېنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتىمەن» دەيتتى.

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتتى. ئوقۇشۇم ياخشى بولغاچقا، ئالىي

مەكتەپكە ئۆتتۇم.

ئوقۇش پۈتكۈزۈپ شەھەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. ھەرقېتىم ئاتا-ئانامنى يوقلاپ مەھەللىگە بارغىنىمدا قولۇم - قوشنا، مەھەللىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بىراق، روزىمەت دۆڭنى پەقەتلا ئۇچراتمىدىم. ئۇچرىمىغىنىمۇ ياخشى بولدى. ئۇنى كۆرگۈممۇ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ دادامدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قوياتتىم. دادام: «ئۇ بىچارىنىڭ قىلغانلىرىغا خۇدا پەرزەنت يۈزى كۆرۈشنى راۋا كۆرمىگەن چېغى، پەرزەنتسىز قالدى. بىچارە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. ساتمىغان ھېچنېمىسى قالمىدى، ھەتتا ئۆي - ۋاقلىرىنىمۇ سېتىپ بولدى. خوتۇنى بىچارىنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى، ھازىر كىچىككىنە بىر كەپىدەك ئۆيدە ئولتۇرىدۇ» دەيتتى.

قەبرىستانلىقتىن قايتتۇق. ئاچچىق شامال ھېلىھەم سوقۇپ تۇراتتى. كۆكتىن سۈس چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى سوغۇق ھاۋادا خۇددى كۆڭۈلمدىكى خىياللاردەك لەيلەپ يۈرەتتى. ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن مېڭىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۆيىمىزنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى دۆڭگە، روزىمەت دۆڭنىڭ ئۆيى تەرەپكە قارىدىم. يىراقتا مەن ئەيمىنىدىغان قاپاق تېرەك چوقچىيىپ تۇراتتى. يازدىكى قاتتىق بوراندا سۇنۇپ كەتكەن چېغى، پەسكە ساڭگىلاپ قالغان شاخ - پۇتاقلىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. قاپاق تېرەك ئاستىدىكى ئەينى چاغدىكى كاتتا قورۇ - جاينىڭ ئورنىدا ۋەيرانە كۆرۈنىدىغان كىچىككىنە بىر كەپە تۇراتتى. روزىمەت دۆڭنىڭ ئولتۇراق جايى بەئەينى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان خارابىلىككە ئوخشاپ قالغانىدى. تۇساتتىن ئاشۇ خارابىلىكتە ئۆمىلەپ يۈرگەن چىرايى قاپقارا، چاچ - ساقىلى چاڭگىلىشىپ كەتكەن روزىمەت دۆڭنىڭ ئېگىلىپ قالغان ۋىجىك سىماسى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كۆرەڭ تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، تولىمۇ بىچارە سىياقتا ئىدى. شۇ ئان دادامنىڭ ھېلىقى نەس باسقۇر كېچە — بىز سۇ ياقىلاپ ماڭغاندا «ھوقسوپى سايرىغان يەر چۆل - جەزىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولدى.

# ئەنسىز كېچىلەر

كېچە، ئەتراپ گۆرىستان قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەنىدى. زىمىستان قىشىنىڭ قەھرىتان سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. ئاچچىق شۇۋىرغان قەھرلىك ھۇۋلايتتى. مەن قاپقاراڭغۇ يولدا ماشىنامنى قويۇنىدەك ھەيدىگىنىمچە كېتىۋاتاتتىم. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. مېگەم چاراسلاپ، ئېتىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. پۇت - قولۇم ئۆزۈمگە بويسۇنماي جالاقلاپ تىترەيتتى. ئاغىنەم ھېلىلا ئورۇندۇقنىڭ كەينىدىن قولىنى سوزۇپ «جېنىمنى بەر!» دەپلا گېلىمنى بوغىدىغاندەك، ئاجايىپ بىر خىل قورقۇنچ يۈرىكىمنى چىرمىغانىدى. مەن پات - پات ئەنسىزلىك ئىچىدە كەينىمگە شۈبھىلىنىپ قاراپ قوياتتىم.

مەن شۇنداق قورقۇنچ، شۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە قانچىلىك ماڭغىنىمنى بىلمەيمەن. قارىسام ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئىشىكنى جالاقلىتىپ مۇشتىلىدىم. ئۆيگە تېزرەك كىرىۋالسام، يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالسام، مېنى چىرمىۋالغان بارلىق ئەنسىزلىكلەردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم. بىر چاغدا ھويلا ئىشىكنى داراڭشىتىپ ئاچقان ئايالىم كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ، جېنىمغا تەگدى.

— ئويۇنلىرىڭىز تۈگىدىمۇ؟— دېدى ئۇ ماڭا تەنە قىلىپ،— تايىنلىق ئويىنىغان يەردىكى خېنىملىرىڭىزنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ، ئالەم يورۇغاندا كەلسىڭىز بولماسمىدى، بۇ يېرىم كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلغۇچە.

— نەدىكى خېنىملىكەن ئۇ؟ تولا ۋالاقلاپ، مېڭەمنى قوچۇمساڭچۇ،— مەن شۇنداق دېگىنىمچە ئايالىمنىڭ چىرايىغىمۇ

قارىماستىن، ئىتتىك مېڭىپ ئۆيگە كىردىم. تورۇستىكى لامپۇچكا ئۆي ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، نېمە بولدىڭىز؟— ئايالىم چىرايىمغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىغىنىچە سۆزلەپلا كەتتى، — چىرايىڭىز بەئەينى قاتىللىنىڭ ئۆزىلىغۇ.

يۈرىكىم قارتىدە قىلىپ، ئۈنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ ماڭا غەلىتىلا بىر سىياقتا قاراپ تۇراتتى. شۇ ئان ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر قاپلاپ، پۇت - قولۇمغا قورقۇنچلۇق تىترەك ئولاشتى.

— نېي...... نېمە دەۋاتىسەن، قاتىللىنىڭ چىرايى قانداق بولىدىكەن؟— دېدىمەن دۇدۇقلىغىنىمچە، — مېنىڭ قەيىرىم قاتىلغا ئوخشايدىكەن؟— مەن شۇنداق دېگەچ ئۈستىباشلىرىمغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتىم.

— ھەي تاڭەي، مۇنداقلا دەپ قويىدۇم،— دېدى مېنى مەنىستىمىگەندەك بىر خىل تەرزدە قارىغىنىچە، — چىرايىڭىز شۇنداق قورقۇنچلۇق، تامدەك تاتىرىپ كېتىپسىز، بۇرنىڭىزنىڭ چۆرىسى سارغىيىپ كېتىپتۇ. نېمىشقىكىن، چىرايىڭىزدىن بىر خىل شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغۇ.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىغاندۇ ماۋۇ، ماڭە، ئەينەكنى ئەكەلگىنە.

— كېچىدە ئەينەك كۆرسە يامان بولىدۇ.

— نېمە بولىدۇ؟

— ئەيىبى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە بىر قېتىم چۆچۈپ كەتتىم.

مەن ئۆزۈمنى كۆرپىگە تاشلىغىنىمچە، يوتقانغا چىڭ پۈركىنىۋېلىپ يېتىۋالدىم.

كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تۈرلۈك ۋەھىمىلىك خىياللار، قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە ئىدى. يوتقاننى شۇنچىلىك چىڭ يۆگەپ ياتساممۇ جالاقلاپ تىترەۋاتاتتىم. بەدىنىمنىڭ شۇنچىلىك مۇزلاپ كەتكىنىگە قارىماي، پۈتۈن ئەزايىمدىن مۇزدەك تەر شورۇلداپ قۇيۇلاتتى. ئۆينىڭ تۆت تېمى

مېنى قىستاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىچىدە قېلىۋاتاتتىم. يۈرىكىم ئەنسىز تىپچەكلەيتتى. يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرگۈم كېلىپ كەتتى. لېكىن، مەندە يۈگۈرگۈدەك جۈرئەت، ھەتتا ئورنۇمدىن تۇرغىدەكمۇ مادار قالمىغانىدى.

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، مېنى ئەتىدىن بېرى قورقۇنچلۇق ئەنسىزلىككە سېلىپ، ئارامىمغا قويمىغان دوستۇم ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاندىن تۇغما بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. قارىداپ كەتكەن كالپۇكلىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. چىشلىرى توختىماي كاسىلدايتتى. تېرىلىرى ئۇستىخانلىرىغا چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەئەينى بىر ئەرۋاھقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. مەن قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم. ئاۋازىم ئۆزۈمگىمۇ ئاڭلانمىدى.

ــ ئا...... ئاداش، مەن بەك توڭلاپ كەتتىم،ــ دېدى سۇپىغا ئۆملەپ چىقىۋېتىپ،ــ مېنى ئىسسىتىپ قوي.

ــ يا...... ياق، نېرى تۇر، ماڭا يېقىن كەلمە! ــ مەن شۇنداق كۈچەپ تووۋلىساممۇ، ئۇ مېنى نەزىرىگە ئىلمىغاندەك، مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغاندەك مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىۋەردى. ئۇنىڭ ياغاچ ئارىنىڭ چىشىدەك ئۇزۇن، ئىنچىكە بارماقلىرى كۆز ئالدىمدىلا مىدىرلاپ تۇراتتى.

ــ مې...... مېنى ئىسسىتىپ قوي، مەن سېنى سېغىنىپ كەلدىم. سەن نېمىشقا مېنى سوغۇق يەرگە تاشلاپ قويىسەن، ئىسسىق قوينۇڭنى ئاچ!

ــ نې..... نېرى تۇر، ماڭا يېقىن كەلمە، سەن ئۆلگەنغۇ، مە......مەن سېنى سە......سەن بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟

ــ مەن...... مەن ئۆلگەن، شۇنداقتىمۇ توڭۇپ كەتتىم. سەن مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە ياردەم قىلغان. يەنە بىر قېتىم ياردەم قىلىپ، مېنى ئىسسىتىپ قوي، قېنى، ئىسسىق قوينۇڭنى ئاچمامسەن......

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، ئاشۇ قورقۇنچلۇق قوللىرى بىلەن يوتقىنىمنى كۈچەپ تارتتى. يوتقان ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ مېنى ئاشۇ قورقۇنچلۇق قوللىرى بىلەن كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە، چىڭ

قوچاقلىغىنىچە باغرىغا باستى. مەن «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— نېمە بولدى، ۋوي، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ ساراڭدەك ۋارقىرىماي ماڭا قارىڭە......

غوۋا بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرگەندەك بولدى. بىرسى مېنى كۈچەپ سىلكىشلەۋاتاتتى. بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ قارىسام، ئايالىم مېنى يۆلەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆي ئىچى يوپيورۇق. مەن كۆزۈمنى چەكچەيتىپ ئايالىمغا قارىدىم. ئۇ مەندىن قورققاندەك، مەندىن يىرگەنگەندەك بىر خىل سىياقتا كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

— ئى...... ئىشكنى تاقىمىغانمۇ؟ — دەپ سورىدىم تەستە زوۋانغا كېلىپ.

— تاقىغان. ئەنە قاراڭ، ئىشىك تاقاقلىق تۇرمامدۇ، سىزگە زادى نېمە بولدى، قارا بېسىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ماڭا ئەيمىنىپ قارىغىنىچە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەجەبلىنىش، قورقۇمسىراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مېنى يۆلەپ تۇرغان قوللىرى يېنىك تىترەيتتى.

مەن شۇ ئان ئىشىككە قارىدىم. ئىشىك ئىچىدىن بىر ئۇبدان تاقاقلىق تۇراتتى. بايىلا ئاغىنەم ئېچىپ كىرگەن بىر قاناتلىق ئىشىك مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بىر خىل سىياقتا تۇراتتى.

— سىزگە زادى نېمە بولدى، يامان چۈش كۆرۈپ قالدىڭىزمۇيا؟ — ئايالىم يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، يېتىپ ئۇخلاڭ.

— مېنى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتىڭىز!......

— ......

ئايالىم مېنى يۆلەپ تۇرغان قوللىرىنى ئاستا تارتىپ يوتقانغا شۇڭغۇدى. ئۇيقۇسى كەلمىگەن بولسا كېرەك، پات - پات ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇلۇغ ئەسنەپ قوياتتى. ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

مەن ئۆرە ئولتۇردۇم. ياتسام دوستۇمنىڭ مېنى يەنە ئىزدەپ

كېلىشىدىن قورقتۇم. كاللامدا ئوي ـ خىيال، ۋۇجۇدۇم يىڭنىك تىترىمەكتە. پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر يوق. قورقۇنچلۇق مەنزىرە خۇددى سايەمدەكلا ماڭا ھەمراھ.

زاۋال ئارىلىقى ئىدى. مەن دورا دۇكىنىمدا تەنھا ئولتۇراتتىم. دۇكىنىمغا بوگون تۆزۈك خېرىدارمۇ كىرمىگەنىدى. كەچتە قەيەردە ئويناش، قەيەردە كۆڭۈل ئېچىش دېگەندەك ئىشلارغا كۆڭۈل بوگۇرتۇپ باقتىم. نېمىشقىكىن، ھېچ يەرنى كۆڭلۇم تارتمايۋاتاتتى. بىر چاغدا دۇكىنىمغا چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن بىر دوستۇم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تارتىشىپ قالغاندەك جالاقلاپ تىترەيتتى. كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى كاسىلدايتتى.

ــ ئاداش، ياخشىراق ماللىرىڭ بارمۇ؟ــ دېدى ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە،ــ ماڭا ياردەم قىلغىن.

ــ بولمامدىغان دوستۇم، بىرىنچى خىلدىكى مالدىن ساڭا ئازراقلا ئېلىپ قويغان،ــ دېدىم،ــ ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇمسىرىگىنىمچە.

ئۆزى تەقەززا بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن دوستۇم خۇددى ھۆرلۇككە ئېرىشكەن قۇلدەك شادلىنىپ كەتتى. كۆكىرىپ كەتكەن قاتاڭغۇر لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. مەن ئىتتىك بېرىپ دۇكانىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىدىم، ئاندىن ئۇ تەقەززا بولۇۋاتقان نەرسىنى ئىشپىرىسقا قاچىلىدىم. ئۇ پۇلنى غازاڭدەك خەجلەيدىغان، پۇلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئولتۇرمايدىغان بىر مەرد ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرى بولسا ئورۇنلاشقا ھەر قاچان تەييار ئىدىم.

ــ چاپسانراق بولساڭچۇ ئاداش، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن،ــ دېدى دوستۇم ماڭا غەلىتە بىر خىل تەرزدە قارىغىنىچە،ــ بولە چاققان......

مەن دەررۇ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم. كۆزلىرىدىن بىر خىل غەلىتە نۇر چاقناپ تۇراتتى. كۆڭلۇم ئۆيۈپ، ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى.

ــ جېنىمنى قىينىماي تېز بولساڭچۇ،ــ ئۇ سول بىلىكىنى چىقىرىپ، ماڭا چىنەپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن چەكسىز تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، يىگىننى كۆك تومۇرغا سانجىدىم. سارغۇچ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا ئاقتى. مەن سۇيۇقلۇق تۈگىگەن ئىشپىرىسقا ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىن قان شورىتىپ يەنە تومۇرلىرىغا ماگغۇزدۇم. بۇ ھالەتنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدىم. كېيىن يىگىننى تومۇردىن ئاستا سۇغۇرۇپ ئالدىم. «ئاھ، ئەجەب راھەتلىنىپ كەتتىما» دېدى ئۇ سافاغا يۆلەنگىنىچە، مەن ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن مەيدىسىنى سىلىغىنىچە كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ چىرايىدا مەڭگۈلۈك قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن دەررۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ باقە ئاداش» دېگىنىمچە، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئاستا تارتتىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقتا يوق، سافاغا يېنىچە سىيرىلىپ چۈشتى. يۈرىكىم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى. يۈرىكىنى تىڭشاپ باقتىم. ھېچقانداق تىۋىش يوق، مەن ئۇنى دەررۇ ئوگدا قىلىپ مەيدىسىدىن كۈچەپ باستىم. قوللانغان چارە ـ ئۇسۇللىرىمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى.

بېشىمنى قاماللىغىنىمچە ئولتۇراتتىم. قانداق قىلىشىمنى، بۇ ئىشنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى بىلمەيتتىم. يۈرىكىم ھېلىلا كۆكرەك قەپىسىمنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. «چاپسانراق بولساڭچۇ ئاداش، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن» توساتتىن دوستۇمنىڭ ھېلى قىلغان سۆزى كاللامغا كىرىۋالدى. ۋۇجۇدۇمنى ئەنسىز تىترەك چىرمىدى. ئۇ نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىمەن دەيدۇ، يا ئۆلۈپ كېتىشىنى بىلىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن بولغىيمىدى؟

ياق، ئۇ بۈگۈن ئۆلۈپ كېتىشىنى بىلمەيدۇ، ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى تەقەززا بولغان نەرسىنى تومۇرىغا تېزرەك ئۇرسام ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى دېگەن. ياق، ئۇنىڭ گېپىدىن بۇنداق مەنە چىقمايدۇ. «ئۇ چاپسان بول، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن» دېگەن. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشىنى چوقۇم بىلگەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە......

خىياللىرىم كاللامغا پاتمايۋاتاتتى. مېنى تۇيۇقسىز بىرسى كېلىپ تۇتۇپ كېتىدىغاندەك بىر خىل قورقۇنچلۇق ئەنسەبىي تۇيغۇ چىرمىۋالغانىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا

چىراغنى ئۆچۈرۈپ، سىرتقا چىقتىم، ھېلى بىرسى دۇكانغا كىرىپ قالىدىغاندەك، دوستۇم يۈگۈرگەن پېتى كوچىغا چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇنچ ئىچىدە دۇكاننىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلىدىم. كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ھاۋا تۇمانلىق بولۇپ ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپقا غۇۋا يورۇقلۇق چېچىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى خىرە پىلدىرلايتتى. بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان ئاچچىق شۇۋىرغان ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلايتتى. كوچىدا ئىنسان زاتى كۆرۈنمەيتتى.

مەن بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، سەل نېرىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنامنى ئوت ئالدۇرۇپ، دۇكان ئىشىكىگە يېقىن ئەكېلىپ توختاتتىم. ماشىنىنىڭ كەينى ساندۇقىنى ئېچىپ قويۇپ كېلىپ، دۇكان ئىشىكىگە ئاچقۇچ سالدىم. پۇت - قولۇم دىرىلداپ تىترەيتتى. ھېلىلا جان ئۈزگەن دوستۇم يوپيورۇلۇپ كېلىپ ماڭا تاشلىنىدىغاندەك بىر خىل قورقۇنچ يۈرىكىمنى بېسىپ تۇراتتى. مەن ئاستا دۇكانغا كىرىپ، دوستۇمنىڭ جەسىتى يېنىغا كەلدىم. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنى ئاستا يۆلىدىم. ئۇنىڭ بەدەنلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئادەمگە بىر خىل ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا كەينىمنى قىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتتۇم - دە، قوللىرىنى مۈرەمدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆتۈردۈم. قورقۇنچتا پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىغانمۇ ياكى جەسەت بەك ئېغىرمۇ؟ ئەيتاۋۇر، غايەت زور بىر قورام تاشنى يۈدۈپ ماڭغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. مەن ئۇنى ھاپاش قىلىپ ئۆمىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ ماشىنا يېنىغا كەلدىم - دە، ئۇنى ماشىنىنىڭ ئارقا ساندۇقىغا ئاستا ياتقۇزدۇم. ساڭگىلاپ قالغان پۇتلىرىنى يىغىپ جايلاشتۇردۇم. قاپقاقنى يېپىپ ماشىنىغا چىقتىم - دە، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردىم. مەن ماڭمىغان يېزا يوللىرى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل تار كوچىلارمۇ قالمىدى. نېمە مەقسەتتە مېڭىۋاتقىنىمنىمۇ بىلمىگەندەك، ئالدىم قايان بولسا شۇ يان كېتىۋېرەتتىم. بىر چاغدا قارىسام، ماشىنىنىڭ ماي كۆرسەتكۈچى ئىستىرېلكىسى بېشىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا، ماي تۈگەپ قالسا قانداق قىلارمەن، دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم. قارىسام بىر ئېتىزلىق بويىدا

كېتىۋاتىمەن. ماشىنىنى دەرھال تورمۇزلىدىم. ئەمدى رەھمەتلىكنى ئېلىپ يۈرۈۋەرسەم بولمايتتى. بۇ ئىشنى بىر كىمگە دېيىشكىمۇ بولمايتتى. شۇڭا، ئۇنى مۇشۇ ئېتىز بويىغا تاشلاپ قويۇشنى ئويلىدىم. مەن ئېغىز ئاچمىساملا، مەندىن ھېچكىم گۇمانلانمايتتى. دوستۇمنىڭ جەستى شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇرغان بوز دالادا شۈمشىيىپ قالدى.

خىيال بىلەن ئائىلەمنىڭ يورۇپ كەتكىنىنى، ئايالىمنىڭ قاچانلاردا ئورنىدىن تۇرغانلىقىنىمۇ سەزمەپتىمەن.

— چاي ئىچىۋېلىڭ، — دېدى ئايالىم ئالدىمغا داستىخان سېلىپ.

مېنىڭ چاي ئىچكۈم يوق ئىدى. ئېغىزىم بەتتەم، گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۆزۈم خارامۇش، كۆڭلۈم پاراكەندە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئايالىمنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاغزىمغا بىر چىشلەم نان سېلىپ، قىزىق چايدىن بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ قويدۇم.

توساتتىن تېلېفونوم سايراپ كەتتى. بىر يەردىن مېنى تۇتۇش بۇيرۇقى كېلىدىغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. تېلېفون نومۇرىغا قارىسام، دوستۇمنىڭ ئىنىسىنىڭ نومۇرى ئىكەن. كاللامدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. ھەرقانداق ئىش بولسا چاندۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى.

بىر ھازا ئويلىنىشتىن كېيىن ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئالدىم، ئۇ تېلېفوندا:

— بىزنىڭ ئۆيگە تېزرەك بىر كەلگەن بولسىڭىز، ئاكام جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئىكەن، بىرگە بېرىپ كەلگەن بولساق، — دېدى.

— ئاكاڭ ئۇ يەردە نېمىش قىلىدىكەن؟ — دەپ سورىدىم چاندۇرماستىن، ئاۋازىمنى بىرئاز بولسىمۇ تەمكىن چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— ئۇقمىدىم، ساقچىلار تېزدىن كەلسەڭلار دەپ خەۋەر قىلىپتۇ.

— ماقۇل، مەن ھازىرلا باراي.

ئاپلا، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە نېمە قىلىدىغاندۇ. ناۋادا ئۇ ئۆلمەي قالغان بولسا مېنىڭ ئىشلىرىمنى ساقچىلارغا پاش قىلىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن ماشىنامنى ھەيدەپ، دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئىنىسى، ئايالى تەق بولۇپ تۇرغانىكەن. ھەممىسى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق. ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل تەشۋىش، ئەنسىزلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— بالام، بىرەر ئەسكى ئىش قىلىپ سولىنىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟— دېدى دوستۇمنىڭ ئانىسى كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— ئۇنداق يوقىلاڭ خىياللارنى قىلمىسىلا، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولـ ـمايدۇ،— دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، بۇ گەپنىڭ ئېغىزىمغا كەلگەنلىكىنى، قانداق دېگەنلىكىمنى تۇيمايلا قالدىم. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھەيران قېلىشقا باشلىدىم. پۇت ـ قولۇمنىڭ تىترىشى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولغانىدى. ئىنتايىن تەمكىن بىر ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا باردۇق. كۆرگۈچىلەرنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن دوستۇمنىڭ جەسىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدۇق. ساقچىلار ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن خەۋەر قىلغانىكەن.

دوستۇمنىڭ ئۆيدىكىلەرگە قىيامەت قايىم بولدى. ئۇلار جەسەتكە ئۆزىنى ئېتىپ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلىدى. مەنمۇ، يىغلىغانىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە يىغلاپ سالدىم.

ساقچىلار بىزنى جەسەت يېنىدىن قايتۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى گۇمانلىق ئىكەن، جەسەتنى ئاناتومىيەلىك تەكشۈرمىسە بولمايدىكەن. مەن ئاناتومىيىلىك تەكشۈرۈش دېگەنىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن قورقۇپ قالمىدىم. قانۇن دوختۇرىنىڭ باھالاشىمىسى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىنى تېپىپ چىقالىسىمۇ، لېكىن ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيدۇ ـ دە، قورقۇپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، تەمكىن بولاي.

دوستۇمنىڭ ئۆيدىكىلىرى باشتا جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە، ئۇنىڭ بىر پۇتۇنلۇكىنى بۇزۇشقا قوشۇلمىدى، ساقچىلارنىڭ ئىنچىكە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن قايىل بولۇپ قالدى. مەن بارغانچە

ئوغلىنىڭ قاتىلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

جەسەت تەكشۈرۈلدى. ئۆلگۈچى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ تۆپىدە تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. دوستۇمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ تېخىمۇ دەرد - ھەسرەتتە قالماسلىقى ئۈچۈن، جەسەت تەكشۈرگەن يەردە مەن تۇرۇشقا توغرا كەلدى. قانۇن دوختۇرىنىڭ جەسەتنىڭ قورسىقىنى كىتىرلىتىپ كېسىشلىرى، ئۆپكە، يۈرەكلىرىنى ئاۋايلاپ سۇغۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ، تېنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. خۇددى مېنىڭ قورسىقىمنى كەسكەندەك، مېنىڭ ئىچ باغرىمنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. كۆڭلۈمدە دوستۇم ھېلىلا سەكرەپ قوپۇپ «مېنىڭ قورسىقىمنى يارماڭلا، مېنىڭ قاتىلىم يېنىڭلاردىلا تۇرمامدۇ مانا» دەيدىغاندەك بىر خىل ۋەھىملىك خىياللار لەيلەپ يۈرمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ھېچنېمە بولمىغاندەك، ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك تەمكىن بىر سىياققا كىرىۋالغانىدىم. تۇرۇپ - تۇرۇپ، ئۇنى دۆكىنىمغا مەن چىللاپ كەلمىسەم، ئۇنى مەن قەستلىمىسەم، نېمىشقا مەن قاتىل بولغۇدەكمەن، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم. لېكىن، ھەرقانچە ئويلىساممۇ، بۇ خىيالنى يوق قىلىۋېتىشكە قادىر بولالمايۋاتاتتىم.

تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى. ئېنىقلانىدىكى، دوستۇم خىروئىنىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنىدى.

ساقچىلار دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز جەسەتنى ئەتە سەھەردە يەرلىكىدە قويماقچى بولۇشتۇق. مەن مېيىت ئۇزىتىش تەييارلىقىنى قىلىشىپ بېرىپ، يېرىم كېچىدە ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

ئۆيگە كىرىپلا مېنى يەنە قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەندىككىنىمچە تىترەپ كېتەتتىم. مۈرەمنىڭ قورۇلۇپ توڭلاشقا باشلىغانلىقىنى سەزدىم. ئايالىم تېخى ئۇخلىمىغانىكەن. «ئاغىنىڭىز نېمە بولۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ كەتتى. مەن «ئايال كىشى دېگەن ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشسا بولمايدۇ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا» دەپلا جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە مەندىن نۇرغۇن گەپ سورىغاندەك قىلدى.

خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئىسسىق يوتقانغا كىردىم.

ئۆي قاراڭغۇ بولسىمۇ، مەن تورۇسقا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈرۈپ ياتتىم. خىياللىرىمنىڭ ئايىغى چىقمىدىغاندەك قىلمايتتى. خىياللىرىم بىر - بىرىدىن قاباھەتلىك، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىدى. نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىمنىمۇ ئاڭقىرىپ بولالمايتتىم. توساتتىن تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېچىلىپ قالغان تۆڭلۈككە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۆيىمىزنىڭ ئەزەلدىنلا تۆڭلۈكى يوق ئىدى. قىزىق ئىش، بۈگۈن نېمىشقىكىن تۆڭلۈك پەيدا بولۇپ قالغانىدى. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، ئاشۇ تۆڭلۈكتە بىر بالا ئولتۇراتتى. بالىنىڭ تۆڭلۈكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان بوغماق پۇتلىرى خۇددى مايلاپ قويغان قاشتېشىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بەش ياشلاردىكى ئوماق قىزچاق ئىدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك قىزارغان مەڭزىدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ بىر خىل نۇر جىلۋىسى بالقىپ تۇراتتى. شوخىدەك تىككىدە ئۆسكەن، بولۇق مايىسىدەك قويۇق ھەم ئۇزۇن كىرپىكلىرى بولاقتەك لۆمشۈپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. لېكىن، ئاشۇ سېھىرلىك كۆزلەردىن نېمىشقىدۇر بولدۇقلاپ ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. مەن تەئەججۇپ ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپلا قالغانىدىم. ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇم كېلەتتى- يۇ، نېمە دېيىشنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئاخىر ئۇنىڭ كىملىكىنى، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى، نېمىشقا تۆڭلۈككە كېلىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، يەنە نېمىشقا ياش تۆكىدىغانلىقىنى سورىماقچى بولدۇم. ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىمنى نەچچە قېتىم ئۆمەللەپ باقتىم. لېكىن، مەندىن زۇۋان چىقمىدى. مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە، خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك جىمجىت ياتاتتىم. پۇت - قولۇم مىدىرلاپمۇ قويمايتتى. پەقەت چوڭ - چوڭ تىنغان نەپەس ئاۋازىملا قۇلىقىمغا سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇمۇ ماڭا كۆز ئۈزمەي قارايتتى. ھەربىر قارىشىدىن تېنىمنى شۈركەندۈرىدىغان قەھر - غەزەپ ئوتلىرى چاچرايتتى. ئاشۇ بولاقتەك كۆزلىرىدىن ھېلىھەم مۆلدۈردەك ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچماقچى بولدۇم. شۇ ئان ئۇ خۇددى

كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشكەن قۇشتەك قانات كېرىپ پەسلىگىنىچە مېنىڭ كۆكسۈمگىلا قونۇپ ئولتۇردى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تېپىرلاپ كەتتىم، لېكىن مىدىرلىغۇدەك مادارىم قالمىغانىدى. شۇنداق تۇرغىنىمدا ئۇ يەنە چاققانلىق بىلەن بۇدرۇق قوللىرىدا كېكىردىكىمنى مەھكەم سىقتى. مەن تىنالمايلا قالدىم. بەدىنىمنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى. ۋارقىراي دېسەممۇ ئاۋازىم چىقمايتتى.

— سەن مېنىڭ دادامنى ئۆلتۈردۈڭ، دادامنى تېپىپ بەر،— قىزچاق ماڭا ئالايغىنىچە غەزەپلىك ۋارقىرىدى.

— يا...... ياق، داداڭنى مەن ئۆلتۈرمىدىم،— دېدىم لاغىلداپ تىترىگىنىمچە،— ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلغان.

— ئۇ ئۆزى ئۆلۈشنى تەلەپ قىلغانمۇ؟

— مېنىڭ ئوكۇل ئۇرۇپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلغان.

— ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ئۆلۈپ قالدى؟

— ئەجىلى توشقان چېغى، ئۆلۈپ قالدى.

— سېنىڭ يالغان سۆزلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن!

قىزچاق پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، گېلىمنى تېخىمۇ قاتتىق سىقىشقا باشلىدى. جېنىم چىقىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ، قورقۇنچلۇق خىرقىراپ كەتتىم. شۇ تاپتا يېنىمدا تۈگۈلۈپ ياتقان ئايالىم ھېچنېمىدىن بىخەۋەر خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ھۇ، بەغەرەز خوتۇن، مېنى نېمە بولۇپ كەتسە مەيلى دەپ ئويلىغانمىدۇ، كىچىككىنە بىر قىزچاقنى شۇنداقلا ئىرغىتىۋەتسە جېنىم مىلىڭ ياشقا كىرمەسمىدى؟ لېكىن، ئۇ مېنىڭ ئىلتىجايىم بىلەن پەرۋايى پەلەك، يەنىلا خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ماڭا قىلچىلىك شاپائەت كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىر ئايالىمنى قاتتىق نوقۇغاندەك قىلدىم. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندەك قىلىۋىدى، مەن ئۇستۈمگە مىنىۋالغان قىزچاقنى شەرەتلىدىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە «مۇشۇنچىلىك بىر قىزچاققا كۈچىڭىز يەتمەي مېنى چاقىرىۋاتامسىز؟» دەپ مېنى زاڭلىق قىلدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، ماڭا مۇزدەك پەللىكىنى يەملەپ يېتىۋالدى. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ قىزچاقنى بىر ئىتتىرىپلا ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم. قىزچاق مېنىڭ خىيالىمنى

بىلىۋالغاندەك، كېكىردىكىمنى كۆچەپ بىر سىقىۋىدى، بەئەينى گېلىغا دان تۇتۇلۇپ قالغان قېرى مېكىيانىدەك «غىق» قىلىپلا ھوشۇمدىن كەتتىم......

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ماڭا نامەلۇم، كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. ئايالىم يېنىمدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. مەن دەررۇ تورۇسقا قارىدىم، ئۆيىمىزدە يەنىلا تۈگۈلۈك يوق.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا دوستۇمنىڭ ئامىرىغا ماڭدىم.

دوستۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى مەن قىياس قىلغاندىنمۇ كۆپ ئىكەن.

مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەر دولقۇنلاپ تۇرغان ئادەم دېڭىزىنى ئەسلىتەتتى. ھەممىمىز يىغلىشىپ تۇرۇپ ھازا ئاچتۇق. دوستۇم قارا تۇپراق قوينىدا ئەبەدىيلىك ئۇيقۇغا كەتتى.

مەن يەتتە نەزىرىگىچە كۈندە دېگۈدەك دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىسىنى بىر قېتىم يوقلاپ قويغاندىن باشقا چاغلاردا سىرتقا چىقمىدىم. دوستۇمنىڭ سىيماسى ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. تۈرلۈك قورقۇنچلۇق خىياللار، قۇتۇلۇپ بولمايدىغان ۋەھىمە يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجىماقتا، روھىمنى خوراتماقتا ئىدى.

— ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىڭ، بۇنداق يۈرۈۋەرسىڭىز تۈگىشىپ كېتىسىز. ئېيتىڭە، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىپ قالغان بولسا دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلى، — دەيتتى ئايالىم ھەمىشە كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ. بۇنداق چاغدا مەن «ھېچنېمە بولمىدى» دېيىشتىن باشقا گەپ قىلالمايتتىم. كۆڭلۈم ھېچنېمە تارتمىسىمۇ، گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، بىرەر قوۋۇز بىرنەرسە يەپ قويۇپلا بولدى قىلاتتىم.

مەن قاراڭغۇ چۈشۈشتىن، كېچە بولۇشتىن قورقاتتىم. مەڭگۈ كېچە بولمايدىغان بىر دۇنيا بولسىدى، مەن شۇ يەرگە قېچىپلا بېرىۋالغان بولار ئىدىم. ھەر كېچىسى دوستۇمنىڭ بىرەر تۇغقىنى مېنى قىينىغىلى كېلەتتى. ئۇلار ھېلى ئېشىكتىن، ھېلى دېرىزىدىن، ھېلى ئۆيۈمنىڭ ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولمىغان تۈگۈلۈكىدىن كىرەتتى. دوستۇمنىڭ قىزى

كېلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئۈچ كېچىدە، دوستۇمنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئايالى بىر قېتىمدىن كېلىپ كەتتى. مېنى دەھشەتلىك قورقۇنچلارغا سېلىپ قويۇپ كەتتى. مەن ئەمدى بۇنداق ئەنسىزچىلىككە چىدىيالماي قېلىۋاتاتتىم. ماڭا ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيتتى. بۇ روھىي ئازابتىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايتتى......

مانا ئالتىنچى كېچىمۇ يېتىپ كەلدى. مەن يەنە ئۇخلىيالمىدىم. كۆزلىرىم ئوچۇق، يەنىلا قارىيسپ كۆرۈنگەن تورۇسقا تىكىلگىنىمچە خاراموش ياتاتتىم. بىر چاغدا قۇلىقىمغا زېمىننىڭ قەھرىدىن — بەكمۇ يىراقتىن «دېرىزىگە قارا، دېرىزىگە قارا!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن بېشىمنى تەستە بۇراپ، دېرىزە تەرەپكە قارىدىم. دېرىزىنىڭ ھەم ئېتىلگەن قاناتلىرى قاراسلاپ سۇنۇپ، ئۇيەگە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق كىرىپ كەلدى. تىلىم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ، قارا تەرگە چۆمۈلدۈم. سىنچىلاپ قارىسام، ئۇيەگە كىرگىنى ئىنچىكە بويىندا قاپاقتەك ساڭگىلاپ تۇرغان بېشى تولىمۇ قورقۇنچلۇق دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئورنىدىكى ئىككى تۆشۈك گويا تېگى يوق قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇ شۇ قورقۇنچلۇق سىياقى بىلەن ماڭا بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. تېنىم شۈركۈنۈپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلەشتى. بىر سەكرەپلا بار كۈچۈم بىلەن يىراقلارغا قېچىپ كەتمەكچى بولدۇم. قىرىشقاندەك، پۇت-قوللىرىم مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ، ئاشۇ ۋەھىمىلىك قوللىرىنى كۆزۈمگە چىندى.

— ئۇخلاۋاتامسەن، كۆزۈڭنى ئاچ، ئاۋۇ تەرەپكە قارا، ئۇ ئانام!

مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. كەڭرى كەتكەن، ئىنتايىن سۈرلۈك تۇس ئالغان بىر قەدىمىي قەبرىستانلىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قاتار تىزىلىپ ياتقان زومچەك - زومچەك قەبرىلەر كىشى كۆڭلىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسى سېلىپ مۆكۈنۈپ ياتاتتى. قەبرىنى تېشىپ چىققان قومۇش غوللىرى سارغىيىپ كەتكەن، سۇس ئۇچقان شامالدا لەرزان ئىرغاڭلاپ شىر - شىر ئاۋاز چىقىراتتى. قەبرىستانلىقنىڭ ئەڭ چېتىدىكى يېڭىدىن قوپۇرۇلغان ئاددىيغىنا توپا قەبرە يېنىدا،

دوستۇمنىڭ ئانىسى بۇقۇلداپ نالە قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان ئۇزۇن ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى قار ئارىلاش ئۇچقان شامالدا يېنىك يەلپۈنەتتى. ئورۇق، ئەتىسىز مۇرىلىرى توختىماي سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «ئاھ، ئوغلۇم! مېنى دەردتە قويۇپ كەتتىڭ ئوغلۇم، مەن قارا بوراندا قالدىم ئوغلۇم، ئاھ جىگەر پارەم! مەن قانداق قىلاي ئەمدى.......»

ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق نالە - پەريادىغا چىدىغىلى بولمايتتى......

— كۆردۈڭمۇ، ئانامنى كۆردۈڭمۇ، — دوستۇم قەھر - غەزەپ بىلەن ماڭا ۋارقىرىدى، — ئۇ مېنىڭ ئانام، ئۇنىڭغا تەسەللى بەر. مەن ئانامنىڭ دەرد - ھەسرىتىگە چىدىمىدىم. ئۇنىڭغا تەسەللى بەر......بۈگۈن تاڭ ئېتىپ قالدى، خوش دوستۇم، مەن يەنە كېلىمەن......

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلدى. بايا قاراسلاپ سۇنۇپ كەتكەن دېرىزىنىڭ قاناتلىرى سايمۇساق، ھىم ئېتىكلىك تۇراتتى.

— مەن يەنە كېلىمەن......يەنە كېلىمەن......

تولىمۇ بوغۇق، زەئىپ بۇ ئاۋاز يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەدىنىم قاتتىق سىلكىنمەكتە ئىدى. ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى سۇسلاپ، كېيىن ئاڭلانماي قالدى.

— نېمە بولدىڭىز، كۆزىڭىزنى بىر ئېچىڭە، ئادەمنى قورقۇتماي......

مەن تولىمۇ تەسلىكتە كۆزۈمنى ئاچتىم. بېشىم ئايالىمنىڭ قۇچىقىدا تۇراتتى.

— ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدىم تولىمۇ تەسلىكتە زۇۋانغا كېلىپ، قورۇپ تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغان تىللىرىمنى ئاستا مىدىرلاتقىنىمچە.

— يەنە ھېچنېمە بولمىدىم دەيسىزغۇ، قانداق بولسىڭىز بولاتتى ئەمدى؟ قاراڭ ئەپتىڭىزگە ئاغزى - بۇرنىڭىزغا قوقاق چىقىپ كېتىپتۇ.

مەن تېخىچە تىترەپ تۇرغان ماغدۇرسىز قوللىرىمنى تەستە كۆتۈرۈپ، لەۋلىرىمنى سىلىدىم. لەۋلىرىمنىڭ يېرىلداپ ئېچىشىۋات-

ـقانلىقىنى سەزدىم. مۇدىر ـ مۇدىر قاپارتقۇلار قولۇمغا ئۇرۇندى.

ــ سىزگە جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ، جىن ھەر كىچىسى ئىگىسىدىن بوغۇز تەمە قىلغان ئىشەكتەك خىتىلدايسىز، ئادەمنى قورقۇتۇپ.....

ئايالىمنىڭ سەت ئوخشىتىشلىرى جىنىمغا تەگدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيتتىم. كاللام قورۇق خىياللار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بېشىمنىڭ پارتلاپ كەتمەي، شۇنچە خىياللارنى سىغدۇرۇپ تۇرغىنىغا ھەيران ئىدىم.

تېبىبىي ئىنىستىتۇتنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ ئىشسىز قالدىم. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم ئانچە يېرىم ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىكىدەك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ئىشلار كەلمەسكە كەتكەچكە، ماڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەر سامانىدەك ئىدى. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئىش كۈتۈپ يۈرۈشەتتى. خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغانلار بىر مەنىلا بولمىغاندىكىن كۆڭلۈم ئانچە مەيۈسلىنىپ كەتمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىشسىزلىق يامان ئىكەن. بىكار ئولتۇرۇپ يەۋەرسە تاغمۇ توشىمايدۇ ـ دە، مەن ئاخىر كەسپىي ئالاھىدىلىكىمدىن پايدىلىنىپ، شەھەر ئىچىگە كىچىككىنە بىر دورا دۇكىنى ئېچىۋالدىم. ھە دېگەنىدىلا تىجارىتىم يۈرۈشمەي قويدى. نامى نە ـ نەلەرگە تارالغان داڭلىق دوختۇرخانىلار تۇرغان يەردە، مەندەك نامى چىقمىغان قوڭالتاقنىڭ يېنىغا ئادەتتىكى زۇكام دورىسى، ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى ئالغىلى كەلگەنلەردىن باشقا كىم كېلىدۇ دەيسىز. دۇكىنىمنىڭ چۆلدەرەپ تۇرغىنى تۇرغانىدى. تىجارىتىم ئاقمىدى دەپ، مىڭبىر جاپادا ئاچقان دۇكاننى تاقىۋېتەيمۇيا؟ ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. ئۇنداق قىلسام ئەل ـ كۈنىنىڭ ئالدىدا سەت بولاتتى. شۇڭا، بارىغا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەل ـ ئاغىنىلىرىم كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنى يۈز ـ ئابرۇيلۇق دەپ كەتكىلى بولمايتتى. كۆپىنچىسى نېمە كەلسە شۇنى قىلىپ يۈرىدىغان جەمئىيەت داشقاللىرى ئىدى. جەمئىيەت داشقاللىرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە يامان ئىش قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقەم كۈچەيگەنسېرى، مەنمۇ شۇلارغا ئۆگىنىپ قالدىم. ئاتا ـ

ئانام مېنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار بېشىمنى باغلاپ قويۇش، مېنى بىر ئۆيگە بەند قىلىپ قويۇشنىڭلا كويىغا چۈشۈپ قالدى. راست دېگەندەك ئۇزاق ئۆتمەي ماڭا خوتۇن ئېلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆيدە خوتۇن بولسا ئەرنى تىزگىنلەپ تۇرارمىش. يامان يوللاردىن توسۇپ، باشقۇرارمىش. بۇ مۇمكىنمۇ؟ مەن خوتۇن كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ئادەممۇ؟ ئۇلار خاتا مۆلچەرلىگەندى. خوتۇنۇم مېنى باشقۇرالمىدى. مەن نېمە قىلغۇم كەلسە، شۇنى قىلىپ يۈرۈۋەردىم.

خوتۇنۇم بەك چىرايلىق ئىدى. قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايىغا، قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگىم قاشلىرىغا قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىپ تۇراتتى. بىردەممۇ يېنىدىن ئايرىلغۇم كەلمەيتتى. لېكىن، بۇ ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمىدى. بىر خىل تۇرمۇشتىن زېرىكىپ قېلىۋاتاتتىم. يەنە ئاستا بېرىپ ئاغىنىلىرىمنى ئىپىشۋالدىم. ئۆيگىمۇ كېچە - كېچىلەپ كەلمەيدىغان بولدۇم. ئاغىنىلىرىمنىڭ سورۇنلىرى، ئويۇن - تاماشىلىرى كۆپ ئىدى. سورۇننى تۈزۈپ بولۇپ، ئالدىنقى سورۇندا تونۇشۇپ قالغان بىرەر قىزغا تېلېفون قىلىپ قوياتتۇق. سورۇنىمىز بىردەمدىلا يېڭى ماللار بىلەن توشۇپ كېتەتتى. مال دېگىنىم باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بىزدەك ئوغۇللارنى كۆرسە قىلغىلى قىلىق تاپالماي، ئەركىلەپ، نايناقلاپ كېتىدىغان ھېلىقىدەك يەپ قاچار، ئىپ قاچار خېنىملار ئىدى. بىز ئەنە شۇلارنى «مال» دەپ ئاتايتتۇق. بۇ «مال» لارنىڭ بەزىلىرى يەپ - ئىچىپ، قورسىقىنى توقلاپلا غىپپىدە تىكىۋېتەتتى. بەزىلىرى بىز بىلەن ئىرماش - چىرماش ئولتۇراتتى. يەنە......

خوتۇنۇم يىغلاپ باقتى، قاقشاپ باقتى، لېكىن مېنى ئۆزىگە تارتالمىدى. مېنى يېنىدا تۇتۇپ قالالمىدى. بارا - بارا بۇ ئىشلارغا ئۇمۇ كۆنۈپ قالدى. بۇنداق ئايىغى چىقماس سورۇنلارغا، ھېلىقىدەك ماللارنى رام قىلىشقا، كۆڭلىنى ئۇتۇشقا پۇل كېتەتتى. پۇل بولمىسا ئۇلار بىزگە قاراپمۇ قويمايتتى. مۇشۇ پۇلنىڭلا غېمى بېشىمنى قاتۇراتتى.

«ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ خىروئىنغا ئۆگىنىپ قالغانلار كۆپىيىپ قاپتۇ. رەسمىي خۇمار بولۇپ، ئوكۇل قىلمىسا تۇرالمايدىغانلارمۇ چىقكەن.

مېنىڭ بۇنداق ئۆلپەتلىرىم جىق. مەن ساڭا ئۇلارنى تونۇشتۇراي. سەن دوختۇر بولغاندىكىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. شۇڭا، ئۇ نەرسىدىن ئازراق تېپىپ، ئاشۇلارنى ئۆزۈڭگە قاراتساڭ قانداق؟ ئۇ چاغدا پۇلمۇ سېنى ئىزدەپ كېلىۋېرەتتى» دەپ مەسلىھەت بەردى بىر كۈنى بىر ئاغىنەم. ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە باشتا سەل ئاچچىقىم كەلدى. كېيىن ئىككىلىنىپ قالدىم. ئاخىرىدا بىر سىناپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىم. سىنىقىم ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇ نەرسىنى تېپىشقا، ماڭا ئەقىل ئۆگەتكەن ئاغىنەم ياردەم قىلدى. خېرىدارلىرىمۇ شۇ تېپىپ كېلەتتى. كېيىن مېنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. خۇمار بولغانلار نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىدىكەن. نەچچە پۇل دېسەڭ شۇنى بېرىدىكەن. ئۇنداق قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىكەن. ماڭا ھاجەت بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدىم. چېكىدىغانلارغا سېتىپ بەردىم، ئوكۇل قىلىدىغانلارنىڭ تومۇرىغا ئۇرۇپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ پۇلنى شاراقشىتىپ تاپتىم، خەجلىگەنىدىمۇ غازاڭدەك خەجلەيدىغان بولدۇم. دوستلىرىم ئارىسىدىكى يۈز - ئابرۇيۇم، ئىناۋىتىم ئۆستى. ھېلىقىدەك مالLAR ئالدىدىمۇ شۆھرىتىم ئاشتى.

خوتۇن كىشى دېگەنگە قىممەت باھالىق بىرەر تال زىبۇ - زىننەت، بىرەر قۇر ئېسىل كىيىم ئېلىپ بەرسەڭ، كۆڭلى يايراپ كېتىدىكەن. سېنىڭ ئالدىڭدا ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلىشقا تىلى قىسىلىدىكەن، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنىڭنىمۇ ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدىكەن. شۇنداق قىلىۋىدىم، خوتۇنۇم قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا كەتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېنىڭ بۇ ئىشىم ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇلار تۇيۇقسىزلا دۇكىنىمغا كىرىپ تىنتىش ئېلىپ باردى. تەلىيىمگە ئۇ كۈنى دۇكاندا ئۇ نەرسە يوق ئىدى. پاكىت قىلغۇدەك زاك مال بولمىسا، ئۇلارمۇ ھېچنېمە قىلالمايدىكەن. مەن ئامان قالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. ھەممىگە قابىل سەزگۈمگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغان بولدۇم. ئاشۇ سەزگۈم مېنى خېيىم- خەتەردىن ساقلاپ قالاتتى. سەزگۈم مېنى ھېچقاچان ئالداپ باققان

ئەمەس، ھەر قېتىم ساقچىلار كېلىدىغان كۈننى ئېسىمگە سالاتتى. كۆڭلۈم تۇيغان ھامان، دۈكىنىمدىكى ھېلىقى نەرسىنى يىغىشتۇرۇۋېتەتتىم. ئۇلار تەكشۈرۈپ كەلگەندە ھېچنېمە تاپالمايتتى.

ئەپسۇس، بۇ قېتىم سەزگۈم ئۇخلاپ قالغان بولغىيتتىمۇ؟ زادى قەيەرگە كەتكەن بولغىيتتى؟ ئۇ نېمىشقا مېنىڭ يېقىن دوستۇمنىڭ، دائىملىق خېرىدارىمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويمىدىكىنە؟

— قىزىپ ئوت - كاۋاپ بولۇپ كېتىۋاتىسىز، دورا ئىچىۋېلىڭ، — كۆزۈمنى ئاچسام ئايالىم يېنىمدا بىر قولىدا دورا، بىر قولىدا بىر پىيالە قايناق سۇ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. چېكەمدە ھۆل قىلىنغان مۇزدەك لۆڭگە. بۇ ئىشلارنىڭ قاچانلاردا بولغانلىقى، قاچان قىزىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەپتىمەن.

— بولدى، دورا ئىچمىسەممۇ ئۆڭشىلىپ كېتىمەن، قايناق سۇدىن ئازراق ئىچەي.

— نەزىرگە بارالارسىزمۇ، — سورىدى ئايالىم قولۇمدىكى پىيالىنى ئېلىۋېتىپ. مەن شۇندىلا سەگەكلەشتىم.

راست، دوستۇمنىڭ يەتتە نەزىرىسى بېرىلمەكچى ئىدى. بارمىسام بولمايتتى. لېكىن، پۇت - قولۇم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىيتتى. مىدىرلىغۇدەك ھالىم يوق ئىدى. قىزىتمام تېخىمۇ ئۆرلەپ تىنىقلىرىمدىن يالقۇن تەپچىپ يېلىنجايتتى...... بېشىم قېيىپ جاھان پىرقىرىماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ دېگۈدەك نەزىرگە باردىم.

دوستۇمنىڭ ئۆرۈق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى قاتارىدا قول باغلاپ، نەزىرگە كەلگەن جامائەت بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بىر چاغدا ھويلىدىن ئاياللارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئاڭلاندى. مەن دەررۇ شۇ تەرەپكە قارىدىم. دوستۇمنىڭ بىچارە ئانىسى ئايلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئۇنى بىر نەچچە ئايال يۆلەشتۇرۇۋېتىپتۇ. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ماڭا «جېنىم بالام، پات - پات كەپ تۇرۇڭ، سىز بالامنىڭ جاندوست ئاغىنىسى ئىدىڭىز، سىزنى كۆرسەم ئۇنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن» دەپ بوينۇمغا ئېسىلغانىدى، بوغۇلۇپ يىغلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ سۇنايلىنىپ ياتقان يەرگە

سىنچىلاپ قاراپ قاپتىمەن. خىيالىي تۈيغۇممۇ بىلمىدىم، دوستۇمنىڭ ئانىسى ھېلىقى قەبرىستانلىقتا مۇزدەك قەبرىنى قۇچاقلاپ ياتاتتى.

مەن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتىم، قارىسام قاتار كەلگەن جامائەت تۈپىنىڭ ئالدىدا ماڭغان سەللىلىك ئاخۇنۇم كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ماڭا قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. دەررۇ كۆرۈشتۇم. ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەنلەر بىلەنمۇ بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈۋاتاتتىم. نېمىشقىكىن، ھەممەيلەن ھەيران بولغاندەك، خۇددى مەن قاملاشمىغان بىر قىلىقنى قىلىپ قويغاندەك، مېنىڭ چىرايىمغا تىكىلىپ قارىشاتتى. قارىسام ئىككى قولۇم جالاقلاپ تىترەۋېتىپتۇ.

ھەيران بولغىنىمدىن بىر قولۇمنى يەنە بىر قولۇم بىلەن تۇتۇۋېلىپ باقتىم. ئامال بولمىدى. مەن ئاستا سۇرۇلۇپ بىر چەتكە ئۆتتۇم، تۇرۇپلا، ھېلىلا ئەزرائىل كېلىپ جېنىمنى ئالىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم.

دوستۇمنىڭ ئۆيى چوڭ يول بويىدا ئىدى. كىشىلەر ئۇيياقتىن - بۇياققا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالدىم. چەكچەيگەن كۆزلىرىم ئىمىر - چىمىر قىلىپ كەتتى. ئاشۇ كىشىلەر توپى ئىچىدە رەھمەتلىك دوستۇم ماڭا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

— بولدى كەلمە، ئۆتۈنۈپ قالاي، يېنىمغا كەلمىگىن! مانا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلاي، تېگىشلىك جازايىمنى تارتاي! — دەپ ۋارقىرىدىم، ئەمما ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. مەن كىشىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، قۇيۇندەك پىرقىرىغىنىمچە ئالدى - كەينىمگە قارىماي يۈگۈردۇم......

ساقچىلار مېنى ئىشخانىسىدىلا سوراق قىلدى. مەن ھەممىنى ئۇجۇر- بۇجۇرىغىچە ئىقرار قىلدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇپ، ۋۇجۇدۇم پەيدەك يەڭگىللەپ قالدى. كۆڭلۈم ئارامغا چۈشۈپ، نەپسىم راۋانلاشتى. دورا ئىچمىسەممۇ، قىزىتمام بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەندى.

ساقچىلار ماڭا ئىشەنمىدىمۇ ياكى مېنىڭ تۇرقۇم جىنايەتچىگە ئوخشىمامدۇ، بىلمىدىم. ھەممىسى ماڭا چەكچىيىپلا قاراپ قېلىشتى. ماڭا مىختەك تىكىلگەن ئاشۇ كۆزلەردىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ

تۇراتتى. ساقچىلار مېنى دەررۇ سولاپ قويمىدى. كېيىن بىلسەم ئىقرار قىلىسىلا قاماپ قويۇشقا بولمايدىكەن. جىنايەتچىنىڭ ئىقرارى باشقا دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى ھەم شۇ دەلىل - ئىسپاتلارغا ماس كېلىشى كېرەك ئىكەن. ساقچىلار ئىشخانىدىن سىرتقا چىقىپ - كىرىپ تۇراتتى. كېيىن يىغىن ئېچىپ بىر ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلغاندەكمۇ قىلدى. ئاخىرىدا مېنى سوراقخانا ئېلىپ چىقىپ قاماپ قويۇشتى. شۇندىلا كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ قالدى.

كامېرداشلىرىممۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ياپياش زەوبەردەست يىگىتلەر ئىكەن. خېلى بىر چاغقىچە ھال - مۇڭ قىلىشتۇق.

تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. بۇ يەرنىڭ تۈرمىسى بويىچە ئۇخلايدىغان چاغ بولۇپ قاپتۇ. ھەممىمىز ئورنىمىزدا يېتىپ قالدۇق. يېنىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خورۇلداپ ئۇخلاشقا باشلىدى. مەن يەنە ئۇخلىيالمايمەن، دوستۇم يەنە كېلىدۇ، دېگەن خىيالدا ئىدىم. نەدىكىنى، ياستۇققا باش قويۇپلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئاستىم قاتتىق يەر بولىسىمۇ، خۇددى ماموق تۆشەك ئۈستىدە ياتقاندەك، لۆمۈلدەپ تۇرغان بۇلۇت ئۈستىدە ئېغىنىغاندەك شېرىن ئۇخلاپتىمەن. ئۆزۈمنى شۇنداق راھەت ھېس قىلدىم......

ئەمدىلا ياتقاندەك، بايىلا كۆزۈمنى يۇمغاندەك قىلىۋىدىم، كامېرنىڭ پەنجىرىسىنى بىرسى «تاك......تاك......تاك......» قىلىپ ئۈچ قېتىم چەكتى. كۆزۈمنى ئاچايمۇ - ئاچمايمۇ دەپ تۇراتتىم، رەھمەتلىك دوستۇم پەنجىرىدىن بېشىنى تىقىپ ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى. مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئەمما، نېمە دېگەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالمىدىم. بىر چاغدا ئۇ: «خەير - خوش دوستۇم، ئەمدى سېنى ئىككىنچىلەپ ئاۋارە قىلمايمەن» دېدى - دە، دەقىقە ئىچىدە غايىب بولدى.

كۆزۈمنى لەپپىدە ئاچتىم، ھىم ئېتىلگەن پەنجىرىدىن تاڭ نۇرى غۇۋا چۈشۈپ تۇراتتى.

# كېرەم بۇدۇشقاق

بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىدى. چۈشتىن كېيىن ئىشتىن بالدۇرراق چۈشۈپ سىرتقا چىقماقچى بولدۇم. سىرتتىكى مۇھىم ئىشىممۇ يوق. لېكىن، ھەركۈنى ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا ئىشخانامغا شىپىرىدە كىرىپ، ماڭا خۇددى يار يېپىلمىدەك چاپلىشىۋالىدىغان كېرەم بۇدۇشقاقتا يەنە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قاچماقچى ئىدىم. بولمىسا ئۇ ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشتا مېنى ئارامىمدا قويمايتتى. شۇڭا، ئىشخانىدىن بۇرۇنراق چىقىپ كەتكىنىم توغرا ئىدى. يېزىدىكى ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتسەممۇ، باشقا جايلارغا بېرىپ ئويناپ كەلسەممۇ بولۇۋېرەتتى. بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، يېزىغا بېرىپ ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلىش نىيىتىگە كەلدىم. رۇخسەت سوراش ئىلتىماسى يېزىش ئۈچۈن قەلەمنى شۇنداق ئېلىشىمغا، شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بېشىمنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئىشىككە قارىدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭ ئاداش؟ — كېرەم بۇدۇشقاق قوللىرىنى خۇددى سانىڭ قانىتىدەك كەرگىنىچە ئالدىمغا كەلدى. ئۇ كەلگەن پېتى مېنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۆزى بىلگىنىچە يېقىنچىلىقلارنى قىلىپ كەتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. تووۋا خۇدايىم، ئۇ قانداق بولۇپ بۈگۈن بۇنچە بالدۇر كەپ قالغاندۇ، — دەپ ئويلىدىم ئۆزۈمچە ھەيران بولۇپ، — رۇخسەتنى بالدۇرراق سوراپ چىقىپ كەتمىگەنگە توبە ئەمدى. دېمىسىمۇ ئۇ باشقا كۈنلىرى بۇنداق چاغدا ھەرگىز كەلمەيتتى. ئىشتىن چۈشۈشكە ئون مىنۇت قالدىمۇ بولدى، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۇنىڭ ئىشخانامغا ئۇنگىنى ئۇنگەندى. خىزمەتداشلىرىم ئۇنىڭ مۇشۇنداق تونۇشقان ئادىمىگە خۇددى سالجىدەك

چاپلىشىۋېلىپ، كانىدەك يېپىشىۋېلىپ زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان بىزەڭلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭغا «بۇدۇشقاق» دېگەن لەقەمنى سىڭدۈرۈپ قويۇشقانىدى.

— ئالامەت ئاداش جۇمۇ سەن، — دېدى كېرەم بۇدۇشقاق قوللىرىنى مۇرەمدىن ئاستا ئېلىپ، سافادا ئولتۇرغاچ، — بىر يېقىن ئاغىنەڭ سېغىنىپ خۇدانىڭ سالىمىنى قىلىۋاتسا، بۇتتەك قېتىپ تۇرىسەنغۇ.

— ئادەمنى سىقىۋېلىپ تىنغۇدەك ئارام بەرمىسەڭ، قانداق گەپ قىلالايمەن، — دېدىم خۇشياقمىغان تەلەپپۇزدا.

— ئادىشوي، بۈگۈن نېمە ئىش قىلىمىز؟

— بۈگۈن مېنىڭ بەك مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، شۇڭا......

— قويە هوي ئۇنداق ئىشىڭنى، — دېدى ئۇ گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپ، — يېقىن دوست - بۇرادەرلەر جەم بولغاندا سىردىشىپ ئولتۇرۇشتىنمۇ مۇھىم ئىش بولامدۇ بۇ جاهاندا، جۈمە كۈنلۈكى دېگەندەك بالدۇرراق ئىشتىن چۈشىدىغان، يىغىشتۇرە ماۋۇ لاقا - لۇقىلىرىڭنى......

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى ماتېرىياللارغا قول ئۇزاتتى.

— بۇرادەر، بۈگۈن راستىنلا مۇھىم ئىشىم بار، — دېدىم ئۇنىڭ قوللىرىنى تۈتقىنىمچە يالغاننى قاملاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، — بىر دوستۇمنىڭ توي مەرىكىسى بار ئىدى، ئۇنىڭغا قاتناشمىسام بولمايدۇ.

— ئو...... هو...... ي، شۇنچىلىك ئىشمىدى؟ — دېدى ئۇ سافاغا قايتىدىن چۆكۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — بارغىن دوستۇم، بارغىن. سەن بېرىپ كەل، مەن ئىشخاناڭدا ئۇنى - بۇنى كۆرگەچ ئولتۇرغاچ تۇراي...... يا مېنىمۇ بىللە ئالغاچ بارامسەن؟

— بولدى، دوستۇم مېنى چاقىرغاندىكىن ئۆزۈملا باراي.

— ئەمىسە پاتراق كەلگىن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، قولىدىكى گېزىتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. مەن ئىشخانىدىن چىقىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ياتىقىمغا كىردىم. نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. كېرەم

بۇدۇشـقاقتىن قانـداق قىلىـپ قۇتۇلۇشـنىمۇ ئويلىيالمايۋاتـاتتىم. ئـاخىر «ئۇھ» دېگىنىمچە ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

مەن بـۇرۇن كىـرەم بۇدۇشـقاقنى تونۇمـايتتىم. ئۇنىـڭ بىـلەن تاسادىپىي پۇرسەتتە تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ كۈنى مۇھەممەت ئىسىملىك بىر سازەندىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم. ئۇ تولىمۇ سۆزمەن، سالاپەتلىك ھەم چىقىشقاق ئـادەم ئىـدى. ئۇنىـڭ بىـلەن مۇڭداشسام، كۆڭلۈم بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قـالاتتى. ئۆزۈم دۇتـار چېلىشقا ئىـچ - ئىچىمـدىن ھېرىسـمەن بولغاچقىمۇ، پات - پـات ئۇنىـڭ ئـۆيىگە بېرىـپ تـۇراتتىم. ئـۇنى ئۇسـتاز ئورنىدا ھۆرمەتلەيتتىم. ئىككىمىز دۇتار بىلەن تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىـپ كۆڭلىمىزنىڭ كىرىنى چىقىراتتۇق. ئۇ كۈنىمۇ شۇنداق قىلدۇق. ئىككىمىز ئەمـدىلا بىـر مـۇزىكىنى تۈگىتىـپ تۇرۇشـىمىزغا، ئـۆيگە ئىككـى بـۇرادەر كىرىـپ كەلـدى. ئـۇلار بىرمـۇنچە كـاۋاپ، ھـاراق، تاماكـا دېگەنـدەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كەلگەنىدى. سازەندە دېگەنىنىـڭ ئـۆيى شـۇنداق بولىـدىغان ئوخشايدۇ، بـۇ ئۆيـدىن ھەمىشە دوسـت - بۇرادەرلەرنىـڭ ئـايىغى ئـۈزۈلمەيتتى. ھېلىقىـدەك ھەر خىـل يېمەكلىـك، ئىچىملىـك، نازۇنېمەتلەر ئۈكسۈپ قالمايتتى. ئۆي ئىچىدىن ھەمىشە شوخ، يېقىملىق مـۇزىكىلار، كۆڭـۈللەرنى ھاياجانغـا سالىدىغان ئەزگـۇ كـۈيلەر ئاڭلىنىـپ تـۇراتتى. ھېلىقـى بـۇرادەرلەر كۆتـۈرۈپ كەلـگەن نـازۇنېمەتلەر شـىرەگە تىزىلىپ، بىردەمدىلا ئېسىل سورۇندىن بىرسى ھاسىل بولـدى. رومكىـلار بىرنەچچە قېتىم ئايلانغانـدىن كېيىن سورۇننىڭ كەيپىياتى جانلىنىـپ ناخشا، سازلارمۇ ئەۋجىگە چىقتـى. دەل شۇ چاغدا مۇھەممەت ئاكامنىـڭ ئۆيىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ قالدى.

— ھـوي، ئـاغىنىلەر، — دېـدى مـۇھەممەت ئاكـام تېلېفـوننى قويۇۋېتىپ يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇشخۇيلۇق بىـلەن، — بۈگـۈنكى سـورۇنىمىز تـازا قىزىيـدىغان بولـدى، ئەخـمەت ئاكـام ئۇسـتا ئىسكىرىپكىچىدىن بىرنى باشلاپ كېلىمەن دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىز خۇشال بولۇشتۇق. شۇ ئەسنادا ئۇلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئەخمەت ئاكام باشلاپ كەلـگەن كىشى قىرىـق ياشـلار چامىسىدىكى ئېگىـز بـوي ئـادەم ئىـدى. سـېرىق چىراي، يـۈزى سـەل

ئۇزۇنچاق بولۇپ، كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ تۇراتتى. قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئەپچىلگىنە كەلگەن، خورما رەڭ خۇرۇمدىن ياسالغان چىرايلىق ئىسكىرىپكا قېپى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ، تاماققا تەكلىپ قىلدۇق. بىر ئازدىن كېيىن رومكا يەنە ئۆز رىتىمى بويىچە ئايلىنىشقا باشلىدى.

— بۇ دوستىمىزنىڭ ئىسمى كېرەم، — دەپ تونۇشتۇردى ئەخمەت ئاكام ئۆزىگە ئۇزىتىلغان تۇنجى رومكىنى قولىغا ئېلىپلا ھېلىقى كىشىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئۆزى ئاقسۇدىن، بۇ يەرگە تىجارەت ئىشى بىلەن كەپتىكەن، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئىسكىرىپكىنى بەك ئوبدان چالىدىكەن، ھەرقايسىڭلار بىلەن تونۇشۇپ، بىردەم مۇڭ قىلىپ بەرسۇنمىكى، دەپ باشلاپ كەلدىم.

— بەك ياخشى قىپسىز، ئەخمەت ئاكا، — دېدۇق ھەممىمىز ھاياجىنىمىزنى بىلدۈرۈپ، — قېنى مېھمان، تارتىنماي ئېلىڭ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭ......

مېھمانمۇ بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرگەندەك، ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى.

— قېنى بۇرادەرلەر، سازلىرىڭلارنى قولۇڭلارغا ئالماسلەر، — دېدى ئەخمەت ئاكام بىرئازدىن كېيىن بىزگە قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بىردەم مۇڭ قىلايلى.

مۇھەممەت ئاكام قولىغا تەمبۇرنى ئالدى، مەن دۇتارنى ئالدىم. كېرەممۇ ئىسكىرىپكا قېپىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، ئىچىدىن تۇخۇم سېرىقى رەڭدىكى سىرلىرى ۋاللىداپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئىسكىرىپكىسىنى ئاستا چىقاردى. ئىسكىرىپكا شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق سىپتا ئىدىكى، نەپىسلىكى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى بىزگە تىكىلگەنىدى. بىز قوللىرىمىزدىكى چالغۇلىرىمىزنى بىردەم سازلاپ ئۆزئارا تەڭكەشكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك كۆز بېقىشتۇق. بۇنىڭدىن «قايسى پەدىگە

چالىمىز؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.
— قېنى مېھمان، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدى مۇھەممەت ئاكام ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ كېرەمگە قىيا باقىنىچە، — بىز بۇ ۋاققا قەدەر ئۆزلىرى بىلەن تەڭكەشكە كېلىپ باقمىغاچقا، قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدۇق.
— مەنمۇ شۇ، تازا ياخشى چالالمايمەن، — دېدى كېرەم تەكەللۇپ ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرى باشلاپ بەرسىلە.
— بوپتۇ ئەمىسە، «باھار سەيلىسى» دىن كېلەيلى، — مۇھەممەت ئاكام شۇنداق دېگىنىچە تەمبۇرغا زەخمەك ئۇردى.
تەمبۇرنىڭ يىگىت يۈرىكىنىڭ ھاياجانلىق سوقۇشىدەك جۇشقۇن ساداسى، دۇتارنىڭ دەردمەنىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاھۇ پىغانىدەك، تاغ كەپتىرىنىڭ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ئۈنلىشىدەك مۇڭلۇق ئاۋازى، ئىسكىرىپكىنىڭ ئىنچىكە، چىرقىراق، ئەمما يېقىملىق ئاۋازى قوشۇلۇپ تولىمۇ نەپىس، تارتىملىق، ئاجايىپ گۈزەل بىر خىل سىمفونىيە ھاسىل قىلماقتا ئىدى. ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن يېقىملىق كۈيلەر يۈرەكلەردە زوق ئويغىتىپ، بىردە ئانا زېمىننىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرىنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ چۇرۇقلاپ ئاققان ئاۋازىنى ئەسلەتسە، بىردە مەيىن شامال بەرگىلىرىنى تاتلىققىنا سۆيۈپ ئۆتكەن، ئەمدىلا رەسىدە بولۇۋاتقان ئوماق قىزلارنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ، ئوتتاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان باھار گۈللىرىنى ئەسلىتەتتى.
مۇزىكا ئاخىرلاشتى. ھەممەيلەن بارىكاللا ئېيتىشىپ، ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ، بىرگە بىر قەدەھتىن «مۇكاپات» تەقدىم قىلىشتى. كېرەمنىڭ ئىسكىرىپكىدا چېلىش ماھارىتىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىشتى. شۇنىڭغا يارىشا، ئۇمۇ ئىسكىرىپكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ بەردى.
كېچە بىر يەرگە بارغاندا ھەممىمىز شىركەيپ ھالدا سورۇندىن تارقىدۇق.
مەن كېرەم بىلەن خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدىم. يولدا بىللە ماڭدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە تىجارەت ئىشى بىلەن كەلگەنلىكى، نېمە

ئىچىدە ئۇچرىسا شۇنى ئېلىپ ساتىدىغانلىقى، پۇلنىمۇ خېلى ئوبدان تاپىدىغانلىقى، ئويباغ مەھەللىسىدىن بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. گەپ ئارىلىقىدا، مۇۋاپىق پەيتتە مېنى ئۆيىگە باشلاپ بارىدىغانلىقىنىمۇ قىستۇرۇپ قويدى. گەپ بىلەن مېڭىپ ئىدارىنىڭ ئالدىغىمۇ كەپ قاپتىمىز.

— ئۆيىڭىزنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى بار ئىكەن، — دېدىممەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن، — بۇ كېچىدە يالغۇز مېڭىپ يۈرمەڭ، بۈگۈن مېنىڭ ياتىقىمدىلا قونۇپ قېلىڭ.

— شۇنداق قىلايمۇيا؟ — دېدى ئۇ سۆزۈمگە دەررۇ قوشۇلماقچى بولغاندەك، — بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان، دەپتىكەن. سەنمۇ بويتاق ئىكەنسەن، بوپتۇ، بىردەم - يېرىمدەم گۇڭگۇر - مۇڭگۇر قىلىشايلى. ياتىقىڭنىمۇ كۆرۈۋالاي.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. ياتاققا كىردۇق.

— ئۆيدە ھارىقىڭ يوقمۇ؟ — دېدى ئىسكىرىپكىسىنى دېرىزە تۈۋىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، سافادا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— يوقتى، — دېدىممەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتماقچى بولۇپ، — بويتاق دېگەننىڭ ئۆيدە ھەمىشە بىرنەرسە تۇرمايدىكەن، ئىچكۈڭىز بولسا ئەتىلەتىن يەنە بىر ئولتۇرۇپ ئىچەرمىز.

— ھارىقىڭ بولغان بولسا، يەنە بىردەم پەيزە قىلارمىزكەنتۇق. بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن...... ئەمدى ئۆزلىشىپ قالدۇق قارا، مېنى سىز، پىز دەپ يۈرمەي، سەنلەۋەرگىن - ھە، بولامدۇ؟

مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئەمما، مېنى بىر ئىش ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. كېرەمنىڭ تەلەپپۇزى ئاقسۇلۇقلارنىڭ تەلەپپۇزىغا پەقەت ئوخشىمايتتى. تولاراق شىماللىقلارنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئاقسۇلۇق ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتىم. بۇ بىر ئالدامچىلىق قىلىپ كۆز ئالدىغان جان باقتىنىڭ بىرسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالدىم. ئۆزۈمچىلا ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ باققۇم كېلىپ قالدى.

— ھەي، سېنى بايا ئاقسۇدىن، دەپ تونۇشتۇرغاندەك قىلىۋىدى، ئەمما تەلەپپۇزۇڭ ئاقسۇلۇقلارنىڭكىگە پەقەت ئوخشىمايدۇيا؟

— مەن غۇلجىلىق، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ ھىجايغىنىچە، — قانداق، مېنى بىر ئالدامچى ئوغرىمىكىن، دەپ قالدىڭمۇ- نېمە؟

ھوي، بۇ بىر ئەۋلىيامۇ نېمە؟ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئەجەب بىلىۋاپتۇ يا، دېگەنلەرنى ئويلاپ سەل ئوڭايسىزلاندىم ۋە دەررۇ سۆز قىستۇردۇم:

— ياقەي، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم شۇ.

— چاقچاق قىلىپ، قويدۇم، — دېدى ئۇ سوزۇپ سۆزلىگىنىچە، مە...... ن ئاقسۇلۇق قارا، ئەمما غۇلجىدا ئۇزاق يىل تىجارەت قىلغان.

مەن باشقا گەپ قىلمىدىم. ئۇ ئاقسۇلۇق بولامدۇ، غۇلجىلىق بولامدۇ، مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ شۇ كېچە ياتىقىمدا قونۇپ قالدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ماڭا بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق بولمىدى. كېرەم ھەر كۈنى مەن ئىشتىن چۈشۈپ بولغۇچە يېنىمدا پەيدا بولاتتى. مېنى ھېچ يەرگە بولجۇتمايتتى. ئۇنىڭ دەرۋازىدىن كىرگىنىنى كۆرگەن خىزمەتداشلىرىم «ئەنە، بۇدۇشقاق كەلدى، بۈگۈنمۇ بىر جىڭ ئوينايدىكەنسىلەر - دە» دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى، مەسخىرىلىك كۈلۈشەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ھەرقانداق تەلەپلىرى بولسا ماقۇل دەپتىمەن. كېيىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدىم. ئۇنىڭغا ئىشىم بار، دەپ سەۋەب كۆرسىتىش، يېلىنىش، يالۋۇرۇشلارمۇ كار قىلمايتتى. نەگە بارسام، شۇ يەرگە كەينىمدىن تاپ بېسىپلا ماڭاتتى. بىر ياخشى يېرى، خىزمەت ۋاقتىدا كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلمايتتى. ئىشتىن چۈشۈشكە ئون مىنۇت قالدىمۇ، ئۇنىڭ يېنىمدا ئۈنگىنى ئۈنگەندى. ھەر كۈنى ئۇ كېلىشتىن بۇرۇنلا قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلايتتىم. ئۇنداق قىلغىلى بولمايتتى. ئىدارىمىزنىڭ يوقلىما تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. يوقلىمغا بىر كۈندە تۆت قېتىم ئىمزا قوياتتۇق. ئىشقا كېچىكىپ كېلىشكە، بىر مىنۇتمۇ بالدۇر كېتىشكە بولمايتتى. تۈزۈم دېگەن تۈزۈمدە، ئۇنىڭغا ئاكتىپلىق بىلەن رىئايە قىلماي، ئاڭلىق

بويسۇنماي مۇمكىنمۇ؟ باشلىقلارغا «بۇدۇشقاقتىن قۇتۇلالمىدىم، ماڭا تۈزۈمدە ئېتىبار قىلىڭلار، يېرىم سائەت بۇرۇن قېچىپ كېتەي» دېگىلى بولمسايا.

كېرەم بۇدۇشقاق هاراقنى كۆپ ئىچەتتى. مېنىمۇ زورلايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىچمەيمەن، دەپ بىر باشقا چىققىلى بولمايتتى.

ئۇ هەر كۈنى بىرەر بوتۇلكا هاراقنى قويىنىغا تىقىپ ئېلىپ كېلەتتى. ئادەمنىڭ يۈزى گۆشتىن يارالغانىكەن، بىزنىرىپ تۇرغىلى، ئىككى قولنى بۇرنىغا تىقىپ ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە زاكۇسكىسىز قۇقاستەك هاراقنى پەقەت ئىچەلمەيتتىم. شۇڭا، ئۇ كەلگەندىن كېيىن كەچلىك بازارغا بېرىپ ئۇنى - بۇنى سېتىۋېلىشقا، ئۇ نەرسىلەرنى يالتىراق خالتىلارغا قاچىلاپ پولتۇڭلىتىپ كېلىشىمگە توغرا كېلەتتى، مائاشىممۇ ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا يەتمەيدىغان بولدى. خىجىل بولماي ئاتا - ئانامدىن پۇل سورايدىغان بولدۇم.

كۈنلەر شۇ تەرزدە ئۆتتۈۋەردى. كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشى، ئۆيۈمدە بەهۇزۇر ئولتۇرۇپ رومكا قېقىشلىرى بىر كۈنمۇ قازا بولۇپ قالمىدى. «هەي، بۇ بۇدۇشقاق بىلەن نېمىشقىمۇ تونۇشۇپ قالغان بولغىيتىڭ. سەن تېخى كىچىك، خىزمەتكە چىققىلى ئۇزاق بولمىدى، هاراقكەش دەپ جاهانغا نامىڭ تارىلىپ كەتمەستە بېشىڭنى ئوڭشىۋالساڭ بولاتتى، بۇنداق بولۇۋەرسە ساڭا كىم قىز بېرىدۇ» دەيتتى خىزمەتداشلىرىم ماڭا نەسىهەت قىلىشىپ. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى بەرهەق، راست ئىدى. شۇڭا، هەرنېمە قىلسام قىلىپ، بۇنداق پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەمما، قانداق قىلىشنى هېچ ئويلاپ تاپالمايۋاتاتتىم.

— ئوهۇ...... ي، سەنمۇ ئادەممۇ؟ — ئىشىك ئېچىلىپ كېرەم بۇدۇشقاق كىرىپ كەلدى، — قارا سېنى، مېنى ئىشخاناڭدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ هېچ ئىش بىلەن كارىڭ يوق سوزايلىنىپ يېتىپ كېتىپسىنا، تويغا بارىمەن دەپ يالغان ئېيتىپ، قىلغان ئىشلىرىنى ماۋۇنىڭ. ئىشخاناڭدا توپتوغرا ئىككى سائەت ساقلىدىم سېنى.

كېرەم بۇدۇشقاق مەندىنمۇ بەكرەك ئاچچىقلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ماڭا هومايغاندەك قارايتتى.

— يالغان ئېيتمىدىم، تويدىن كېلىپ بېشىم چىڭقىلىپ كەتتى. شۇڭا بىردەم......

— هە، شۇنداقمۇ؟ ھەمىشە مىجەزىم يوقتى، ئى تى، پى تى تى دەپ يۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيسەنغۇ سەن، جاق - جۇق بولغىنا مۇنداق ئوغۇل بالىدەك، قوپە، قوپە، يۈرۈنراق بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمامدۇق مۇنداق.

— يېزىغا بارمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ، بۈگۈن بېرىپ ئاتا - ئانامنى بىر يوقلاپ كېلەي، شۇڭا سەن خاپا بولماي......

— نېمىگە خاپا بولاتتىم، قوپە ئەمىسە، ئۇنداق ئىشلىڭ بولسا. مەنمۇ بىللە بېرىپ، ئۇلارغا سالام بېرىپ كېلەي.

«ئاله شەرىڭنى» دېدىم ئىچىمدە. ئەمدى ئۇنى «سەن بارمىغىن» دېيىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ، بارمىغىن دېسەممۇ ئۇنىڭ قەتئىي ئۇنىمايدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. چۈنكى، ئۇ سېپى ئۆزىدىن بىر بۇدۇشقاقتە.

بىز يېزىغا — ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. قاسساپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى كىلو گۆش سېتىۋالدىم. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە كېرەم بۇدۇشقاق چىپپىدە توختاپ:

— ماڭە، ساڭا ئۆيۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دېگىنىچە مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن، بىر خالتا كوچىغا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ گەپ - سۆزسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ئۇ تۇنجى تونۇشقان ئاخشىمى مۇۋاپىق پەيتتە ماڭا ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان ئەمەسمىدى؟ ئۆيىنى بەك داڭلايدۇ، كۆرۈپ باقسام باقاي، دەپ ئويلىدىم.

بىز بىر ئەگىلمىدىن ئۆتۈپ چوڭ بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ھويلا ئىچىدە قاتار قىلىپ سېلىنغان بىر ئېغىزلىق ئۆيلەر بار ئىكەن. بىر قاراپلا بۇ ئۆيلەرنىڭ مەخسۇس ئىجارىگە بېرىشكە سېلىنغان ئۆيلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. كېرەم بۇدۇشقاق بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، مېنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆيگە كىرىشىمگە دىمىقىمغا قاڭسىق زەي پۇرىقى ئۇرۇلدى. كىچىككىنە سۇپا ئۈستىدە

كىرلىشىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن، يىغىلمىغان يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆيگە بۇ يېقىندا سۇپۇرگە سېلىنمىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولۇپ، ئاستا سىرتقا يېنىپ چىقتىم. كېرەم بۇدۇشقاق بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئىسكىرىپكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ھىجايغان پېتى ئۆيدىن چىقتى. مەن تەئەججۇپ ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ئۆيۈڭدىكى بۇۋاي - مومايلارغا پەيزى قىلىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ ھىجايغىنىچە.

— بولدى قىلە، نېمە قىلىسەن بۇ بىر نېمەڭنى ئۇ يەرگە كۆتۈرۈپ چىقىپ؟ — دېدىم سەل ئاچچىقىم كېلىپ.

— بۇ بىر نېمەڭنى دەيسەنغۇ؟ بۇنداق بىر نېمە سەندە بارمۇ؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشكنى جالاقلىتىپ قۇلۇپلاپ ئالدىمدا ماڭدى، مەن ئۈندىمىدىم.

قاتناش بېكىتىگە كەلدۇق. كېرەم بۇدۇشقاق مەيگە ئولتۇرۇپ ماڭايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەيدە ئولتۇرۇپ ماڭسا سەھرانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى يەنە تۇرغۇن نەرسىلەردىن زوق ئېلىپ ماڭغىلى بولارمىش. مەن مەيدە ماڭغاندا ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشكىچە بېرىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. لېكىن، كېرەم بۇدۇشقاق يەنىلا مېنى يېڭىپ چىقتى. ئۆزىنىڭ گېپىنى گەپ قىلدى. مەن قاتناش بېكىتى ئالدىغا تىزىلىپ، خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان مەيكەشلەرنىڭ يېنىغا باردىم. مەيلەرگە قوشۇلغان ئاتلارنىڭ سىياقىنى كۆزەتتىم. «ماۋۇ خېلى يامان ئەمەس ماڭغۇدەك» دەپ جەزملەشتۈرگەن بىر چىلان تورۇق ئات قوشۇلغان مەينى ئۇن يۇەنگە دېيىشتىم. مەيگە ئولتۇرۇپ ماڭايلى، دەپ تۇرغاندا كېرەم بۇدۇشقاق «مەن بىر قاپ تاماكا ئېلىۋالاي» دەپلا، مەيدىن سەكرەپ چۈشكەن پېتى بىر دۇكانغا كىرىپ كەتتى. بىردەم ساقلاشقا توغرا كەلدى. بىر چاغدا ئۇ بوغما چاپىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى گېلىغىچە ئەتكەچ كۈلۈمسىرىگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ نېمىگە ئۇنچە كۈلۈمسىرەپ كەتكىنىنى بىلەلمىدىم.

مەيە كەڭرى كەتكەن ئاسفالت يولدا خېلى تېز سۈرئەتتە

كېتىۋاتاتتى. كىرەم بۇدۇشقاق يولدا ماڭغاچ ئىسكىرىپكىنى چالىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن چالغىلى قويمىدىم. شۇنداق تالاش - تارتىش ئىچىدە يېرىم سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن تاشيولغا قايرىلدۇق.

يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان بۇ تاشيولدا خېلى ئۇزاق مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى يېشىل دېڭىزدەك چايقىلىپ ياتقان سالا ئېتىزلار كۆزنى چاقنىتاتتى. باھار نۇرىغا چۆمگەن يۇمران مايسىلار مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنەتتى. قۇياش غەربكە باش قويغان بولۇپ، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن يېشىل دالا ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. باغلاردىن، يىراق ئورمانلاردىن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىپايان دالىنى سۆيۈپ ئۆتكەن مەيىن شامال ئېلىپ كەلگەن گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. مەن مۇشۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن زوقلانغىنىمچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتىم. ئۆزۈمنى گويا رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن چاھارباغقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. تۇساتتىن قۇلاق تۈۋىمدىلا ئاڭلانغان غىنتىڭ - غىنتىڭ ئاۋاز كەيپىمنى ئۇچۇردى. چۆچۈپ يېنىمغا قارىدىم. كىرەم بۇدۇشقاق ئىسكىرىپكىسىنى يوكىنىغا تىرىگىنىچە قايسىدۇر بىر پەدىگە چېلىۋاتاتتى.

مەپە يېزىنىڭ توپىلىق يولىغا كىرگەندە، كىرەم بۇدۇشقاق ئىسكىرىپكىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا چېلىشقا باشلىدى. بۇنداق كارامەتنى كۆرۈپ باقمىغان يېزىنىڭ بىر توپ كەپسىز باللىرى چۇرقىرىشىپ مەپىنىڭ كەينىگە ئەگەشتى. ئۇلار قىن - قىنىغا پاتماي ۋارقىرىشىپ، كۈلۈشۈپ، ئايىغىدىن توپا - چاڭ ئۆرلەتكىنىچە يۈگۈرۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ خىلۋەت سەھرادا بۇ خىل مەدەنىيەتنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسا كېرەك. ئۆي - ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، ئىشىكلىرىنى قىيا ئېچىپ بېشىنى چىقىرىشىپ كۈلۈشمەكتە، ھىجاراشماقتا ئىدى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كىچىك چېغىمدىكى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بىزنىڭ مەھەللىدە چاچلىرى پاخپىيىپ، ساقاللىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن «ساۋۇت ساراڭ» دەيدىغان نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان بىر

كىشى بولىدىغان، ئۇ ھەمىشە قولىدا بىر دانە تايىاقنى تۇتۇپ، بىرەر - ئىككى لاغما ئىتنى بوينىدىن باغلاپ يېتىلىۋالاتتى - دە، مۇنۇ قوشاقنى توۋلاپ ماڭاتتى:

ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ،
بىلمەيمەن ساراڭلىقنى.
چىرايلىق ئۆيۈم تۇرۇپ،
خالايمەن سامانلىقنى.
خۇشلۇقۇم تۇتۇپ قالسا،
يانجىيمەن باراڭلىقنى.

بۇنداق چاغلاردا مەھەللىنىڭ ئۇششاق باللىرى ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالاتتى. چالما، كېسەك ئېتىپ، توپا چېچىپ ئۇنى بوزەك قىلاتتى. كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ كەتمىگەن، ساقاللىرى چاڭگىلاشمىغان بولسىمۇ، قولىدا تاياق تۇتۇپ ئىت يېتىلىۋالمىغان بولسىمۇ، كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرە شۇ ئىشلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. باللار تاش - كېسەك ئاتمىسىمۇ، توپا چاچمىسىمۇ، ئۆز - ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتاتتىم. خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇۋاتاتتىم. ئاخىر «باشقىلار مېنى تونۇپ قالمىسۇن» دېگەندەك، يۈزۈمنى ئالىقانلىرىم بىلەن ئەتكىنىمچە، مەپىنىڭ ئۇستىدە ئوڭدىسىغا يېتىلىۋالدىم. كېرەم بۇدۇشقاق «كارامۇشكا» دەمدۇ، چەت ئەلنىڭ قايسىبىر ئاھاڭى دەمدۇ، بىرمۇنچە پەدىگە چېلىۋەتتى. قايسى پەدىگە، قايسى ئاھاڭغا چالغىنىنىمۇ ئاڭقىرىپ بولالمىدىم.

بىر چاغدا ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. «خۇداغا شۈكۈر» دەپ كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا قاش قارايغان بولۇپ، مەپىنىڭ كەينىگە ئەگىشىۋالغان باللارمۇ قاياقلارغىدۇر يوقالغان، كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ئىسكىرىپكىسىمۇ قېپىدا ئارام تاپقانىدى.

بىز خۇپتەنگە يېقىن ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق. مەپىكەش قايتىپ كەتتى. ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانام مېھمانىنىڭ ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە

سىلىپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى كاتتا قىلىشۋەتتى. ئانام تاماققا تۇتۇش قىلدى. دادام كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ، قوللىرىنى ئىشقىلىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

دادام 70 ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، تېتىك، سۆزمەن ئادەم ئىدى. شۇڭا، بىردەمدىلا كېرەم بۇدۇشقاق بىلەن بەھۇزۇر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— مەن سىلىگە بىرەر - يېرىمدەم مۇڭ قىلىپ بېرەي، دەپ بۇ بىر نېمىنى ئالغاچ كەلگەن، — دېدى لەگمەندىن بىر قورساق يەپ كېرىلىپ ئولتۇرغان كېرەم بۇدۇشقاق ئىسكىرىپكىنى قولىغا ئېلىپ، دادامغا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە، — ئۆزلىرىگە ياقارمۇ؟

— ياقمامدىغان، ئەلۋەتتە ياقىدۇ، — دېدى دادام خۇشخۇيلۇق بىلەن، — مەنمۇ ياش چاغلىرىمدا ناخشا - مۇزىكىغا خۇشتار ئىدىم. ئۆزۈممۇ چېلىپ قوياتتىم تېخى، ھازىرمۇ ئاڭلىغۇم كەپلا تۇرىدۇ. بۈگۈن بۇ ئاددىي كۈلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدىن بەك خۇرسەن بولدۇم، بولۇپمۇ بۇ سازنى ئالغاچ كەلگەنلىرى بىر خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ.

دادام سۆزىنى تۈگىتىپلا، بايىدىن بېرى بىر چەتتە بىزگە قاراپ ئولتۇرغان ئىككى ئىنىمغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئىنىلىرىمنىڭمۇ دۇتار، تەمبۇرغا خېلى پەيزى بار ئىدى. ئۇلار دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيدىن دۇتار، تەمبۇرلىرىنى ئېلىپ كىرىشتى. بۇنى كۆرگەن كېرەم بۇدۇشقاق ھاياجاندىن تىپىرلاپ كەتتى.

— پاھ، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەنىدەك ئىش بولىدىغان بولدى - دە، بۈگۈن، — دېدى ئۇ دادامغا قارىغىنىچە ھاياجىنىنى باسالماي، — ماۋۇ مۆرىمەس، ئۆيدە دۇتار، تەمبۇر بار دەپمۇ قويمىغان ماڭا، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ مېنى ئىما قىلىپ قويدى، — قېنى، قايسىلىرى بىلەن تەڭكەش قىلىمىز؟ — دېدى كېرەم بۇدۇشقاق ئىنىلىرىم بىلەن سازلارنى ئۆزئارا تەڭكەش قىلىپ تۈزۈۋالغاندىن كېيىن، — بولسا ئۆزلىرى تەمبۇرنى قوللىرىغا بىر ئېلىپ بەرگەن بولسىلا، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە دادامغا قارىدى.

— ساقال ئەستاغيۇرۇللاغا يەتكەندە بۇ ئىشنى قىلىپ يۈرسەم بولماس، — دېدى دادام ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە كۆلۈمسىرەپ، — بالىلارنىڭ ماھارىتىمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ، سىلىگە ياخشى ماسلىشالايدۇ.

— ئەمسە قايسى ناخشىنى ئاڭلىغىلىرى باركىن؟

— «ئانامنى ئەسلەپ» نى ئوقۇپ بېرەملا ئەمسە؟

— مانا، مانا، چوڭنىڭ ئەقلى دېگەن هامان چوڭدە. كېرەم بۇدۇشقاق ئىسكىرىپكىسىنى پوكىنىغا تىرىدى.

كېرەم بۇدۇشقاق ناخشا ئوقۇيالمايتتى. ئۇ ھەمىشە بىر خىل تەرزدە بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىسكىرىپكىسىنى پوكىنىغا تىرىگىنىچە چېلىشنىلا بىلەتتى. ئىنىلىرىمنىڭ ئاۋازى خېلى - خېلى ناخشىچىلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. مۇڭلۇق كۈيلەر بىلەن جاراڭلىق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، ئۆي ئىچىنى تىترىتىۋەتتى. ئانام بىلەن دادام زاڭقىنى يۆلىگىنىچە بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. مەنمۇ مۇڭلانغىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپلا قالغانىدىم.

كېرەم بۇدۇشقاق بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سالدى. ناخشا مۇزىكا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ يېڭى - يېڭى پوكۇسلارنى چىقىرىپ، مۇزىكىغا ئاجايىپ بىر خىل يېقىملىق تۈس ئاتا قىلدى. ئىسكىرىپكىدىن چىققان يىغلىغاندەك، بوغۇلغاندەك، ھەسرەت - نادامەت، ئاھ - پىغان چەككەندەك تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز يۈرەكنى تىترىتەتتى، قەلبلەرنى هاياجانغا سالاتتى. تۇرۇپلا ئادەمگە يىغا ئولاشتۇرۇپ، كۆڭۈلگە غېرىبلىق كۆلەڭگۈسى تاشلايتتى. ئانام پات - پات ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى، ئورۇق مۈرىلىرى يېنىك تىترەيتتى. دادامنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن لۆمۈلدەپ چىققان مارجاندەك ياشلار مەڭزىنى بويلاپ ئاپپاق ساقاللىرى ئارىسىغا شۇڭغۇماقتا ئىدى.

ناخشا ئاخىرلاشتى. دادام «رەھمەت، بارىكاللا» دېگىنىچە، كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ مۈرىسىدىن يېنىك تۇتۇپ قويدى. دادامنىڭ شۇ تۇرقىدىن قاتتىق هاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا كېرەم بۇدۇشقاق سىرتقا چىقىپ كەردى. يەنە ناخشا - مۇزىكا باشلاندى. كېرەم

بۇدۇشقاق ئاربدا نەچچە قېتىم سىرتقا چىقىپ كىردى. مەن ئۇنى تولغاق كېسىلى تۇتۇپ قالدىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىم. چىرايىغا زەن سېلىپ قارىغىنىمدا، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنى نەشە چېكىپ كىرگەنمىدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. ئەمما، ئۇنىڭ نەشە چەككىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مەن ھەيران بولغىنىمچە ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا قىيا بېقىپ كۈلۈمسىرىگەنىدى، ئاغزىدىن قاڭسىق ھاراق پۇرىقى بۇخسۇپ چىقىپ، دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. مەن باياتىن بېرى سەزمەپتىمەن، ئۇ ئالىجوقا سۆزلەۋاتاتتى. مەن دادامنىڭ چىرايىغا قارىدىم. دادامىمۇ بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى سېلىنغان، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ئىنىلىرىممۇ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشاتتى. مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بارغانچە ھەيران بولۇۋاتاتتىم. شۇ ئارىدىن كېرەم بۇدۇشقاق ماڭا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قوپۇپ يەنە سىرتقا ماڭدى. مەن دەررۇ كەينىدىن ئەگەشتىم. ئۇ ھويلىغا چىقىپلا ئىنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كەينىدىن كىردىم. كىردىم- يۇ، ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. كېرەم بۇدۇشقاق ئۇدۇلدىكى ئىشكاپنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تۇگەي دەپ قالغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، ماڭا ھىجىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ، قەيەردىن تاپتىڭ بۇ نىجىسنى؟— دېدىم ئاچچىقىمغا پايلىماي.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە تېرىكىسەن؟— دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە،— بۇنى بارغۇ، بۇ يەرگە مېڭىش ئالدىدا تاماكا ئالغىلى دۇكانغا كىرگەندە ئېلىۋالغان.

مەن شۇ چاغدىلا، كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ھېلىقى دۇكاندىن چىققان چاغدىلا ئۆزىچىلا ھىجاراپ كەتكەنلىكىنىڭ سىرىنى بىلدىم. كېرەم بۇدۇشقاق ئىشكاپتىن بىر پىيالىنى ئېلىپ لىققىدە ھاراق قۇيدى - دە، ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۇنى زەردە بىلەن سىلكىۋەتتىم. ئۇ تېخىمۇ بېزىرىپ ماڭا رودىپايدەك چاپلاشتى. ھاراقنى ئىچىشكە زورلىدى. مەن ئاچچىقىمدا پىيالىنى قولۇمغا ئېلىپلا سۇپىغا چىقتىم - دە، ئۆيىنىڭ باغقا قارايدىغان

دېرىزىسىنى ئېچىپلا، پىيالىدىكى ھاراقنى باغقا قارىتىپ تۆكۈۋەتتىم. كېرەم بۇدۇشقاقنى نەچچە ئېغىز تىللىۋېتىپتىمەن. ئەمما، ئۇ مېنىڭ تىللىغىنىمنى ئېغىر ئالغاندەك قىلمايتتى. «نېمە قىلغىنىڭ بۇ، پۇلغا كەلگەن ھاراق جۇمۇ ئۇ» دېگىنىچە ماڭا ئالىيىپ قويدى. مەن باشقا گەپ قىلمىدىم. ئۇمۇ گەپ سۆز قىلمايلا ھاراقتىن يەنە بىر پىيالە قۇيۇپ گۈپپىدىلا ئىچىۋەتتى. ئۇ بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن، بوتۇلكىدا قالغان ھاراقنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. مەن ئەمدى ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرەلمەيتتىم. دادام تولىمۇ تەقۋادار ئادەم ئىدى، ھاراق ئىچىشنى يامان كۆرەتتى.

مەن بىز بايا ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ ئىنىلىرىمنى قايتۇرۇپ چىقتىم. دادام قايىقى تۇرۇلگەن ھالدا چىرايىمغىمۇ قارىماستىن ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

ھۇجرا ئۆيدە بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قالدۇق. شۇ تاپتا مېنىڭ ھېچقانداق پاراڭغا رايىم يوق ئىدى. بۇ بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى قانداق ئۇگشاشنى بىلەلمەي خۇددى مىخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك ئارامسىزلانماقتا ئىدىم.

بىر ھازادىن كېيىن دادام، ئاناملار ياتىدىغان ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچتى. مەنمۇ كېرەم بۇدۇشقاققا يېتىپ قېلىش تەكلىپىنى بەردىم. لېكىن، ئۇ قوشۇلمىدى. شۇنداق قىلىپ، بىرەر سائەتكە يېقىن كۆڭۈلگە ياقمايدىغان تۇتۇرۇقسىز پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتۇق.

ــ ماڭا ھاراق تېپىپ بەر،ــ دېدى بىر چاغدا كېرەم بۇدۇشقاق ئەلەسلەشكەن كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە،ــ مەن بۈگۈن ھاراق ئىچىمەن!

ــ ۋۇي، سەن تېخى ھاراق بىلەن قالدىڭمۇ؟ــ دېدىم تەئەددى بىلەن،ــ مەن ئەتە دادامغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن دەپ باش قاتۇرۇۋاتسام.

ــ نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتىڭ؟ داداڭمۇ ياش ۋاقتىدا ئويناپتىكەنغۇ تازا، ئۇنى چاقىر، بىللە ئىچىمىز......

ــ ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈمە ـ ھە، كېرەم!

— قانداق نېمە سەن؟ ئۆيۈڭگە كەلگەن مېھمانىنىڭمۇ يۈزىنى قىلمايدىغان.

— يۈزۈڭنى قىلمىغان بولسام، ئاللىقاچان كۆتۈڭگە تېپىپ چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم بۇ ئۆيدىن......

— ھەي ئىست، ھەي ئىست، نېمە پوق يەپ بۇ يەرگە كېلەر ئىدىم- ھە؟— كېرەم بۇدۇشقاق ھە دەپ ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى. ئىنىلىرىم ھەيرانلىق ئىچىدە بىردە ماڭا، بىردە كېرەم بۇدۇشقاققا قارايتتى. ئۇ ئۆزىنى كاچاتلاشتىن ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ئۇنى تۇتۇۋالايلى، ئاكا،— دېدى ئاخىر چىداپ تۇرالمىغان كىچىك ئىنىم ماڭا يېلىنىپ.

مەن كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم. بۇ ئۆيدە ھاراق ئىچكىلى بولمايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا چۈشەندۇردۇم. ئۇ ئاخىر قوللىرىنى سىلكىشلەشتىن، يۇلقۇنۇشتىن توختىدى. ئەمما، ئېغىر مۇسىبەتتىكى ھازىدار ئادەمدەك ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى. بىرەرسىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىشىك، دېرىزىلەرنى مەھكەم يېپىۋالدۇق. ئۇ ھۇ تارتىپ يىغلايتتى، ئاھ - پىغان چېكەتتى. ئىنىلىرىمنىڭ ئالدىدا شۇنداق ئوڭايسىزلاندىمكى، ئۇنى تاشلاپ قويۇپلا يىراق بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ قالدىم. بىرىمىز ئۇنى دەپ، بىرىمىز بۇنى دەپ خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالداپ، ئاخىر ئۇنى يىغىدىن توختاتتۇق. يېتىپ ئارام ئېلىشقا ئۈندىگەنىدۇق، ئۇ ساز چالىمەن، بىر پەدە بولسىمۇ ساز چالمىسام بوگۇن ماڭا ئۇيقۇ ھارام بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. بىز ئامالسىز ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇق. ئەمما، تۈن يېرىملىشاي دېگەن چاغ بولغاچقا، سىرتتا گەپ - سۆز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەس ئاۋازدا چېلىشنى ئۆتۈندۇق. ئۇ سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ، پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنىچە ئىسكىرىپكىسىنى يەنە پوكىنىغا تىرىدى. كامانچا قىلىنى بىر - ئىككى سۈركەپ، قوپال، يېقىمسىز «غىتاڭ - غىتاڭ» ئاۋاز چىقىرىپ قويۇپ توختىدى ۋە:

— خۇدا ھەققىدە ماڭا بىر يۇتۇم بولسىمۇ ھاراق تېپىپ بەر خەق!— دەپ ۋارقىرىدى.

مەن ئاستا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۇ ھېلىلا مېنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قاتاڭغۇر ئېگەكلىرىنى ئاستا تۇتتۇم. يۈزىنى سىلىدىم، يىلىندىم:

— بۈگۈن خاپا بولماي يېتىپ قالغىن، مەن ئەتە سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ يۈرىكىڭ چىلاشقىچە ھاراق قويۇپ بېرەي، كېسەلگە دورا بوپ قاپتۇ دېسمۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگىلى بولىدىكەن دېسمۇ بۇ يەردىن بىر تېمىم ھاراق تاپقىلى بولمايدۇ. خۇش بولۇپ قالاي، سەندىن ئۆتۈنەي، مېنى ئۇنداق تەتۈر قىينىمىغىن بولامدۇ؟......

— راست تاپالمايسەن...... راست تاپالمايسەن ـ ھە؟ ئەمىسە بوپتۇ، ھە، مانا بولدىما ئەمىسە؟ — كېرەم بۇدۇشقاق شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى ئىسكىرىپكىسىنى تىزىغا زەرب بىلەن ئۇردى. «جاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىسكىرىپكا قاق ئوتتۇرىسىدىن چاراسلاپ سۇنۇپ ئىككى پارچە بولدى. يۈرىكىم قارتىتىدە قىلىپ، ئاجايىپ بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ مېڭەمگە تېپىپ چىقتى. ساز چېلىشنى ياخشى كۆرۈپ، سازنى ئاسراشنى بىلمەيدىغان بۇ نائەھلىگە شۇنچىلىك ئاچچىقىم كەلدىكى، قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. «چاڭ» قىلىپ تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن كېرەم بۇدۇشقاق چۆچۈگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئالقىنىم بىر پارچە چوغنى تۇتۇۋالغاندەك كۆيۈشۈپ ئېچىشتى. شۇ ئان كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ چۈشتى. ئۇستۇنكى كالپۇكى بىردەمدىلا ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ چىقتى. ئىنىلىرىم تەڭقىسلىقتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. كېرەم بۇدۇشقاق «سەن مېنى ئۇردۇڭمۇ؟» دېگىنىچە ئىشىكنى داراڭشىتىپ ئېچىپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. دەرۋازا قۇلۇپلىۋېتىلگەنىدى. ئۇ «ئىشىكنى ئېچىپ بەر، مەن كېتىمەن» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. بىز ئۇنى ياندۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن خېلى ھەپىلەشتۇق. ئۇ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ بىرگە بوي بەرمەيۋاتاتتى. قىلىۋاتقان قىلىقلىرىغا قاراپ ئىشىكنى ئېچىپلا ئۇنى ھەيدەپ چىقارغۇم كېلىپ كەتتى. لېكىن، سىرتتا ئالمادىس بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ مەخمۇت ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ھاراق ئېچىپتىكەن، دېسە نېمە دېگۈلۈك؟ كېرەم

بۇدۇشقاق بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ دەرۋازىنى داراڭشىتىپ تېپىشكە باشلىدى. كېچە تەڭگە ئۇلىشاي دېگەندە چىققان بۇ پاتىپاراقچىلىق قوشنىلارنى چۆچۈتىۋەتتىمۇ- نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ، هويلىلىرىنىڭ چىراغلىرى لاپىلداپ يېنىشقا باشلىدى، شۇ ئەسنادا دالان ئۆيىمىزنىڭ چىرىغىمۇ لاپ قىلىپ يېنىپ قالدى. مەن ئۇ تەرەپكە ئىتتىك قاراپلا، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن، ئۇستىگە ئاپپاق خەسىدىن ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغان، ئۇزۇن ساقىلىنى قاماللىغىنىچە بىزگە ئالىيىپ قاراپ تۇرغان دادامنى كۆرۈپ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى.

— بۇ نېمە قىلىق، هەي، بۇ نېمە قىلىق؟ هۇ، دوزاختا تۇۋۇرۇك بولغۇرلار!— دەپ ۋارقىرىدى دادام ئۆزىنى باسالماي.

— هېچ...... هېچ ئىش يوق، دادا،— كىچىك ئىنىم شۇنداق دېگىنىچە، ئىتتىك بېرىپ دادامنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. مەن چوڭ ئىنىم بىلەن كېرەمنى تارتقۇشلاپ، سۆرەپ، كۆتۈرۈپ دېگۈدەك هۇجرىغا ئېلىپ كىردۇق. ئۇنى سۇپا ئۇستىگە تاشلاپ مەھكەم بېسىۋالدۇق. كېرەم بۇدۇشقاق بىزنى ئاللىنېمىلەرنى دەپ تىللايتتى، تېپىرلايتتى. كىچىك ئىنىممۇ قايتىپ كىرىپ، بىزگە هەمدەم بولدى. كېرەم بۇدۇشقاقنى مەھكەم باسقىنىمىزچە قويۇۋەتمىدۇق. ئۇ بىردەم تېپىرلاپ بېقىپ ئاخىر جىمىپ قالدى. بىز شۇ تەرزدە ئۇنى خېلى بىر هازاغىچە بېسىپ تۇردۇق. ئۇ ئاخىر خورەك تارتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا هويلىدا دادامنىڭ غەر - غەر قىلىپ ئاغزىنى چايقىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام تاهارەت ئېلىۋاتاتتى. يىراقتىن خورازلارنىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. دېرىزىنى ئۇلۇغ ئېچىپ سىرتقا قارىدىم. دېرىزىدىن غۇيۇلداپ كىرگەن سەهەرنىڭ ساپ هاۋاسىدىن يۈرىكىم ياشارغاندەك بولدى.

ئەمدى دادامنىڭ چىرايىغا قانداق قارارمەن، دەيتتىم ئىچىمدە، كېرەم بۇدۇشقاق بولسا يوتقانغا چىڭ پۈركۈنۈپ، هېچنېمىدىن بىخەۋەر هالدا خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بالدۇرراق ئويغىنىشىنى، دادام

مەسچىتتىن كېلىپ بولغۇچە، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىشىمىزنى تىلەيتتىم. لېكىن، كېرەم بۇدۇشقاق ھېچ ئويغىنىدىغاندەك قىلمايتتى. ئويغىتاي دېسەم يەنە ساراڭلىق قىلىپ، قاقپودىلا كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتىم.

بىر چاغدا ھۇجرىنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. چۆچۈپ ئىشىككە قارىدىم. دادام ئاچچىقى بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن ئوڭايسىزلانغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. دادام شۇ سىياقتا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپلا كەينىگە ياندى. مەن دەررۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتىم:

— خاپا بولماڭ، دادا،— دېدىممەن تىترەپ تۇرۇپ،— بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام......

— بولدى سۆزلىمە! — دېدى دادام چىرايىمۇ ئاچماستىن،— نەدىن پەيدا قىلغان بولساڭ شۇ يەرگە يىتتۇر بۇ بىر نېمىنى، نەدىن كەلگەن بىر نېمە ئۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان...... ماڭا نى ئات، نى نومۇس بۇ؟ بىلەمسەن، مەن بۇگۈن مەسچىتتىمۇ بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم، ھەممە ئادەم ماڭىلا قاراۋاتقاندەك، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ماڭا نېمە كۈن بۇ؟ مەن ئاخىرقى دۇئاغىمۇ توختىماستىن يېنىپ چىقتىم مەسچىتتىن. مەن جامائەتنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ئەمدى؟

مەن لام - جىم دېمەي، دادامنىڭ چىرايىغا قارىدىم. دادامنىڭ ئاپپاق ساقىلى توختىماي دىرىلدايتتى. چىرايى ھېلىلا تاراسلاپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغان بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن قاققان قوزۇقتەك جايىمدا قىمىرلىماي تۇرۇپلا قالدىم.

ئانام چاي دەملەپ تەييار قىلغانىكەن. مەن كېرەم بۇدۇشقاقنى ئويغاتتىم. ئاززۇيۇمغا يارىشا ئۇ تەرسالىق قىلمىدى. بەقەمدەك قىزىرىپ ئىششىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئەمما، چاي ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئارتۇقچە زورلىمىدىم. مېنىڭمۇ چاي ئىچكۈم يوق ئىدى. شۇ تاپتا گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتىدىغاندەك قىلمايتتى. كېرەم بۇدۇشقاق چېقىلغان

ئىسكىرىپكىسىنى جايلاشتۇرۇپ قېپىغا سالغاندىن كېيىن، ئۇنى قولتۇقىغا قىستۇردى.

ئانام بىلەن ئىنىلىرىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. دادام بىر يەرگە كەتتىمۇ ياكى ئۆيدە بارمۇ، بىلمىدىم، بىزنى ئۇزاتقىلى چىقمىدى. ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. ئاپتوبۇستا كېرەم بۇدۇشقاق خۇددى ئېرىدىن دەككىسىنى يېگەن بىشەم خوتۇندەك قاپىقى سېلىنغان ھالدا پۇشۇلداپ ئولتۇردى. ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق. ئۇنىڭ دوردىيىپ ئىششىپ چىققان ئۈستۈنكى كالپۇكى ئۇنى باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. تۇرۇپلا ئاخشام قىلغان ئىشىمدىن سەل خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدىم. ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل ئۆكۈنۈش ئۆرلەپ چىقتى. كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويماقچى بولدۇم. «خاپا بولما، ئاخشام ئاچچىقىمنى باسالماي سەل ئىتتىكلىك قىلىپ قويۇپتىمەن» دېگۈم كەلدى. لېكىن، ئۇنداق دەپ ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىنلاشتۇرسام يەنە ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ھېچنېمە دېمەسلىك قارارىغا كەلدىم. ناھىيە بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ئاپتوبۇس توختىدى، ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. كېرەم بۇدۇشقاق ماڭا قاراپمۇ قويماستىن، خوشمۇ دېمەستىن ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلدى.

«مەندىن قاتتىق خاپا بوپتۇ - دە، خاپا بولسا بولۇۋەرسۇن، خۇداغا مىڭ شۈكۈر! مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالسامۇ ئەجەب ئەمەس.»

كېچە شۇنداق شېرىن ئۇخلاپتىمەن. ئۇيقۇنىڭ بۇنداق شېرىن بولىدىغىنىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ، قىزىق چاي دەملەپ قانغۇچە ئىچتىم. تۇرۇپلا توختىماي يۈگۈرگۈم، سەكرەپ تاقلاپ ئوينىغۇم، تۇۋلاپ ناخشا ئېيتقۇم كېلىپ كەتتى. شۇ ھاياجان ئىچىدە سىرتقا چىقىپ، كەچ كىرگۈچە بازار ئايلاندىم. قىلچىلىك ھارغىنلىق ھېس قىلماپتىمەن. كۆڭلۈم خۇش، روھىم تېتىك، ئۆزۈممۇ خۇشخۇيلىشىپ قالغاندەك ئىدىم.

قاراڭغۇ چۈشتى. مەن بالدۇرراق يېتىپ يەنە قانغۇچە ئۇخلىماقچى

بولۇپ ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ئەمما، ئۇخلاشقا تېخى بالدۇر ئىدى. بۇنداق چاغدا ياتسام ئۇيقۇممۇ كەلمەيتتى. كۆزۈم تۇيۇقسىزلا تامغا ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارغا چۈشتى. دۇتارنى قولۇمغا ئېلىپ «چىمبۇلاق»قا چالدىم. ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ، كۆڭلۈم باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتتى. دۇتارنى ئەسلىدىكى ئورنىغا ئىلىپ قويۇپ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. يوتقانغا يۆلىنىپ، كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە خىيالغا كېتىپتىمەن. نېمىلەرنى خىيال قىلغىنىمنى، قانچىلىك خىيال سۈرگىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا تۇيۇقسىز ھويلا تەرەپتىن ئىسكىرىپكىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈرىكىم «قارت» قىلىپ، چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بېشىم پىرقىرىغاندەك بولۇپ، تېنىم تىكەنلەشتى.

— ۋاي - ۋۇي، قانداق ئەھۋالىڭ ئاغىنە، — كىرەم بۇدۇشقاق پالاقشىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى، — بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ھويلاڭغا كىرىپ پەيزە قىلىپ بەرسەممۇ ئالدىمغا چىقمايسىنا.

— مىجەزىم يوق، ئۆيدە ئارام ئالدىم، — دېدىم ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن.

— ھەي، سەن قاچانغىچە خوتۇن كىشىدەك مىجەزىم يوق، دەپلا ئولتۇرىسەن؟ مىجەزىڭ بولمىسا ياخشى بوپتۇ، مىجەزىڭ بولمىسا ياخشى بوپتۇ، بىرەر بوتۇلكا ئويناپ قويايلى، مانا قارا، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خۇددى يەل سېلىپ قويغاندەك كۆپۈپ تۇرىدىغان چاپىنىنىڭ قوينۇن يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ شىرەگە قويدى. غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— بۈگۈن نېمە دېسەڭ دەۋەر، — دېدىم قوپاللىق بىلەن، — ئىشقىلىپ مەن سېنىڭ ھارىقىڭنى ئىچمەيمەن.

— كىم سېنى بۇ ھاراقنى ئىچسۇن دەپتۇ. بۈگۈن بۇنى ئەمەس، سېنىڭدە قەرز قالغان ھاراقنى ئىچىمىز.

— ۋوي، قايسى قەرز قالغان ھاراقنى؟

— ئۈلۈشكۈن چوڭ ئۆيۈڭدە ئېلىپ بەرمىگەن ھاراقنى بۈگۈن ئېلىپ بېرىسەن، قانداق؟

ئۇ مېنى مەنىستىمگەندەك، كۆزگە ئىلمىغاندەك بىر خىل سىياقتا

قاراپ تۇراتتى. شۇ كۈنكى كۆڭۈلسىز مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كەلگەن ھامان، يۈرىكىم خۇددى مۈشۈك تاتىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ۋۇجۇدۇم تىترەپ، يۈزلىرىمگە ئوتتەك قىزىللىق يامرىغاندەك بولدى. بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىرىپ، ئۇنى ئارمانىغا يەتكۈزۈپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم. شۇنداق قىلمايمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى.

يېقىن ئەتراپتىكى كەچلىك بازارغا بېرىپ، بىر توخۇنىڭ پىشۇرۇلغان گۆشى بىلەن ئازراق ئۆپكە ـ ھېسىپ سېتىۋالدىم. بىر بوتكىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدىم. ھاراقنى كۆرگەن كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. خۇددى جەڭدە غەلىبە قىلغان گېنېرالدەك كېرىلىپ، چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنلۇق ئىپادىلىرى جىلۋىلەنىدى. بەلكىم ماڭا دېگىنىنى قىلغۇزغىنىدىن خۇشال بولغاندۇ.

مەن توخۇنى پارچىلاپ بىر تەخسىگە، ئۆپكە ـ ھېسىپنى بىر تەخسىگە ئېلىپ كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ئالدىغا قويدۇم. چاي دەملىدىم. ئەكەلگەن ھاراقنى شىرە ئۈستىگە قويدۇم. كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ نۇرسىز چىرايىدا ھېلىھەم بىر خىل شادلىق كۈلكىلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىككى پىيالىغا لىققىدە ھاراق قۇيدى.

— ئىچە، — دېدى ئۇ بىر پىيالىدىكى ھاراقنى ماڭا تەڭلەپ، — بۈگۈن بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ پەيزە قىلىمىز.

— مەن ئىچمەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ.

— ۋۇي، تاۋى نازۇك غوجام، نېمە دەپ ئىچمەيسەن؟ خوتۇن كىشىدەك تولا نازلانماي ئالەۋا مانى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قولۇمنى تارتىپلا پىيالىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. بەرىبىر ھاراق تۇگىمىگىچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ئامال يوق، پىيالىنى قولۇمغا ئالدىم.

كېرەم بۇدۇشقاق ھاراقنى ئايلاندۇرغاچ توختىماي ۋالاقلايتتى. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى، قايسى مەزمۇندا گەپ قىلىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. تۇتۇرۇقسىز گەپلىرى ئۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئىچىمدە بۇ رودىپاي بۇدۇشقاقتىن قانداق قىلىپ

قوتۇلۇشنى ئويلىماقتا ئىدىم. قانچە ئويلىسامۇ، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ھېچ تاپالمايۋاتاتتىم.
بىر چاغدا يېقىن بىر ئاغىنەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
— ۋاھ، كەل بۇرادەر،— دېدى كېرەم بۇدۇشقاق قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ،— ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە دەپتىكەن، قېنى ئولتۇر، شۇغىنىسى بىرەر بوتۇلكا ئالغاچ كەلمەپسەن، بوپتۇ، ھېچقىسى يوق، ھېلى چىقىپ ئەكىرسەڭمۇ بولىدۇ.
مەن ئىچىمدە كېرەم بۇدۇشقاقنى مىڭنى تىللىغىنىمچە، ئاغىنەمگە چاي قۇيماقچى بولدۇم. ئاڭغۇچە كېرەم بۇدۇشقاق بىر پىيالىغا لىققىدە ھاراق قۇيۇپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ ئۈلگۈردى.
— خاپا بولمىسىڭىز، مەن مۇشۇ ئىشتا يوق،— دېدى ئاغىنەم دۇدۇقلىغىنىچە،— مەن ئەزەلدىن بۇنى ئېغىزىمغا ئېلىپ باققان ئەمەس.
— ۋۇي، نېمە دەيدا ماۋۇ گۇي،— دېدى كېرەم بۇدۇشقاق چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە،— ئىچمەيدىغان ئادەم نېمە بار دەپ كەلگەن بۇ يەرگە؟
مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئاغىنەمنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ئاغىنەمنىڭ يۈزلىرىمۇ خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. مەن بىرنەرسە دەي دەپ بولغۇچە، ئاغىنەم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئېغىز ئاچتى:
— بىرەر - يېرىم مۇڭ ئاڭلاپ كېلەي دەپ كەلگەن، سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام كەلمەيتىم.
— ھە، ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق،— دېدى كېرەم بۇدۇشقاق چىرايىغا كۈلگە يۈگۈرتۈپ،— مۇنداقلا دەپ قويدۇم. چاقچاق، ھەممىسى چاقچاق، ئەسلىي مۇڭ دېگەننى بارغۇ، مۇنداق كەيپ سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىسا ئاندىن پەيزى بولىدۇ. بوپتۇ، مۇڭ ئاڭلىغۇڭ بولسا، ھازىرلا بەجا كەلتۈرىمىز...... قېنى دۈتىرىڭنى ئالمامسەن ئەمىسە.
كېرەم بۇدۇشقاق شۇنداق دېگىنىچە ماڭا جىلمىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا مېنىڭ مۇزىكا چالغۇم يوق ئىدى. ئەمما، ھېلىقى ئاغىنەمنىڭ كۆڭلىنى دەپ دۇتارنى قولۇمغا ئالدىم. كېرەم بۇدۇشقاق ئىسكىرىپكىنى پوكىنىغا تىرەپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان ھالدا زوق بىلەن چېلىشقا باشلىدى. بېشى خۇددى يىلتىزى قومۇرۇلۇپ لىڭشىپ قالغان كۆتەكتەك ھەريان ئىرغاڭلايتتى. ئەمما، مېنىڭ قوللىرىم قېتىپ قالغاندەك، ئۇيۇشۇپ قالغاندەك پەقەت قولاشمايۋاتاتتى. گويا بىر كېچىدىلا دۇتار چېلىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك دۇتار پەدىلىرىنىمۇ جايىدا تۇتالمايۋاتاتتىم. توۋا، ئادەم روھلۇق، تېتىك، كۆڭلى خۇش چاغدا چالغان ساز باشقىچە بولىدىكەن، ئوخشاش پەدە، ئوخشاش ئاھاڭ، ئوخشاش ئۇدار، ھەر چالغاندا يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان يېقىملىق ئەزگۇ كۇيلەر بۇگۇن نېمىشقىكىن، قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى، كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ئىسكىرىپكىسىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز تولىمۇ بوغۇق، يېقىمسىز ئىدى.

تۇيۇقسىز كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ئىسكىرىپكىسىنىڭ ئۇلۇشكۇن ئىككى پارە بولۇپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. كەيپىياتىم جايىدا بولمىغاچقا، باياتىن بېرى ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسىغا قارىماپتىكەنمەن. ئۇ ئىسكىرىپكىنى يەملەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئوخشايدۇ، شۇڭا ئاۋازى ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قاپتۇ ـ دە، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ساز چېلىشتىن توختىغاندىن كېيىن كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ ئىسكىرىپكىسىغا زەن سېلىپ قارىدىم. ئۇ ھېلىقى ئىسكىرىپكا ئەمەس ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنىڭ سىرلىرى چۇشكەن، ئەسلىي سىرلىرىمۇ ئۆڭۈپ كەتكەن، قوپال، كۆرۈمسىز بىر ئىسكىرىپكا ئىدى. قورسىقى بىلەن سېپى تۇتاشقان يېرىدە قانداقتۇر بىر خىل يېلىمسىمان نەرسىنىڭ ساقىندىلىرى قېتىپ قالغانىدى.

ــ ۋۇي، ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ؟ كېرەممۇ پەقەت بىرلا ئىسكىرىپكا بار، دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭ؟ مەندە بۇنداق نەرسىلەر تولا جۇمۇ، ــ دېدى ئۇ مەغرۇرلانغاندەك قىياپەتتە.

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، ــ ئىسكىرىپكاڭنىڭ گەدىنىنى تاز خوتۇنىنىڭ بېشىغا چاپقان يېلىمدەك

كەپشە بىسىپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭغا قاراپ قاپتىمەن.

— پاھ...... ھا...... ماۋۇ گۈينىڭ ئۇخشىتىشلىرىنى، بۇمۇ ئۆتكەندە بىر دوستۇم بىلەن ھاراق ئىچكەن يەردە ياردار بولغان......

— ئىسكىرىپكا چېقىش سىزنىڭ كەسپىي كېسەللىكىڭىزدە.

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، كەيىپچىلىك دېگەن شۇ، مەستلىك پەسلىك دەپتىكەن، ھېلىقى ئىسكىرىپكىنى بارغۇ، چىرايلىق يەملەپ، قورۇسۇن دەپ ئۆيدە قويۇپ قويدۇم.

كېرەم بۇدۇشقاق بىر تاغدىن، بىر باغدىن سۆزلەيتتى. كىمنىڭ ئۆيىدە ھاراقنى قانداق ئىچكەنلىكى، سازنى قانداق چالغانلىقى ھەققىدە ماختىناتتى. ئالىلكىملەر ئۇستىدىن قاقشايتتى، ئالىلكىملەرنى ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرگەندەك قىلاتتى.

ماڭا ئۇنىڭ گەپلىرىنى زورىغا ئاڭلاپ ئولتۇرماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ زورى بىلەن، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھاراقمۇ تۈگىدى. ئىككىمىز بىر جىڭدىن ئىچكەن بولدۇق. بېشىم پىرقىراپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپلا تۇراتتى. كېرەم بۇدۇشقاقمۇ ساقىلىغا تۈكۈرۈشكە باشلىغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېتىشىنى تۈت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم.

— قې......قېنى، ماڭا ھاراق قۇيمامسەن، — كېرەم بۇدۇشقاق شۇنداق دەپ كاللىسىنى گىلدىڭشىتقىنىچە ماڭا قارىدى ۋە بىر خىل سەت ئاۋاز چىقىرىپ گېلىنى قىردى. ئارقىدىن شىرەنىڭ ئالدىغا شالاققىدە تۈكۈردى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ، قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدىم.

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى ئەتىدىن بېرى لام - جىم دېمەي شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ئاغىنەم سۆز قىستۇرۇپ، — ھېلىمۇ كۆپ ئىچىۋەتتىڭلار.

— جى...... جىم ئولتۇرەۋا سەن، پىخسىق گۈي، — دېدى كېرەم بۇدۇشقاق ئاغىنەمگە شالىنى چېچىپ، — سېنىڭ بۇ سورۇندا گەپ قىلىشقا سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ. بولمىسا بەز مارىغان مۇشۈكتەك بىزنىڭ ئولتۇرماي قوپە بېرىپ بىر جىڭ ئەكەل، ئۇينايمىزغۇ بۈگۈن تازا......

— كېرەم! — دېدىمەن زەردە بىلەن، — ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ

قىل. ئاغىنەمنى ھاقارەت قىلىۋاتىسىنا، سىزنىڭ دەردىڭدە مېنىڭ ئۆيۈمگە ئاغىنىلىرىمنى كەلمىسۇنمۇ ئەمدى؟ بولدى، ئىچمەيمىز ئەمدى. خىزمىتىم بار ئادەممەن، ئەتە ئىشلىمىسەم بولمايدۇ.

— نې...... نېمىشقا ئىچمەيمىز، خى...... خىزمىتىڭ بولسا نېمە بوپتۇ، كىم سېنى خىزمەت قىلىسۇن دەپتۇ...... ئا...... ئاغىنەڭ ئەكەلمىسە سەن بىرىپ بىر جىلىڭ ئەكەل.

— ئەكەلمەيمەن، ئىچمەيمىز دېدىم، ئىچمەيمىز. مېنىڭ ئۆيۈم قاۋاقخانا ئەمەس، بۈگۈندىن كېيىنمۇ ئىچمەيمىز!......

— ھېلىق، ھېلىق سەندەك ھەزلەكنى، سېنىمۇ ئاغىنەم دەپ يۈرۈپتىمەن. قايسى كۈنىمۇ شۇنداق قىلىسەن، بۈگۈنىمۇ يەنە ھاراق ئەكەلگىلى ئۇنىمايسەن، سېنىڭ ئالدىڭدا بىر جىلىڭ ھاراققا يۈزۈم يوقما مېنىڭ؟

— يوق! — دېدىم ھېلىقى كۈنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، — مېنىڭ ئالدىمدا ھېچقانداق يۈزۈڭ يوق!

— را...... راستما؟ مانا ئەمىسە، بولدىما ئەمدى......

كېرەم بۇدۇشقاق قولىدىكى ئىسكىرىپكا بىلەن كامانچىنى يەرگە كۈچ بىلەن ئاتتى. ئاغىنەم چاققانلىق بىلەن ئىسكىرىپكىنى تۇتۇۋالدى. ئەمما، يەرگە قاتتىق تەگكەن كامانچىنىڭ ياغىچى چاراسلاپ سۇنۇپ، قىللىرى ساڭگىلاپ قالدى. كېرەم بۇدۇشقاق يوغان ئالىقانلىرى بىلەن يۈزلىرىنى شاپىلاقلاشقا باشلىدى. ئاغىنەم بىردە ماڭا، بىردە ئۆزىنى توختىماي شاپىلاقلاۋاتقان كېرەم بۇدۇشقاققا قارايتتى. غەزەپتىن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. تۈز كۆڭۈللۈكۈم، مېھماندوستلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ مېنى كولدۇرلىتىۋاتقان، يۈز - ئابرۇيۇمنى تۆكۈۋاتقان بۇ ئادەمگە ئەمدى رەھىم قىلسام بولمايتتى. مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمىدىم. ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى ئېلىپ چىقىپ سىرتقا تاشلىماقچى بولدۇم - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردىم. «كۆزۈمدىن يوقال!» دېگىنىمچە، ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ كۈچەپ كۆتۈردۈم. ئەمما، مەندىن بەستىلىك كەلگەن بۇ دارازىنى يەردىن ئۈزەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تىركەشكىنىگە، كەينىگە تىرەجەپ تۇرۇۋالغىنىغا قارىماي ئۇنى تۇرتۇپ، ئىتتىرىپ سىرتقا

ئېلىپ چىقتىم. ئۇ «مېنى قويۇۋەت، هوي، ساراڭمۇ سەن، نېمانداق قىلىسەن، ئىسكىرىپكام، ئىسكىرىپكام» دەپ تووۋلايتتى، چىڭقىلىپ ۋارقىرايتتى. ئاغىنەم يۇگۈرۈپ كىرىپ، ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئىسكىرىپكىنى كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بېلىنى قويۇۋەتتىم ۋە:

— داد پەندىيات، سېنى كۆزۈم ئىككىنچى كۆرمىسۇن، يوقال كۆزۈمدىن ئېپلاس! — دەپ ۋارقىرىدىم.

كېرەم بۇدۇشقاق ئىسكىرىپكىنى كۆتۈرگىنىچە ئاللا - تووۋا چىقىرىپ، مېنى تىللىغان پېتى دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى......

كېچە پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ، هۆ قىلغۇملا كېلەتتى. سىرتقا نەچچە قېتىم چىقتىم. كېرەم بۇدۇشقاقنىڭ بېزەڭلىكلىرىگە تاقابىل تۇرالماي هاراق ئىچىپ مۇشۇ هالغا كېلىپ قالغىنىمغا، پاراكەندە بولغىنىمغا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈندۈم.

ئەتىسى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. پۇتلىرىم دىر - دىر تىترەيتتى. كۆزلىرىم قۇم تىققاندەك ئېچىشاتتى. مىلىڭ تەسلىكتە چاي دەملەپ چالا - بۇلا ناشتا قىلدىم - دە، مېڭەمنى ئازراق سەگىتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم. دەرۋازا ئالدىدا ئىدارىنىڭ ئىشىك باقارى هەسەن جودا تازىلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كەلدى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

— كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇغۇ ئۇكام، — دېدى ئۇ چىرايىمغا سەپسېلىپ قارىغىنىچە، — كېچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان ئوخشايسەن - هە؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئاكا، بىر كېچە - كۈندۈز يۇممىغاي چىقىپتىمەن، هەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم.

— ئاخشام بۇدۇشقاق بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ سېنى قار - يامغۇر تىللاپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ناهايىتى ئاچچىقىم كەلدى. قارىسام مەستتەك قىلىدۇ. بىرنەرسە دەي دەپ بولۇپ، مەست بىلەن تەڭ بولماي دېدىم.

خىجىللىقتىن يۈزلىرىم لاپپىدە ئوت ئالدى.

— بەكلا تېتىقسىز بىر نېمىكەن ئۇ، — دېدىم كېرەم بۇدۇشقاقنى بولغان نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈپ، — ئۇنىڭدىن جاق تويدۇم، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمدىن نېرى قىلالمىدىم. جېنىم ئاكا، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دەرۋازىدىن كىرگۈزمەڭ.

— ھەي، سازەندە دېگەنمۇ شۇنداق مەينەت بولامدۇ، ئۇكام؟ مەن نى - نى سازەندىلەرنى كۆرگەن، ئۇلار شۇنداق ئېسىل، شۇنداق سالاپەتلىك ئىدى. بۇنداق چۇپەي سازەندىنى كۆرمەپتىكەنمەن. «قاغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق» دەپتىكەن كونىلار، سەنمۇ بىر سازەندە، سەن ئۇنىڭ خۇيىنى ھەرگىز دوراپ قالما جۇمۇ؟

مەن ھە دېسىلا كىشىلەرگە چۇجە - خورازدەك ھۈرپىيىپ، جوداللىشىپلا يۈرىدىغان ھەسەن جوداننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇيالغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. يۈزۈم يەنە بىر قېتىم قىزاردى.

— ئۇنىڭ بۇنداق تېتىقسىزلىقىنى بىلگەن بولسام باشتىلا ئارىلاشماس ئىدىم، ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دەرۋازىغا يولاتمىسىڭىز.

— بۇ گەپنى بۇرۇنراق دېيىشىڭ كېرەك ئىدى، ئۇكام، مەن نەچچە قېتىم شۇنداق قىلايمۇ دېگەن، لېكىننە، سېنىڭ يۈزۈڭنى ئاياپ ئۇنداق قىلمىغان.

— ئەمدى ئۇنىڭغا ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلماڭ.

— خاتىرجەم بوله، ئۇنىڭ دەرۋازىدىن ئەمدى كىرگىنىنى كۆرۈپ باقاي.

مەن ھەسەن جودا بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانامغا چىقىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى ماڭا مەدەت بولدىمۇ قانداق، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، بارلىق خاپىلىقلىرىم، كۆڭۈل غەشلىكلىرىم قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى.

پۈتۈن بىر كۈن كۆڭلۈم خاتىرجەم خىزمەت قىلدىم. كېرەم بۇدۇشقاقتىن قۇتۇلدىغانلىقىمنى ئويلاپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

ئىشتىن چۈشۈشكە چارەك ۋاقىت قالغانىدى. تۇيۇقسىز دەرۋازا

تەرەپتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. دېرىزىدىن قارىدىم. «تـوۋا خۇدايىم، يەنە شۇ كىرەم بۇدۇشقاق!» ھەسەن جودا بىلەن ھە دەپ تۇرتۇشكىلى تۇرۇپتۇ. «تـوۋا، نېمىدېگەن يـۈزى قېلىن ئـادەم بـۇ؟» دەيتتىم ئىچىمدە. ھەسەن جودا كىرەم بۇدۇشقاقنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى. كىرەم بۇدۇشقاق ھە دەپ دەرۋازا تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى. ئىككى خىزمەتدىشىم ئۇلارنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ ئاجراتماقچى ئىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىشنى ئويلىدىم، ئەمما كىرەم بۇدۇشقاقنىڭ ماڭا يەنە چاپلىشىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپ بۇ خىيالدىن يالتايدىم.

ــ سىزنىڭ بۇ پاخپاق ئىدارەڭگە كىرگىلى كىمنىڭ خۇشىكەن؟ مەن ئاغىنەمنى ئىزدەپ كەلدىم. مېنى نېمىشقا توسىسەن؟ــ كىرەم بۇدۇشقاق بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى.

ــ سىزنىڭ خالىغانچە كىرىپ چىقىدىغانغا ئاناڭنىڭ ئۆيىمۇ بۇ؟ــ ھەسەن جودامۇ چىڭقىلىپ تووۋلايتتى،ــ بىلىپ قوي، بۇ دېگەن قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورۇن. سەندەك بىكار تەلەپلەرگە بۇ يەردە ئىش يوق!

ــ ماڭاۋا سىسىق پەتەك......

ــ كۆزۈمدىن يوقىلەۋا يۇرتىنىڭ تايىنى يوق لالما، ھېلى بىكار110 غا تېلېفون قىلىپ تۇرمىگە قامىتىۋەتمەي يەنە.

ــ ئاھ...... ھا، سەن تېخى مېنى تۈرمىگە قامىتامسەن، ۋاي ئىسكەتى يوق سەت قېرى، ھېلى بىر قويۇپ تۇمشۇقۇڭنى ماكچايتىۋەتمەي بىكار.

دەرۋازا ئالدىغا بىرمۇنچە كىشىلەر توپلىشىپ قالدى. ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ ئاخىر ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈردى. بىرنەچچەيلەن كىرەم بۇدۇشقاقنى تارتىپ بىر يانغا ئېلىپ كەتتى. جېدەل پەسىيىپ دەرۋازا ئالدىغا توپلاشقانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ تارقىلىپ كېتىشتى. مەن ئىشخانامدا خىيال سۈرگىنىمچە قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

نەچچە كۈنگىچە سىرتقىمۇ چىقمىدىم. سىرتقا چىقسام كىرەم بۇدۇشقاققا يەنە ئۇچراپ قېلىشىمدىن قورقتۇم. بىرنەچچە قېتىم دېرىزىدىن قاراپ، ئۇنىڭ دەرۋازا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ دەرۋازا ئالدىدىن ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا ئۆتەتتى.

مېنىڭ ئىشخانام تەرەپكە بويۇنداپ قارايتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەسەن جودا ئورۇندۇقنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، گىدىيىپ ئولتۇراتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتەتتىم.

ئىشقىلىپ ھەسەن جودا بوش كەلمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، كېرەم بۇدۇشقاقنى زېرىكتۈرۈپ، مېنىڭ قۇلىقىمنى تىنجىتتى، شۇنىڭدىن كېيىن كېرەم بۇدۇشقاقنى كۆرمىدىم. ئۇ بۇ يۇرتتا بارمۇ ياكى كەتتىمۇ بۇنى بىلمىدىم. كوچا - كويلاردىمۇ، بازار - رەستىلەردىمۇ ئۇچراتمىدىم. ئاخىر تۇرمۇشۇم ئىزىغا چۈشۈپ، خىزمىتىمنى خاتىرجەم ئىشلىيەلەيدىغان بولدۇم.



# ئاخىرقى سەپەر

مەن بىر مۇردا، ئۇستىخانلىرى چېقىلىپ لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن جەسەت ئىدىم. گۇناھلىرىم شۇنچە ئېغىرمىكىن تاڭ، مېنى تۆت ئادەم تەستە كۆتۈرۈپ، ئىنجىقلاپ، مۇدۇرۇپ، ھۆمۈدەپ دېگۈدەك بىر ھالدا ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. جەسىتىم سېلىنغان تاۋۇت تۇمان قاپلىغان بوشلۇقتا مۇڭلۇق تەۋرىنەتتى. ئۇلار مېنى جىمى ئادەم زاتى ھامان بىر كۈنى بارىدىغان، مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئەبەدىيلىك ماكانىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بەدىنىمنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىن تېخىچە قان چىقىپ تۇراتتى. بۇ قانلار بەدىنىمدىن شورۇلداپ ئېقىپ، ئاپپاق خامدىن تىكىلگەن كېپىنىمنى بويىماقتا ئىدى. تاڭلىيىم قۇرۇپ كەتكەن، ئاغزىمدىن تۈنۈگۈن ئىچكەن ئاچچىق ھاراقنىڭ بەتبۇي پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. مەن خامۇشلۇق ئىچىدە ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. كۆز نۇرۇم يۈزۈمنى يۆگىگەن قات ـ قات كېپەنلىك، ھەتتا تاۋۇت يوپۇقلىرىنىمۇ تېشىپ ئۆتكەنىدى. ئەتراپىمدىكى جىمى نەرسىنى ئېنىق كۆرۈۋاتاتتىم. «تۇۋا، بۇ قانداق بولغىنى، ئۆلۈك دېگەننىڭ كۆزلىرى شۇنداق ئۆتكۈر بولۇپ كېتەمدىغاندۇ، ھايات ۋاقتىمدا خىرە پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرىم ئەمدىلىكتە ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرۈۋاتىدىغۇ؟» مەن ھاياجانلىق خىياللار ئىچىدە كۆزۈمنى يوغان ئاچتىم. قارىچۇقلىرىمنى ھەريان مۆلدۈرلىتىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. ئەتراپىمدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. مېنىڭ ئاشۇ غېرىب تاۋۇتۇم ئەتراپىدا ئارانلا 7 ـــ 8 دەك ئادەم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ مەھەللە يولىغا پېتىپ كېتىۋاتقان ئاياغلىرى ئاستىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەيتتى. ئېرىنچەكلىك بىلەن قەدەم ئېلىشلىرىدىن مېنى ئۆزىتىپ

قەبرىستانلىققا بېرىشقا خوشياقمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن ھايات ۋاقتىمدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مېيىت ئۇزاتقىنىنى كۆرگەنىدىم. مېيىت نامىزىغا چېچەكلىك ئادەم يىغىلاتتى. قازا تاپقۇچىنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - يارەنلىرى خۇددى دەمدەردەك بوقۇلداپ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان غېرىب چۈجىدەك چۇكولداپ ياقا يىرتىشىپ يىغلىشاتتى. ئەھلى جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، تاۋۇتنى تىرەجەپ توسۇۋېلىپ ھەسرەت - نادامەت چېكىشەتتى. مەرھۇمغا قىيالمىغان يۈرەكلىرىنى قامالىغىنىچە، ئۆزلىرىنى ھەريان ئۇراتتى......

لېكىن، مېنىڭ تاۋۇتۇم ئالدىدا ئۇنداقلار يوق ئىدى. ئاتا - ئانام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، خوتۇنۇم ئۇزاق يىللار ئىلگىرى مېنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۆمرۈمدە بىرەر بالىغىمۇ دادا بولالمىغانىدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئاللىقاچان سوقۇشتىن توختىغان يۈرىكىم سوغۇق سىلكىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ مۇنچە ئېتىبارسىزلىقىغا ئېچىنىپ، ئېغىر مۇسىبەتكە پاتقانىدى.

ئۇلار مېنى كۆتۈرۈپ ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى. ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى كوچىلىكىگە سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ باشلىرى بىر خىل تەرزدە تۆۋەنگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

تاۋۇت كۆتۈرۈۋالغانلارنىڭ پۇتلىرى تالدى بولغاي، سۈرئىتى بارغانسېرى ئاستىلاپ قالدى. باشقىلارنىڭكىنى تالاشقاندەك، ھېچكىم مېنىڭ تاۋۇتۇمنى كۆتۈرۈشنى تالاشمايتتى. مەن يەنە چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە ئەتراپىمغا قارىدىم. ئاشۇ كىچىككىنە سەپنىڭ ئالدىدا ھاجىم ئاكام — مېنىڭ قاتىلىم ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالدا پوشۇلداپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە «ئۇ ئۆلمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى، ئۇ ماڭا ھەر ئايدا بىر مىڭ بەش يۈز كوي پۇل تېپىپ بەرسە، بىر يىلدا ئون سەككىز مىڭ كوينىڭ ئىگىسى بولۇپ قالاتتىم ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. مۇشۇلار خىيالىدىن كەچسىلا يۈرىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ، ئېغىر ھەسرەتكە چۆمەتتى. مەن ئۇنىڭ ھاجىم ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. قىلىقلىرى ھەقىقىي ھاجىلارغا ئوخشىمايتتى. شۇڭا، مەن بەزىدە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ «خونجىراپ ھاجى» دەپ

قويىاتتىم. بۇنىداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئاشۇ قاتاڭغۇر چىرايى تاتىرىپ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ چىچاڭشىپ كېتەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ بىر قول تىراكتورىنى كىراغا سالاتتى. بۇ مەن كىچىك چاغلاردىكى ئىش ئىدى. ئۇ چاغلاردا زامان تەرەققىي قىلمىغان، كىشىلەرنىڭ قول ئىلكىدە بىرنەرسە يوق چاغلار ئىدى. يۇرت ئىچىدە قوۋۇرغىسىدا خېلى ئوبدان مېيى بىر، دەپ سانالغانلارلا ئەنە شۇنداق قول تىراكتورى سېتىۋالالايتتى. شۇنداق، ئۇ قول تىراكتورىنى كىراغا سالاتتى. ھەر يەكشەنبە كۈنىدە بازارغا بارىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ئۇ مېنى كىرا يىغىشىپ بېرىشكە بىللە ئېلىۋالاتتى. كەچلىرى ئۆيىگە قايتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ئۇ تىراكتورىنىڭ كىچىككىنە كوزۇپىغا نۇرغۇن ئادەملەرنى سىغدۇراتتى. خۇددى تاغارغا سامان تىققاندەك كەپلەيتتى. بارىدىغانلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ كىرا پۇلىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋالاتتى. كىشىلەر «بۇ يولغا بەش موچەن ئېلىناتتىغۇ، نېمانداق بىر كويغا چىقىرىۋاللا، ئازراق ئىنساپ قىلسىلا بولمامدۇ؟» دەپ غۇدۇرىشاتتى- يۇ، يەنە ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى بەرمەي ئامالى يوق ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ «چىدىمايدىغان ئادەم ئىشتىنىڭىزنىڭ ئېغىغا مىنىپ كەلسىڭىز بولماس- -مىدى، ھېلىمۇ ئىنساپ قىلدىم، بولمىسا......» دەپ كاللىسىنى كىتىرلىتىپ قاشلاپ قوياتتى. ئۇ كىرانى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋالغاچقا، بەزىلەرنىڭ پۇلى كەملەپ قېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ساماندەك سارغىيىپ، قۇشقاچتەك جاۋۇلدىشىپ يالۋۇراتتى. بۇنداق ئىشلار ھەمىشە بولۇپ تۇراتتى. ياش، چىرايلىق قىزلار بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلسە ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشاتتى. «كىراغا پۇلىڭىز يەتمىسە ماۋۇ كاستۇمىڭىزنىڭ تۈگمىسىنى ئۈزۈۋالاي» دەپلا بىر ئامالنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمچىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئۈزۈۋېلىۋالاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ قاتناش ۋاستىلىرى سايمانلىرى تىجارىتىنى باشلىغان مەزگىللەردە، ئىشنى چوڭ باشلىدى. مەبلەغنى ئايىماي سېلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ سايمانلارنى چوڭ شەھەرلەردىن ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ يەرلەردىكى غوجايىنلارنىڭمۇ يۇقىرى ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. بىر

كۆنلەردە ئۇرۇمچىدىن جاڭ غوجايىن دەيدىغان بىرى ئۆنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۆنىڭ دېيىشىچە، ئاكامدا ئەللىك مىڭ كوي پۇلى بارمىش. ئاكام يەنە «مەندە بىر نېمەڭ يوق» دەپ، ئۆنىڭ پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. غوجايىن ئۆنىڭغا چاپلىشىۋالدى. ئاخىر «ئەمىسە ماڭ، سوتقا بارىمىز» دەپلا تۇرۇۋالدى. ئاكامۇ «بارساق باردۇق» دەپلا ئۆنىڭغا ئەگەشتى. مەنمۇ ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قىزىققاندەك ئۇلارغا ئەگىشىپ سوت مەھكىمىسىگە باردىم. سوتچىلار جاڭ غوجايىندىن ئىسپات تەلەپ قىلدى. غوجايىن يانچۇقىدىن ھېساب خاتىرىسىنى چىقىرىپ ئاكامنىڭ يېزىپ بەرگەن «ھۆججىتى» نى چىقاردى. سوتچىلار مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ھەم بۇنىڭ ئىسپات بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەيران قالغان غوجايىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. تولىمۇ قىزىق، بۇ «ھۆججەت» تە «مەن جاڭ غوجايىنغا ئەللىك مىڭ كويلۇق سىلىقلاش مېيى سېتىپ بەردىم» دېيىلگەنىدى. سوتچىلار ئالدىدا ئاكام «جاڭ غوجايىن ئەللىك مىڭ كويۇمنى بەرسۇن» دەپ تۇرۇۋالدى. بېشىدىن پۇرۇلداپ تۈتۈن چىققان جاڭ غوجايىن بىر ئاماللارنى قىلىپ بۇ يەردىن تىكىۋەتتى. ئەسلىدە ئاكام بۇ غوجايىن بىلەن ئۇزاقتىن بېرى سودا قىلىشىپ كەلگەنىكەن. نەچچە يۈز مىڭ كويلۇق سايمان سېتىۋېلىپ، نېسى قالغان پۇللىرىنىڭ سانىنى غوجايىننىڭ خاتىرىسىگە ئۆيغۇرچە يېزىقتا يېزىپ بېرىدىكەن. جاڭ غوجايىن ئاكامنىڭ خېتىنى ئوقۇيالمىسىمۇ سايماننىڭ سانى، پۇلى دېگەندەك رەقەملىك سانلارنى تونۇپ ئاكامغا ئىشىنىدىكەن. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇ قويۇلۇپ كەتكەن، قويۇلغاندىمۇ ناھايىتى كۈلكىلىك قويۇلۇپ كەتكەنىدى. مېنىڭ ئاكام ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى.

تۇساتتىن تاۋۇتۇمنىڭ ئۇڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان بىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ مېنىڭ قەدىناس ئۇلپىتىم ئىدى. ئۆنىڭ بىلەن تېخى تۈنۈگۈنلا بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ، بىللە ھاراق ئىچكەنىدۇق. سىنچىلاپ قارىسام ئۆنىڭ كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ مەيۈس كۆزلەردىن مۇسىبەت ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆنىڭ ئۇرۇق، ۋىجىك مۈرىلىرى يېنىك سىلكىنەتتى. پات - پات

نىمكەش كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تارتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ھەسرەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ ئۆزۈمچە شادلىنىپ كەتتىم. ھەر نېمە بولسا بىرەر ئادەمنىڭ بولسىمۇ مەن ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. تۇرۇپلا يۈرىكىمگە ئاچچىق بىر ئەلەم شۇررىدە ئېقىپ كىردى. «بۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىچارە دوستۇمغا كىممۇ ھاراق ئېلىپ بېرەر؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل مەيۈسلۈك چىرمىدى. «ھاراق ئىچىش شۇنداق كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھمىدۇ؟ ھاراق ئىچكەنلەر شۇنداق قەدىرسىز بولامدىغاندۇ؟ ئۇنى دەرد - ھەسرەتنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەرلا ئىچەلەيدىغۇ» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. تۇرۇپلا مېنى يىغا باستى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتكەن بولاتتىم.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بايا تېخى جامائەتنىڭ «بۇنداق ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش جايىز ئەمەس» دەپ ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ، ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىشىپ، ماڭا لەنەت - نەپرەت ياغدۇرغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ چاغدا كەكە ساقاللىق ئىمام «ئەھلى جامائەت، بۇ جىنازا ئىچىدە ياتقان مۇتۇۋاببانى دېمىسەكمۇ، ھاجىمنىڭ يۈزىنى قىلمىساق بولماس» دېدى. «نامىزىمنى چۈشۈرەمسەن، چۈشۈرمەمسەن، ماڭا بەربىر، نامىزىمنى چۈشۈرگىنىڭگە مەن ھەرگىز تىرىلىپ قالمايمەن» دېگۈم كېلىپ كەتتى. ئىمام يەنە بىرمۇنچە ئەمىر - مەرۇپ قىلدى. ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىگىمۇ قۇلاق سالمىدىم. جامائەتنىڭ غۇلغۇلىسى بېسىققاندىن كېيىن نامىزىم چۈشۈرۈلدى. مۇشۇنداق چاغدىمۇ يەنە پۇلى بارلارنىڭ، يۈزى بارلارنىڭ قەدىرلىك بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ ئۆلگۈردۈم.

يەنە بىر ئىشمۇ ئېسىمدە، بايا تاۋۇتۇم ھويلىدىن ئېلىپ چىقىلىۋاتقاندا، دالان ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ يىغلامسىراپ تۇرغان بىرسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئادەملەر ئىچىدە كۆزۈمگە تۇنجى چېلىققىنى شۇ بولدى. ئۇ مېنىڭ ئۇزاق يىللار ئىلگىرى مېنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ئايالىم ئىدى. ئۇ نامىزىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ كۆز يېشى

قىلىۋاتاتتى. «ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ، يىغلايدىغان ئادەم نېمىشقا مېنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغان بولغىيتتى؟ قارىغاندا ‹بىر كۆڭۈلۈك ئەر - خوتۇننىڭ يۈز كۆڭۈلۈك مېھرى بار› دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، ئاشۇ كىچىككىنە مېھىر ئۆچۈن بولسىمۇ نامىزىمغا كەلگەن چېغى» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئاشۇ يىغلامسىراپ تۇرغان مىسكىن تۇرقى ماڭا خۇددى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك، «مېنى ئۇرۇپ سوقمىغان بولساڭ، مېنىمۇ خورلاپ، ئۆزۈڭنىمۇ خورلاپ زابوي بولۇپ كەتمىگەن بولساڭ، ئۆلۈپ كەتمەس ئىدىڭ» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. «توۋا، ئۇنىڭ نېمە دېگىنىدۇ، خۇددى ئۇ ئۆيۈمدە بولسا مەن ئۆلۈپ قالمايدىغاندەك قىلىپ كەتكىنى نېمىسى؟ مەيلى، نېمە دېسە دېسۇن، ھاراق ئىچمەيدىغان، ئىككى مەڭزىگە قان تېپىپ تۇرىدىغان تەقۋالارمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغۇ».

تاۋۇتۇم بىر خىل رىتىمدا تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتى. مەن تۇمان باسقان ئاسمان بېتىگە قارىغىنىمچە، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدىم.

ھاراق ئىچىشنى قاچانلاردا ئۆگىنىپ قالغىنىم ئېسىمدە يوق. ئەمما، مەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق زابويغا ئايلىنىپ كەتكەنىدىم. شۇ ۋەجىدىن ھېچكىم مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالغان، ھەتتا خوتۇنۇممۇ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى. ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان مۇشۇ بۇرۇقتۇم كۈنلەردە، ھاراقلا ماڭا ئۈلپەت بولغانىدى. ئايالىمنىڭمۇ خېلى ھۆرمەتلەيتتىم، لېكىن ئۇ ھۆرمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەيتتى. ئۆيگە ھەر كۈنى يېرىم كېچىلەردە شىركەيىپ بولۇپ، كەيپىم چاغ قايتىپ كېلەتتىم. بۇنداق چاغلاردا خوتۇنۇم ئالللقاچان ئۇخلاپ قالغان بولاتتى. مەن ئۇنى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، تاتلىق ئەركىلىتەتتىم. يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ قوياتتىم. ئەمما، ئەتىسى گاراڭلاشقان بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا، كېچە مەن سىلاپ قويغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۇمۇردەك كۆكىرىپ، ھۆررەك - ھۆررەك ئىششىپ كەتكەن بولاتتى. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىمغا چىدىيالماي، مېنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى......

— ئۇكام، ئەل - كۈننىڭ ئالدىدا يۈزۈممۇ قالمىدى، — دېدى بىر

كۆنى ھاجىم ئاكام مېنى ئالدىغا چاقىرىپ، — ھەر كۆنى بولۇشىغا ئىچىپ، لەلەگىشىپ يۈرۈۋەرمىگىن، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئادەم بولۇش يولىغا ماڭساڭ بولاتتى.

— نېمە، مەن ئادەم ئەمەسمىكەنمەن؟ — دېدىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ، — مېنى دەپ يۈزىڭىز چۈشۈپ كەتكەن بولسا، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن سېنى ئادەم ئەمەس دېمىدىمغۇ. بىر تۇغقان بولغاندىكىن بۇنداق ھەرەڭ - سەرەڭ يۈرۈشۈڭگە چىدىمايدىكەنمەن، سېنى ياخشىراق كۈن كۆرسۇن دەۋاتىمەن شۇ......

— ئەمىسە دەپ بېقىڭا، نېمە ئىش قىلىمەن؟

— كىراكەشلىك قىل.

— كىراكەشلىك؟

— شۇنداق، سەن باشقا ئىشنى قىلالمىغاندىكىن، مەن ساڭا ئۈچ چاقلىق توكلۇق هارۋىدىن بىرنى ئېلىپ بېرەي، سەن شۇنى كىراغا سالغىن. ئۇ ئىشنىڭ پايدىسى يامان ئەمەسكەن، ھەيدىگۈچىدىن پىراۋىمۇ سورۇشتۇرمەيدىكەن.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. دېمىسىمۇ مېنىڭ كۈنۈم راستىنلا قاتتىق، ئىتنىڭ كۈنىمۇ مېنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى. لېكىن، ئاكامغا ئىشەنچ قىلالمايتتىم. ئۇ قول ئىلكىدە بار، مۇشۇ يۇرتتا چاقىرسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار غوجايىنغا ئايلانغان، بىر نەچچە يەردە تىجارەت دۇكانلىرى بار، ئىشلىرى ئوبدانلا روناق تاپقاندى. ئۇ مېنى نۇرغۇن ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇرگەن. ئەمما، ئۆزىگە نەپ چىقمىسىلا كۆتۈمگە تېپىپ ئىشتىن بوشىتاتتى. شۇلارنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدىم. بىر ھازا ئويلىنىشتىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتىم.

ئۇ راستىنلا ماڭا ئۈچ چاقلىق توكلۇق هارۋىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى. مەن بۇ شەھەرنىڭ كىچىك كوچىلىرىدا موكىدەك قاتراپ يۈرۈپ كىراكەشلىك قىلدىم. كۈنلۈك تاپاۋىتىم 100 كويىدىن كەم بولمايتتى. يانچۇقۇم قاپارغانسېرى كۆڭلۈم ئېچىلىپ، تېنىم يايراپ كېتىۋاتاتتى.

مەن پۇل تېپىپ هارۋىنىڭ پۇلىنى ئۆزىگە بېرىپ بولغاندىن

كېيىن، ئۇنى ماڭا بېرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن ئىككى ئايغا قالماي ئاكامنىڭ پۇلىنى بېرىپ بولدۇم. كۆڭلىرىممۇ گۈلدەك ئۈتۈشكە باشلىغان، ئىچىشىممۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا ئازلاپ قالغانىدى. ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغان، پۈتۈن بەدىنىمنى ئىسپىرت قاپلاپ بولغاچقىمىكىن، ھاراقتىن مېھرىمنى ئۈزۈلمىگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ ئىچىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرەتتىم. پەقەت كەچلىرى ئۆيقۇم قېچىشنىڭ ئامالى ئۈچۈنلا بىرنەچچە رومكا ئوتلاپ قوياتتىم.

«ئاكامنىڭ پۇلىنى ئۈزۈپ بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا ئەمدى پۇل بەرمىسەممۇ بولىدۇ» دەپ ئويلىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ مېنىڭ موچەنلەپ تاپىدىغان پۇللىرىمغا موھتاج ئەمەس ئىدى. لېكىن، بىر كۈنى ئاكام تۇيۇقسىز ھارۋىمنى ھويلىسىغا سولىۋالدى. سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق — مەن ئۇنىڭغا پۇل بەرمىگەنىدىم.

— ھارۋىنى نېمىشقا سولىۋالىسىز؟— دېدىم ئاكامغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ زەردە بىلەن سورىدىم،— ھارۋا مېنىڭ، بۇنىڭدا سىزنىڭ ھەققىڭىز يوق، مەن پۇلىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولدۇمغۇ؟

— نەدىمۇ ئۇنداق ئوڭاي ئىش باركەن؟— دېدى ئۇ مېنى مەنسىتمىگەندەك بىر خىل سىياقتا ھىجايغىنىچە،— ھارۋىنىڭ ئانا پۇلىسى كىمنىڭ؟

— مۇتتەھەم، ئۆستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن.

— مۇتتەھەم دېگەن ئۆزۈڭ،— دېدى ئاكام مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويۇپ،— ئەرز قىلساڭ قىلىۋەر، نەگە بارساڭ مەيلى. قاراپ باقە ماۋۇ نېمىكەن؟— ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ قىزىل تاشلىق بىرنەرسىنى قولىغا ئالدى.

مەن ئۇنىڭ قولىغا قارىدىم. قولىدا تاشلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر كىنىشكا تۇراتتى. قولۇمغا ئېلىپ ئېچىنى ئاچتىم. ئاكامنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەندەك بولدۇم. قولۇمدىكىسى ئاكامنىڭ توكلۇق ھارۋىنى ئۆزىنىڭ نامىدا نوپۇسقا ئالدۇرغان كىنىشكا ئىدى. مەن قولۇمدىكى كىنىشكىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتىم. ئاكام ئىشنى ھەقىقەتەنمۇ پۇختا قىلغانىدى. ئاچچىقىم كېلىپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىۋاتاتتى.

بىشمنى يېرىۋەتسەممۇ مېنىڭ سۆزۈم ھېچ يەردە ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئاكام ئۆز ئىشىنىڭ شۇنداق پۇختىلىقىدىن، ئۆزىنىڭ شۇنداق ئەقىللىقلىكىدىن پەخىرلەنگەندەك، يوغان گەۋدىسىنى تىك تۇتقىنىچە ئالدىمغا كېلىپ تۇراتتى. مەن ئاچچىقىمدا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەستىن، پېشىمنى قېقىپلا چىقىپ كەتتىم.

«كۆڭلۈم تويغان ئىش ھامان ئالدىمغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ شۇنداق ئادەملىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە گېپىگە كىرگەنگە تويە!» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بىكارچىلىقتا كۈننى كەچ قىلماق ئاسانمۇ؟ ئىچىم ئاچچىقتىن ھەرە كۆنىكىدەك مىژىلداپ تۇرغاچقا، ئۇلپەتلىرىم بىلەن ھەر كۈنى ھاراق ئىچتىم. ئاكامدىن ئالالمىغان دەردىمنى ھاراقتىن ئالدىم. مەن ئۇچۇن قەدىرلىك بولغان ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈردۈم. ئۇلپەتلىرىممۇ قوينىغا قايتىپ كەلگىنىمدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتىشتى. ئۇلار «ئىنساب قالمىغان جاھاندىكى ئادەملەردىن رەنجىپ نېمە قىلىسەن، سېنىڭ دەردىڭگە بىزلا يېتىمىز، كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلما» دەپ تەسەللى بېرىشتى.

ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. چۈنكى، ئۇلارغا كۆپىنچە ۋاقىتتا ھاراقنى مەن ئېلىپ بېرەتتىم. بىر بوتۇلكا ھاراقنى شىرەگە قويۇۋېلىپ، سوغۇق سۇنى زاكوسكا قىلىپ ئولتۇراتتۇق. ھاراق تۈگەپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تېمتىپ ئىچىشەتتۇق. «بۇ تۈگىسە كىم يانچۇقنى كولار» دەپ غەم يەيتتۇق. پەقەت شۇلار ئارىسىدا مەنلا مەرد سانىلاتتىم. پۇلنىڭ ئالدى - كەينىگە قاراپ ئولتۇرمايتتىم.

ئاكامنىڭ شەپقىتى بىلەن ھەرھالدا ئازراق پۇلغا ئېشىلىۋالغانىكەنمەن. شۇ پۇلنى كۈندە غازاڭدەك خەجلەپ، دوستلىرىم ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمنى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈرۈۋالدىم.

بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، ئۇزاققا قالماي يانچۇقۇمدا پۇچۇق تىيىنمۇ قالمىدى. يەنە بەز مارىغان مۇشۇكتەك بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قارىشىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق. ھېلىمۇ ياخشى، بىزنىڭ دۇكاندارىمىز لاۋۇاڭ بولىدىغان ئادەم

ئىدى. ئۇ بىزدەك دائىملىق خېرىدارلارغا نىسىگىمۇ ھاراق بېرەتتى. بىز ھەمىشە ئۇنىڭ كوچىنىڭ خىلۋەترەك يېرىگە جايلاشقان تارچۇق دۇكىنىغا كىرەتتۇق. بۇلۇڭدىكى مەيىنەت شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇراتتۇق. قاتمۇقات كىر بېسىپ كەتكەن، ئۇستى ئوڭغۇل - دوڭغۇل شىرە بىزنى بەتبەشىرە تۇرمۇشىمىزنىڭ شاھىدى ئىدى. يۇمشاق بۇلۇتلىرى قىتىلىپ، خۇددى چاشقان غاجىلىغاندەك ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئەبجەق سافانىڭ قاتتىق ياغاچلىرى ساغرىمىزغا پېتىپ كەتسىمۇ، ھاراقنىڭ خۇشلۇقىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇۋېرەتتۇق. بىر - بىرىمىزنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلىشىپ ئۇزۇن - ئۇزۇن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتۇق. گەپلىرىمىزنى كىم ئاڭلىدى، كىم ئاڭلىمىدى، بۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق ئىدى. بىر - بىرىمىزگە گەپ بەرمەي ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ راۋىيىنى چالاتتۇق. پاراڭلىرىمىز ھېچقاچان تۈگەپ قالمايتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدىن پىكىر يۈرگۈزەتتۇق. بۇ جاھان ئادەملىرىدە ئىنساب قالمىغانلىقى، ھازىرقى تىزگىنلىگۈسىز دەرىجىدە ئۆسۈپ كېتىۋاتقان مال باھاسى، ھاراق ۋە زاكۇسكا ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان سۇنىڭمۇ قىممەتلىشىپ كەتكەنلىكى...... ھازىرقى خوتۇنلارنىڭ بىشەملىكى، ئىشقىلىپ بىز قىلمايدىغان گەپ قالمايتتى. يەنە تېخى كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز ھەققىدىمۇ باش قاتۇراتتۇق. قايسىبىرىمىزگە قايسىدۇر بىر ئايالنى ئېلىپ بېرىشەتتۇق. ھاراقنى تاشلاپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈشەتتۇق. ئەمما، ئەتىسى كۆتىمىزگە ئاپتاپ چۈشكەندە، كەيپىلىكىمىز يېشىلگەندە، ئاخشامقى بۇيۇك پىلانلىرىمىز ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى. گېلىمىزدىن تاماق ئۆتمەي، ئاززاق گېرىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىز ئۆزىمىز خۇددى «قۇتقۇزۇش مەركىزى» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان بوتكىغا چىۋىندەك ئولىشاتتۇق.

شۇنداق، يانچۇقۇمدىكى پۇل تۈگىدى. قىسقا مەزگىل ئىچىدە چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ كۆنۈپ قالغانىكەنمەن، ھازىرقى تاشتىن قاتتىق كۈنۈمگە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بۇ خىل تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىدىم. ئاخىر

ھاجىم ئاكامنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— كېلىدىغىنىڭنى بىلەتتىم، — دېدى ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ئۆزىڭىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، — دېدىم ئۇنىڭ ئاچ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە ئۈمىد بىلەن قارىغىنىمچە، — لېكىن، سىزدىمۇ ئازراق ئىنساب بولسۇن......

— بولىدۇ، ئۇنداقتا ھارۋىنى بېرەي، ماڭا ھەر كۈنى 50 كوي تاپشۇرىسەن، ئاشقىنى سېنىڭ بولسۇن.

مەن ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولدۇم. ئاكامنىڭ دېگىنىدەك قىلساممۇ، ماڭا يەنە خېلى پۇل ئېشىپ قالاتتى.

مەن يەنە كوچىلاردا ئۇيياقتىن - بۇياققا موكىدەك قاتراشقا باشلىدىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىشىمغا چېچەك چىقتى. كىرا ھارۋىلىرى، كىرا موتوسىكلىتلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، شەھەر تەرتىپىگە دەخلى يەتكەنلىكتىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كىراكەشلەرنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا قاتنىشىنى مەنئى قىلدى. بۇ ئىش مېنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان تىرىكچىلىك يولۇمنى توسۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ مەن قاپ يۈرەكلىك قىلىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى، كەچلىرى ئانچە - مۇنچە قاتناپ قويدۇم. شۇنچە ئېھتىيات قىلىپ باقساممۇ، ئاخىر تۇتۇلۇپ قالدىم. ھارۋام شەھەر قوروللۇش ئىدارىسىگە بەنت قىلىندى. يالۋۇرمىغان ئادىمىم قالمىدى. ھاجىم ئاكام مەندىنمۇ بەكرەك يول ماڭدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۈندە بىكارغا كېلىدىغان 50 كويدىن قۇرۇق قېلىشقا كۆزى قىيمايۋاتاتتى. لېكىن، ئۇمۇ ئامال قىلالمىدى......

تاۋۇتۇمنىڭ تۇيۇقسىز سىلكىنىشى بىلەن خىيالىم ئۈزۈلۈپ قالدى. قارىسام مېنى بايا كۆتۈرۈپ ماڭغانلارنىڭ پۇت - قوللىرى تىلىپ، بەللىرى سىرقىرىغان چېغى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلار ئالمىشىۋاتقانىكەن. بىر دەمدىن كېيىن، تاۋۇتۇم يەنە بىر خىل رىتىمدا مېڭىشقا باشلىدى. مەن خىيالىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— سەن ھاراق ئىچسەڭ قوسالامسەن؟ — دېدى ھاجىم ئاكام ماڭا

تىكىلىپ قارىغىنىچە.

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟— دەپ سورىدىم بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن،— ئىچىش، قوسۇش، يەنە ئىچىش، يەنە قوسۇش مېنىڭ ھۈنىرىم تۇرسا.

— قوسقۇڭ كەلمىگەندىمۇ قوسالامسەن؟

— قوسالايمەن، ئىككى رومكا ئىچىۋېلىپلا، ئوتتۇرا بارمىقىمنى كانىيىمغا تىقىمەن - دە، نوغۇچتەك قويۇپ بېرىمەن.

— ئۇنداقتا ياخشى،— دېدى ھاجىم ئاكام نېمىدىنىدۇر خۇشال بولغاندەك ھېجىيىپ قارىغىنىچە،— ئەمىسە مۇنداق قىل، بۈگۈن چۈشتىلا ئازراق قېقىۋالغىن - دە، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بار. مېھمانخانىسىدا يېتىۋال. «مەندەك بىچارىگە ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، ھارۋامنى بەرسىلە، مەندەك بىر كەسپى يوق، ھاراقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئىگە - چاقىسىز ياشنى ئۆلسۇن دېمەيدىغاندىلا؟ مېنىڭمۇ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، تىرىكچىلىك قىلىشىمغا يول ئېچىپ بەرسىلە. مېنىڭ بىردىنبىر بىساتىم ئاشۇ ھارۋا ئىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ يالۋۇرغىن. ئۇ چوقۇم ساڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئەگەر ھارۋىنى بەرگىلى ئۇنىمىسا گوشۇڭلۇق قىلىپ يېتىۋال، ئاشۇ ياسىداق ئۆيلىرىنى قوسۇق بىلەن بۇلغىۋەت. ئۇ سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ھاجىم ئاكامنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوقلۇقىغا بارغانسېرى ئىشىنىشكە باشلىدىم. ئاخىر بىر سىناپ كۆرۈش نىيىتىگە كەلدىم.

— سىز دېگەندەك قىلىپ باقساممۇ بولغۇدەك،— دېدىم كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ،— لېكىن، مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنى بىلمىسەم......

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىسەن - دە، بۇ چارىنىڭ ئۇنۇم بەرمىگىنىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي. بولدى، يۈرە ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوياي.

— بىراق،— دېدىممەن گەدىنىمنى كىتىرلىتىپ قاشلىغىنىمچە،—

يۈزۈم قىلىنىشىغۇدەك ئىچىۋالمىسام بولمايدۇ...... يانچۇقۇمدا پۇل......

— پۇلدىن غەم قىلما، قانچىلىك ئىچسەڭ ئىچ، مانا پۇل......

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى. ئۇ ئاشۇ پۇللار ئارىسىنى بىرھازا ئاختۇرۇپ كەتتى. قارىغاندا ماڭا بەرگۇدەك پارچە پۇل ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇ پۇللار ئارىسىدا پارچە پۇل كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاخىر ئەللىك كويلۇق پۇلدىن بىرنى سوغۇرۇپ ماڭا تەڭلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ماڭا پۇل تەڭلەۋاتقان قولىنىڭ قانچىلىك تىترەپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ ئاۋازىنىڭ تىترىكىنى بېسىشقا تىرىشىپ، — مۇنۇ پۇل ساڭا بېرىلگەن ئۆتنە، ھارۋىنى ئالغاندا قايتۇرىسەن!

ھاجىم ئاكام ماڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. بىز ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزدا، ئۆي ئالدىدا پارقىراق سىرلىرى ۋالىلداپ كۆزنى چاقنىغان ئېسىل ماشىنىلاردىن بىرنەچچىسى توختىتىپ قويۇلغانىدى.

— قارىغاندا ئوبدان ۋاقتىتا كىرىدىغان ئوخشايسەن، — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي كۈلۈمسىرىگىنىچە، — ئۆيدە چوقۇم كاتتا مېھمان بار. مۇشۇنداق چاغدا كىرسەڭ ئىشىڭ تازا ئوڭ كېلىدۇ.

مەن شۇ ئۆيگە يېقىن ئەتراپتىكى بىر بوتكىغا كىرىپ، ئەرزان باھالىق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا سېتىۋالدىم. پەشتاختىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى بىر چىشلەپلا ئېچىۋەتتىم. دۇكاندار رومكا ئېلىپ بېرىشكە تەمشىلىۋىدى. لازىم ئەمەس، دەپلا بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى لەۋلىرىم ئارىسىغا قىستۇردۇم. ئاچچىق ھاراق كانايلىرىمنى ئېچىشتۇرۇپ، ئاشقازىنىمغا مۇزدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. بوتۇلكىدىن بۇلدۇق - بۇلدۇق ئاۋاز چىقىپ، بوتۇلكا ئىچىدە كۆپۈكسىمان شارچىلار ھاسىل بولدى. دېمىمنى ئالالماي بوتۇلكىنى ئاغزىمدىن تارتتىم. قارىسام ئوبدانلا يېرىم جىڭ ھاراق بىر تەرەپ بوپتۇ. دۇكاندارنىڭ ھەيران بولغان كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. ئۇمۇ مېنى، قالتىس ئىكەنسەن، دېگەندەك باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى.

مەن «بۇ ھاراقنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇڭ، باشقا بىر چاغدا كېلىپ ئىچىمەن» دەپ قولۇمدىكى بوتۇلكىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. ئۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بوتۇلكىنى قولۇمدىن ئالدى.

مەن شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ھويلىسىغا كىردىم. ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئۇشقاچنىڭ كامىرىدەك ئاچقىنىمچە بىرھازا تۇرۇپ قالدىم. ئەيمەنگىنىمدىن پۇتلىرىم كالۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. باشلىقنىڭ بۇ ئۆيى ھەقىقەتەن كاتتا ئىكەن. ئۇنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ھەشەمەتلىك، بۇنداق ياسىداق ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۆي ئىچىدىن يېقىملىق ناخشا - مۇزىكا، شادىيانە كۈلكە - چاقچاق ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن ھاراق كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قانلىرىم قىزىپ، بارغانسېرى روھلىنىپ كېتىۋاتقانىدەك بىر سېزىم ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى. ئاخىر گۇس - گۇس دەسسىگىنىمچە، ئاشۇ كۈلكە سادالىرى كېلىۋاتقان ئۆيگە قەدەم باستىم. ئەمما، ئۆزۈمچە «گۇس - گۇس دەسسەپ ماڭدىم» دېگىنىم بىلەن ئۆزۈمگە بويسۇنمايۋاتقان بەدىنىم خۇددى بوران سوققان سېرىق سۆگەتتەك ھەريان ئىغاڭلايتتى. ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك دەلدەڭشىپ قالغانىدىم.

— ئە...... ئەسسالامۇ...... ئە........ ئەلەيكۇم،— دېدىم ئۆيگە كىرىپلا ئوڭ قولۇمنى مەيدەمگە قويۇپ، مېھمانلار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. كۈلكە - چاقچاق سادالىرى قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا كەتتى. ھەممەيلەننىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇنداق كاتتا مېھمانلار تۇرسا، مۇنداق كاتتا سورۇنغا قىلچە ھېيىقماي، ئەيمەنمەي، ئۇسۇپلا كىرگەن مەندەك قەلەندەر سىياق ئادەمنى كۆرسە ھەيران قالماي قالاتتىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى مېھمان، بۇ ياققا ئۆتۈڭ،— ئايپاق كۆڭلىكىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئۇتقاشتەك چىرايلىق گىلاستۇك تاقىۋالغان، يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئىدارە باشلىقى ئالدىمغا ئىتتىك كېلىپ، قولۇمنى تۇتقىنىچە مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— مه...... مەن ئولتۇرماي، ئۆزلىرىنى مالال قىلسام بولمايدۇ.

— ئا...... ئاۋۋال بىر ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ مېنى تۆرگە چىقىۋالامدىكىن دېگەندەك، قولۇمنى قويۇپ بەرمەستىن، ئىشىك تۇۋىگە يېقىن قويۇلغان بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — ئۆيگە كىرگەن ئىكەنسىز، ئاۋۋال بىر پىيالە چاي ئىچىڭ.

— مه...... مەن چاي ئىچمەيمەن. ئۆزلىرىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەھمەت، قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار...... ئىچىم دەرد بىلەن توشۇپ كەتتى، ماڭا بىر پىيالە ھاراق بەرگەن بولسىلا......

مەن سۆزلىگەچ مېھمانلارغا بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتىم. ئۆيدىكى مېھمان ئالتە - يەتتىدىن ئاشمايتتى. ئۇلار شۇنداق كاتتا، بىر - بىرىدىن سالاپەتلىك كىشىلەر ئىدى. تۇرقىدىن قارىغاندا، ھەممىسى باشلىقتەك قىلاتتى. ئارىسىدا تۇزدەك ياسانغان، لەۋلىرىدە تاتلىق تەبەسسۇم، چېھرىدە نازلىق كۈلكە، ۋۇجۇدىدىن نازاكەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چوكانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھېلىھەم ماڭا چەكچىيىپ قاراشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، چىراي ئىپادىسىدىن، جىلمىيىپ قاراشلىرىدىن تېخىچە ھەيران بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئىدارە باشلىقى تەڭلىگەن رومكىنى قولۇمغا ئالدىم. قوللىرىم توختىماي تىترەيتتى. ھاراق ئىچكەن ھامان قولۇم مۇشۇنداق تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— سى...... سىلىگە رەھمەت، — مەن رومكىنى ئاغزىمغا ئاپارغاچ، ئىدارە باشلىقىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى قانداقتۇر بىر ئىشتىن تەشۋىشلىنىۋاتقاندەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى. بىر ئوبدان سورۇننى پاتپاراق قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇرسام، تەشۋىشلەنمەي، نارازى بولماي تۇراتتىمۇ؟..... مەن پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملىدىم. ئىدارە باشلىقىنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ ھەرقانداق تەلىپىمنى دەرھال ئورۇنلايدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى. ئۇمۇ مېنى تېزرەك كۆزدىن

يىراق قىلىشنىڭ كويىدا بولسا كېرەك، مەندىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقىشنى كۈتكەندەك، ئاغزىمغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.
— جى...... جېنىم جۇيجاڭ، ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدىم ئاخىر مەقسەتنى ئېنىق ئۇتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ، — ماڭا رەھىم قىلسىلا......
— ھېچنېمىنى چۈشەنمەيلا قالدىمغۇ، قانداق گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، — دېدى ئۇ تىت - تىت بولغىنىچە، — ھە، قېنى دېمەمسىز......
مەن ھاجىم ئاكام ئۆگەتكەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرنىمۇ قويماي دېدىم، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ دېدىم. گەپلىرىمدىن ئۆزۈممۇ تەسىرلىنىپ كەتتىم. ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترىدى. كۆزلىرىمگە لۆممىدە ياش كەلدى. ئاخىر ئۆزۈمنى تۇۋۇۋالالماي ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتىم. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر خىل سىياقتا قاراشماقتا ئىدى. ئىدارە باشلىقىنىڭمۇ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتاتتى. «ئۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ، مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇ ھاياجاندا يۈرىكىم شادلىق ئىچىدە سوقماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلۇك قولۇمنىڭ ئۇتتۇرا بارمىقى توختاۋسىز مىدىرلاپ، لىكىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا «ئەنسىرىمە، ئىشلىرىڭغا مەن تەييار، تەلىپىڭ ئورۇنلانمىسا بۇ ھەشەمەتلىك سورۇننى بۇلغاپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇشقا مەن ھەرقاچان تەييار» دەۋاتاتتى.
ماڭا مەجبۇرىي قۇسۇپ قىينىلىشمۇ كەتمىدى. ئىدارە باشلىقى تەلىپىمگە قوشۇلدى.
— سىز ھازىرلا ئىدارىگە بېرىڭ، — دېدى ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن كەسكىنلىك بىلەن، — مەن ئىدارىگە تېلېفون قىلىمەن، ھارۋىڭىزنى بەرسۇن. ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، شەھەر مەركىزىي يولىغا كىرىشىڭىزگە رۇخسەت يوق.
— ياق، تېلېفون بەرمىسىلە، — دېدىمەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. ھەممەيلەننىڭ چىرايىنى يەنە ھەيرانلىق ئىگىلىدى. «بۇ ئادەم ئالجىپ

قالغانمۇ نېمە» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

ــ ساراڭمۇ سىز؟ــ دېدى ئىدارە باشلىقى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ،ــ ياق دەيسىزغۇ، ئەمىسە قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ سىزگە زادى؟

ــ ساراڭ ئەمەس، مەن ساراڭ ئەمەس. ماڭا ئۆز قوللىرى بىلەن كىچىككىنە بىر خەت يېزىپ بەرسىلە، مۇنداق يېزىقچە ـ تەستىق......

ھەممەيلەن ماڭا قىزىقسىنغاندەك قارىشىپ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئىدارە باشلىقى قولىغا دەررۇ قەلەم، قەغەز ئالدى ـ دە، قەغەزگە بىر جۈملىلا خەت يازدى، ئاندىن ئىمزاسىنى قويۇپ ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۇ بەرگەن ئىتتىنىڭ تىلىچىلىك قەغەزگە يېزىلغان بۇ سۆيۈملۈك خەتنى قويۇن يانچۇقۇمغا ئاۋايلاپ سالدىم. كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ، بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك شادلىنىپ كەتتىم. مەن ئىدارە باشلىقىغا رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ، كەينىمچىلەپ ماڭغىنىمچە بۇ ئۆيدىن ئايرىلدىم. ئىدارە باشلىقىمۇ مەندىن شۇنچە تېز قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغاندەك ئارقامدىن قاراپلا قالدى.

شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىكىلەر باشلىقنىڭ مۇبارەك ئىمزاسىنى كۆرۈپ غىڭ قىلالمىدى. مەن ھارۋامنى ئېلىپ چىقتىم. ئۇلارغا ئىدارە باشلىقنىڭ خېتىنى كۆرسىتىپلا قويدۇم، ئەمما خەتنى بەرگىلى ئۇنىمىدىم. چۈنكى، بۇ خەت توغرىسىدا مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان بار ئىدى. بۇ خەتنى يەنە لازىم بولمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى.

ئەقلىمگە بارىكاللا! ئاشۇ خەت راستىنلا ماڭا بىرنەچچە قېتىم ئەسقاتتى. شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ھارۋامنى تۇتۇۋالغان ھامان، خەتنى چىقىراتتىم. خەت شۇ ھامان ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتەتتى. ئەمما، خەتنى ھېچكىمگە بەرمەيتتىم. خەتتە «بۇ ئادەمنىڭ ھارۋىسىنى بېرىڭلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىدارە باشلىقنىڭ مۇبارەك ئىسمىلا بار ئىدى. يىل، ئاي، كۈنىمۇ يېزىلمىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، مېنى قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى تۇتۇۋال ـ مايدىغان بولدى. ئۇلار مېنى كۆرگەندە يېنىك باش لىڭشىتىپ، ئىللىق

كۆلۈمسىرەپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. شەھەرنىڭ ھەربىر كوچىسىدا خالىغانچە يۈرەلەيدىغان بولغانىدىم. كوچىغا مېنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھارۋىسى كىرەلمەيتتى. شۇڭا، تاپاۋىتىم ئېشىپ، كىرىمىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپىيىپ قالغانىدى. ھەر كۈنى ھاجىم ئاكامغا 50 كوي بېرەتتىم. ئۇنىڭ ھاياجاندىن گۆللەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتەتتى. يۈز تېرىلىرى باشقىچە پارقىراپ، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ كېتەتتى......

تاۋۇتۇمنىڭ ئەنسىز پۇلاڭلىشىدىن يەنە خىيالىم ئۈزۈلۈپ قالدى. قارىسام يەنە كۆتۈرىدىغانلار ئالمىشىۋاتقانىكەن. بۇ چاغدا تۇمان سۈزۈلۈپ، كۈنمۇ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى. مېنىڭ تاۋۇتۇمنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ھېچ ئالدىرايدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇلار ئالدىرىمىسا مەن نېمىشقا ئالدىرايتتىم؟ شۇڭا، مەن خىيالىمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم.

بىر كۈنى مەركىزىي كوچىدا كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز بىرىنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام بىر بوتكا دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىن بىرى بېشىنى چىقىرىپ، ماڭا ھە دەپ قول پۇلاڭلىتى-ۋاتاتتى. مەن ھارۋامنى چوڭ يول بويىدىلا توختاتتىم. پىيادىلەر يولىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ تاۋۇتۇم يېنىدا كېتىۋاتقان ھېلىقى ئۈلپىتىم ئىكەن. ئۇ ھېلىقى دۇكاندا يالغۇز مۈگلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئالدىدا ئەرزان باھالىق ھاراق. ئۇ ماڭا چاپلىشىۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇنداق يالغۇز قىلىشىغا چىدىمىدىم. يېنىدا ئولتۇرۇپ بىردەمدىلا بىرنەچچە رومكا قېقىۋەتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئېسىل تاماكىدىن بىر قاپ ئېلىپ بېرىپ، كەچتە بىرگە ھەمراھ بولۇپ ئىچىشىپ بېرىشنى دېدىم - دە، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ دۇكاندىن يېنىپ چىقتىم. قارىسام ھارۋام يوق. ئەتراپتىكىلەردىن سۈرۈشتۈرسەم، قاتناش ساقچىلىرى ئېلىپ كېتىپتۇ. «چوڭ يول ئۈستىدە قاتناش ۋاستىلىرىنى توختىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ توختىتىپ قويغانغا تويە. بۇ قائىدە نېمىشقا ئېسىڭگە كەلمىدى دەلتى؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە كايىدىم.

ئېغىر خىياللارنى ھاپاش قىلىپ، پۇشۇلداپ ماڭغىنىمچە قاتناش ساقچى ئەترىتىگە كەلدىم. بۇ يەردىمۇ سۆزۈمنى ئىلىك ئالىدىغان ئادەم تاپالمىدىم. مەن ئادەمنىڭ خورلۇقىنى مۇشۇ يەردە ھېس قىلدىم. ئىدارە

ئالدىغا قاتناش ۋاستىلىرى تۇتۇپ قىلىنغان بىرمۇنچە كىشىلەر يىغىلىپ قىلىشقانىدى. ھەممىسى توپىغا مىلىنىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ توپا - چاڭ باسقان چىرايلىرىدا غەم بۇلۇتلىرى ئەگىيتتى. ئۇزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى تۇتۇۋالغانلارنىڭ يېنىغا تارتىنىش، ھېيىقىش نەزەرى بىلەن ئاستا بېرىشاتتى. جەرىمانە تۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قاتناش ساقچى ئەترىتىدىكىلەرنىڭ كىنولاردا چىقىدىغان قاتناش ساقچىلىرىنى، چوڭ شەھەرلەردىكى قاتناش ساقچىلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇلار شۇنداق ئىلمىي، شۇنداق رايىش ئىدى. قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ئىللىق چاس بېرىپ، ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلاتتى. نەق مەيداندىلا ئىشنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئاشۇ ئىلمىيلىكى، ئاشۇ مەدەنىيلىكى بىلەن بىزنىڭ بۇ كىچىك يۇرتىنىڭ قاتناش غوجايىنلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلى ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنە بىر قېتىم يالۋۇرۇپ باقماقچى بولدۇم. ئۇلار بەش يۈز كوي جەرىمانە تۆلەپ ئېلىپ كەتسەم بولىدىغانلىقىنى دېدى. مەن ئۇنچە كۆپ پۇلنى جەرىمانىگە بېرىپ ئېلىپ كېتىدىغانغا ساراڭمىدىم؟ ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ئازراق پۇلنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىم، ئۇلار تېخىمۇ سۇرلۇك بولۇۋېلىپ، شىنىدەك قېتىۋېلىشتى. ھېچقانداق ئامال قىلالمىدىم.

ۋاقىت مىنۇت، سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. مەنمۇ ھېلىقى توپا چىراي ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلدۇم. بىچارىلىك، چارىسىزلىق، خورلۇق ھەممەيلەننىڭ ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئېچىشتۇرماقتا ئىدى.

بىر چاغدا قورسىقىم ئېچىپ، ئاشقازىنىم خۇددى چاشقان يۈگۈرگەندەك غولدۇرلاپ ئېچىشقا باشلىدى. مەن دەررۇ بايىقى ئۆلپىتىمنى ئېسىمگە ئالدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى يالغۇز مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى. ھۆججەيرىلىرىمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى هاراققا تەلپۈنگەندەك لېپىلداپ كەتتى. شۇڭا، بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلاپ قالدىم.

مەن ھېلىقى ئۆلپىتىمنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەمراھلاردىن بىرقانچىسى يىغىلغانىدى. ئۇلار قاۋاقخانىنى بىر

ئالغان قويۇق تاماكا ئىسى ئارىسىدا، خۇددى تۇماندا لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مېنى كۆرگەن كۆزلىرى شادلىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى. مەن دۇكاندارغا بىر خالتا تەييار چۆپ بىلەن ئازراق قايناق سۇ بېرىشنى دېدىم.

تەييار چۆپنى مەززە قىلىپ يەپ بولغاندىن كېيىن، قانغۇچە هاراق ئىچتىم. خىياللىرىم گاراڭلاشقان كاللامنى بىر ئالغانىدى. دوستلىرىمنىڭ ئەلەڭ - سەلەڭ تۇرقى، تاققا - تۇققۇ گەپ - سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. بىر چاغدا شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. كاللام بىردىنلا سەگەكلىشىپ كەتتى. مەن يەنە لىققىدە توشقۇزۇلغان بىر رومكا هاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتىم. ۋۇجۇدۇمغا قانداقتۇر بىر كۈچ قوشۇلغاندەك بولدى. شۇ ئان ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دوستلىرىمغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم - دە، سورۇندىن چىقىپ كەتتىم. ئۇلار ماڭا قىيالماسلىق نەزىرىدە قاراپ قېلىشتى.

يولدا كېتىۋاتىمەن، خىياللىرىم بىر - بىرىدىن پاساھەتلىك ئىدى. قاتناش ساقچىلىرىنى قانداق هالغا كەلتۈرۈشنى ئويلىساملا، هاياجانلىنىپ كېتەتتىم. ئەمما، كەيپىلىكتە خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدىممۇ نېمە، قارىچۇقلىرىمنى بىر قەۋەت نېپىز پەردە توسۇۋالغاندەك، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايى شۇنداق غۇۋا كۆرۈنەتتى. يوللارمۇ ئېگىز - پەس، جاهان بىردىنلا گۈگۈگالىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەن ئاشۇ گۈگۈگالىق ئىچىدە ئالدى - كەينىمگە دەسسەپ يۈرۈپ، قاتناش ساقچى ئەترىتىگە ئاران يېتىپ كەلدىم.

مەن بىرەرىنى ئىزدىمەكچىمۇ بولدۇم. لېكىن، بۇ هالدا هېچكىم مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىپمۇ قويمايتتى. كىمگە گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئەترەت باشلىقىنى ئىزدەشنىمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆيى نەدە، ئىشخانىسى نەدە، بۇنىمۇ بىلگۈچىلىكىم قالمىغانىدى. شۇ تۇرقۇمدا بىرەرسىدىن سوراشنىمۇ، تاپالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى. شۇڭا، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدىم.

— مېنى ئۆلسۇن دېيىشەمسەن، ھەممە ئادەم پۇل تېپىش يولىغا ماڭغان بۇ جاھاندا مېنى كىچىككىنە مىدىرلاپ بولسىمۇ تىرىكچىلىك

قىلغىلى، جان باققىلى قويۇشمامسەن؟......

بىردەمدىلا ئەتراپىمغا بىرمۇنچە كىشىلەر توپلىشىۋالدى.

— مېنى ئۆلسۇن دېيىشكەن بولساڭ، مانا مەن مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈپ بېرەي،— مەن شۇنداق دەپلا ئۆزۈمنى داق يەرگە تاشلاپ يېتىۋالدىم. پۇت - قولۇمنى بىر سۇنۇپ، بىر يىغىپ، خۇددى جان تالىشىۋاتقان ئادەمدەك كۆچۈمنىڭ بارىچە تېپىچەكلىدىم. ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ قولۇمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى توختىماي لىكىلداپ كەتتى. كەلكۈندەك دەۋرەپ كەلگەن ھۆ بىلەن تەڭ ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىققان قۇسۇق سېمونت ياتقۇزۇلغان مەيدانغا پالاقشىپ چۇشۇشكە باشلىدى. بىخىسىپ چىققان قاڭسىق پۇراق ئەتراپنى بىر ئالدى. ئەتراپىمغا ئولىشىۋالغانلار ئاغزى - بۇرنىنى ئەتكىنىچە، خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك بەدەر تىكىۋېتىشتى. قاتناش ساقچى ئەترىتى بىردەمدىلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى.

غەزەپلەنگەن تۆت ساقچى يېنىمغا كەلدى. ئۇلار «ئۆلسەڭ ئۆل، ئەمما بۇ يەردە ئەمەس» دېگىنىچە، پۇت - قولۇمدىن دەس كۆتۈرگەن پېتى سىرتقا ئاچىقتى ۋە مېنى خېلى بىر يەرلەرگىچە ئاپىرىپ قويۇشتى. مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇۋالدىم. دەلدەڭشىگەن پېتى يەنە قاتناش ساقچى ئەترىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. قارىسام دەرۋازىنى تاقىۋاپتۇ. مەن دەرۋازىنى جالاقشىتىپ، يەنە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدىم. بۇ چاغدا نومۇس قىلىش، ئىزا تارتىش دېگەنلەر مەندىن پۈتۈنلەي يىراقلاپ كەتكەنىدى. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئورنىدا توختىشىپ، بويۇنداپ قارىشاتتى. خۇددى سېھرىگەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈۋاتقاندەك پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى.

بىر چاغدا يەنە بىرقانچە ساقچى دەرۋازىنى جالاقشىتىپ ئاچتى. مېنى تارتىپ، ئۇزۇن بىر كارىدورغا ئېلىپ كىردى. بۇ يەردە بەستلىك بىرى كۆزۈمگە كۆرۈندى. قارىغاندا ئۇ مۇشۇ ئەترەتنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى.

— ھەي ساراڭ، نېمە ۋارقىرايسەن؟— دېدى قوشۇمىسىنى

تۈرگىنچە.

— توكلۇق ھارۋامنى تۇتۇۋالمساڭلار بۇ يەرگە كېلىپ ۋارقىرايدىـ ـغانغا چولام يوق مېنىڭ،— دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەسلىككە تىرىشىپ.

— ھوشۇڭنى يىغىپ بۇ يەردىن دەرھال يوقال، بولمىسا خىزمەت تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزدى دەپ، سولاقخانىغا ئاچىقىپ قويىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم قاتتىق سىيلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ قورققىنىمنى قىلچە چاندۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ ئىتتىك جاۋاب بەردىم:

— مەنغۇ سارىڭ ئەمەستىم، ئۆزۈڭلار سارىڭ قىلىپ قويدۇڭلار...... مېنى سولاپ قويساڭلارمۇ قورقۇپ قالمايمەن. سولاقخانىدىكىلەرمۇ ئادەم يېمەيدىغاندۇ؟ مېنى يەنە قويۇپ بېرىدىغاندۇ؟ بىر كۈن قويۇپ بەرسە بىر كۈن بۇيەرگە كېلىپ، سارىڭ دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن......

ئۇلار بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، جىممىدە تۇرۇپ قېلىشتى. ئاتقان پولىرىمنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكىنىگە ئىشىنىپ ئۆز - ئۆزۈمدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا جەرىمانە تۆلەپ ئېلىپ كەت،— دېدى يەنە بايىقى ئادەم.

— مەندە پۇل يوق،— دېدىم تېخىمۇ گىدىيىۋېلىپ.

— ھەي، چۈشىنىڭ ئالدىدا ئەللىك كوي جەرىمانە تۆلەي، دەۋاتقاندەك قىلاتتىڭغۇ؟— دېدى يەنە بىر ساقچى ماڭا مىختەك قادىلىپ.

— شۇنداق دېگەن.

— ئەمىسە دېگىنىڭنى تۆلىمەمسەن؟

— ئۇ پۇلغا ھاراق ئىچىپ بولدۇم.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— بوپتۇ، ھارۋاڭنى ئېلىپ كەت،— دېدى باشلىق بىردەمدىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ،— ئەمما، ھازىر ئېلىپ چىقىپ كېتىشىڭگە، ئاۋۇ كىشىلەر ئالدىدىن ئېلىپ مېڭىشىڭغا بولمايدۇ. بۇ ھالىتىڭ بىلەن ئۇنى

هەيدەشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدىم مەنمۇ دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، — ھارۋامنى ھازىر بېرىسىلەر، مەن ئۇنى ئامبىرىڭلارنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇپ، ئۇستىدە ئۇخلايمەن، كەيپچىلىكتىن يېشىلگەندە، ئاندىن ئېلىپ كېتىمەن، — ئۇلار مېنىڭ بۇ تەلپىمگە قوشۇلدى.

تاۋۇتۇم يەنە بىر قېتىم ئىغاڭلاپ كەتتى. قارىسام ئۇنى كۆتىرىدىغانلار يەنە ئالمىشىپتۇ. بۇ قېتىم تاۋۇت ياغىچىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ھېلىقى ئۇلپىتىم كۆتۈرۈۋاپتۇ. تۈنۈگۈن ئىچكەن ھاراقنىڭ كەيپى بوشىتىۋەتكەن پۇتلىرى تاۋۇتۇمنىڭ ئېغىر سالمىقىدىن ھەريان ئېگىلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن يەنە يامغۇردەك ياش قۇيۇلۇپ، ئوچۇق قالغان مەيدىسىگە تورۇكلاپ چۈشمەكتە ئىدى. قويۇق تۇمان ئىچىدىكى كەگرى دالا ئۇنىڭ يىراقتا تىكىلگەن كۆزلىرىگە خۇددى گىرىمسەن چۈشتەك غۇۋا كۆرۈنمەكتە ئىدى.

تېخى ئۇلۇشكۈنكى ئىش ئىدى. كەچكە يېقىن ھېرىپ، ھالىمدىن كەتكەنىدىم. ئىشىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيگە كېلىپ كۆرپىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. كۆڭلۈم ھېچنېمە تارتمايتتى. ئىسلىشىپ كەتكەن تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ يېتىۋېرىپ، بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتتىم. كۆڭلۈمگە قانداقتۇر بىر خىل غەشلىك سايە تاشلايتتى. ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلۈمنىڭ نېمىگە بۇنچە غەش بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيتتىم. تۇرۇپلا «جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى» ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئويلىسام شۇ يەردىكى قەدىناسلىرىمنى سېغىنغانىكەنمەن. كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پىيادە مېڭىپ ئۇ يەرگە باردىم. تەلىيىمگە تاۋۇتۇمنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان دوستۇم ئۇ يەردە يالغۇز مۆگلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ قوپۇپ، مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئىڭەكلىرىمگە شالاپشىتىپ سۆيۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنى يېنىككىنە قۇچاقلاپ قويدۇم.

بىز يېرىم كېچىگىچە ئىچىشتۇق. قىلىشمىغان گەپلىرىمىز قالمىدى. بۈگۈن باشقا ئۇلپەتلىرىمىزنىڭ مىجەزى يوقمۇ ياكى باشقا قاۋاقلارغا

كېتىپ قالدىمۇ، بىلمىدىم، ئۆلاردىن بىرەرسىمۇ كەلمىگەنىدى.

بىر چاغدا دوستۇم مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مەيۇس، غېرىب تۇرقىغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلىۋەتتىم. ئەمما، نېمىشقا يىغلاۋاتقىنىمنى، نېمىشقا بۇنچە ھەسرەتلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ كېتىدىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. كۆز ياشلىرىم مارجاندەك تۆكۈلۈپ، كۆيۈشۈپ ئېچىشىۋاتقان مەڭزىمنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىيتتى.

— نى...... نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دېدىم بىر چاغدا ئالقىنىم بىلەن ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — نېمىشقا كۆڭلۈڭنى چاچىسەن؟

— ئۆ...... ئۆلۈمنى ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئېسەدىگىنىچە، — نېمىشقىكىن، رەھمەتلىك ئانام كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋالدى......

مەن ئۇنىڭ تىنىق كۆزلىرى ئىچىگە قارىدىم. يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەلەس كۆزلىرى ئىچىدە راستتىنلا ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرەتتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، جېنىم دوستۇم، — دەپ تەسەللى بەردىم ئۇنىڭ توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ.

— بۇ ھاياتتىن جاق تويدۇم، — دېدى ئۇ چىرايىمغا تىكىلىپ قارىغىنىچە بوينۇمدىن چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، — بۇ ھاياتتا بىز نېمە خوشلۇق كۆردۇق؟

— نېمىگە بۇنچە مەيۈسلىنىپ كەتتىڭ؟ بىز بىر ئوبدان ياشاۋاتىمىزغۇ مانا.

— قېنى ئېيتىپ باقە، مۇشۇنىمۇ كۈن دېگىلى بولامدۇ؟

— يىغلىما ئاداش، ئۆلسەكمۇ بىز بىللە ئۆلۈپ كېتەيلى.

— ما...... ماقۇل......

بىز يەنە قۇچاقلاشتۇق. قوللىرىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سالغانىدى. پېشانىلىرىمىز بىر - بىرىگە تېگىشىپ، يېرىك ساقاللىرىمىز سۈركىلىشىپ تۇراتتى. ئەمدى دوستۇم يىغىدىن پەسەيگەن، مەن بولسام ئۆزۈمنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتىم. ئەمدى

بەزلەش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەنىدى...... شۇنداق، بىز ئۆلسەكمۇ تەڭ ئۆلۈپ كېتىشكە ۋەدىلەشكەن تۇرۇقلۇق، مەن ۋەدىگە ۋاپا قىلماي، بۇرۇن ئۆلۈۋالغانىدىم.

بىز بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاشقىنىمىزچە قاۋاقخانىدىن چىقتۇق. ئۇ مېنى، «مەست بولۇپ قالدىڭ، ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ياق دېمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتىم. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ھەمىشە مېنى ئەكېلىپ قويىمەن دەپ، ئۆزى مەست بولۇپ قالاتتى. ئۆيۈمدە يېتىپ قال دېسەم، پەقەت ئۇنىمايتتى. ئاخىر مەن ئۇنى يۆلەپ، تارتىپ يۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتىم. «سورۇندىن تارقىغاندا ھەمىشە بۇنداق قىلىپ يۈرگىچە، بىراقلا سېنىڭ ئۆيۈڭگىلا كېتەيلى» دېسەممۇ ئۇنىمايتتى. مانا كېتىۋاتىمىز، چىراغلىرى ئۆچۈپ، ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن كوچىدا ئادەم زاتى قالمىغان. ھەممە ياق ئېغىر ئۇيقۇغا چۆككەن، پەقەت بىز ئىككىمىزلا زۇلمەت كېچە قوينىدىكى جىمجىت بوشلۇقتا لەلەڭشىپ كېتىۋاتىمىز. شېرىن ئۇيقۇدىكى تەبىئەتنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ كېتىۋاتىمىز. بىر قەدەم ئالدىغا ماڭساق، ئىككى قەدەم كەينىگە داجىيتتۇق. شۇ تاپتا يولىمىز ھېچ ئاۋۇمايۋاتاتتى. شۇ تۇرقىمىزدا كېچە يورىغىچىمۇ ئۆيگە بېرىپ بولۇشىمىزغا ھېچ كۆزۈم يەتمەيۋاتاتتى.

بىر چاغدا ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىغان ئاۋازىدىن بىر خىل شادلىق تۇيغۇسى يۈرىكىمگە شۇررىدە ئېقىپ كىرگەندەك بولدى. قوشنىمىزنىڭ قېرى ئىتىنىڭ بوغۇق ئاۋازى جىمجىت كېچە قوينىدىكى كەڭرى بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى. شۇندىلا ئۆيۈمگە كەلگەنلىكىمىزنى سېزىپ «ئۇھ» دېدىم. لېكىن، دوستۇم مەست بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنى شۇنچە زورلىساممۇ، ئۇ ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىدى. كۆتۈرۈپ ئەكىرىشنىڭ ئورنى يوقتە. يەنە بىر مۇشكۈل سەپەر ماڭا ئالدىنى قىلغانىدى. قەدىناس تۇرساق، ئەمىسە ئۆزۈڭ كەت، دەپ تاشلاپ قويغىلى بولاتتىمۇ؟

مەن ئۆيگىمۇ كىرمىدىم. چىشىمنى چىشلەپ، خۇددى بوينۇمدىن بىرى ئارقان سېلىپ سۆرەپ ماڭغاندەك تۇيغۇ بىلەن ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدىم. قانچىلىك ماڭغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا

قايسدۇر بىر تەرەپتىن سوزۇپ ئوقۇغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. تولىمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان بۇ ئاۋاز شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق يېقىملىق ئىدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما، بۇ چاغدا پۈت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىغانىدى. ئۆزۈمنىڭ نەدە تۇرۇپ، نەگە كېتىپ بارغىنىمنىمۇ سېزەلمەي قالغانىدىم......

ئويغانسام دوستۇمنىڭ ئۆيىدە يېتىپتىمەن. خاراموشلۇققا پاتقان كۆزلىرىم ئىمىر - چىمىر قىلىپ كەتتى. ھەيران بولغىنىمدىن تۇرۇپلا قالدىم. قىزىق ئىش، ئاخشام ئۇنى ئەكېلىپ قويىمەن دەپ، ئۆزۈم مەست بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا، مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ قالغان ئەمەسمۇ؟

ئۇ تېخى ئويغانمىغانىدى. دېرىزىنىڭ پۈچۈق ئەينىكىدىن كۈن نۇرى يانتۇ چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدە كۆڭۈلنى ئاينىتقۇدەك بىر خىل قاڭسىق پۇراق لەيلەپ يۈرەتتى. مەن ئۈچۈن تولىمۇ يىرگىنىشلىك تۇيۇلىدىغان خورەك ئاۋازىدىن بىزار بولماقتا ئىدىم. ئىچىم مىژىلداپ، ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل روھىي تىت - تىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاخىر ئۇنى ئويغاتماقچى بولۇپ، بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇنىڭغا بويۇنداپ قاراپ، كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن سەسكىنىپ كەتتىم. تېنىم جۇغۇلدىغاندەك بولۇپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ ياستۇق بېشىغا قۇسۇپ يېتىپتۇ. كالچىيىپ قالغان ئاغزى قۇسۇققا چىلىشىپ قالغانىدى. ئىچ - ئىچىمدىن ئاچچىق ھۆ كېلىپ، مەنمۇ قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدىم، خۇددى مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ قۇسۇپ باقمىغاندەك.

مەن ئۇنى ئاستا نوقۇپ ئويغاتتىم. سىرتقا چىقتۇق. كۈن ئېگىلگەن بولسىمۇ، ئاپتاپنىڭ تەپتى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. مۇئەللەقتە ئوت شارىدەك ئېسىلىپ تۇرغان كۈننىڭ نۇرى كۆزنى چاقاتتى.

نېمە ئىش قىلىشىمىزنى بىلەلمەي، بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. پۈت - قولۇمدا ماغدۇر يوق، بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. ئۈستىخانلىرىم خۇددى بازغان بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىرايتتى. ئۆرە تۇرغۇدەك مادارىم قالمىغانىدى. دوستۇمنىڭ ھالى مەندىنمۇ بەتەردەك قىلاتتى. گويا يىلتىزى قومۇرۇلۇپ كەتكەن كۆتەكتەك لىڭشىپ، ئاران - ئاران ئۆرە تۇراتتى. بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن

كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ قىسىق كۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

— نېمىگە ئۇنچە تىكىلىپ قاراۋاتىسەنوي، — دېدىم ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — قاتۇرۇپ قويۇلغان بۇتتەك تۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟

ئۇ گويا سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك، خۇددى تىزگىنەك بىلەن قاتۇرۇپ قويغاندەك بىر خىل سىياقتا گۆلىيىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئەقلىدىن گۇمان قىلىپ، ئېڭىكىنى ئاستا چىمداپ قويدۇم.

— بىردەم ئارامىمدا قويساڭچۇ، بۇرنۇمغا ئۆلۈم ھىدى پۇراپلا تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغان ھالدا ئاشۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە، — ئەجەب بىر قىسما بولۇپ قالدىما.

— ئالجىپ قالمىغانسەن، نەدىكى يوقلاڭ گەپلەرنى قىلمىغىنا، — دېدىم ھەيران بولغىنىمچە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ، — كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان گەپ سۆزلىرىڭ يوقمۇ مۇنداق؟

— ئەمىسە، ئازراقتىن بىرنەرسە يەيلى، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھانغا...... ئاۋۋال ئازراق ئىچىپ كىرىنى ئېلىۋالمىساق، بۇ گالدىن بىر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ھازىر......

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر ئېغىر ۋەھىمە چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى. بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدا، بىر خىل قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ كۆلەڭگىسى ئەكس ئېتەتتى.

ئۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغانىدى. ئىچمەي دەپ نىيەت قىلىپ تۇرساممۇ، كۆڭلۈم يەنىلا شۇنى تارتىپ تۇراتتى.

بىز بازاردىن ئازراق ئاچچىق ـ چۈچۈك لەڭپۇڭ بىلەن ئىككى دانە گىردىنى ئېلىپ، يەنە ھېلىقى «مەركەز» گە كىردۇق. ئۆيۈمگە بېرىپ ھارۋامنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدىم. پىلانىمدا ئىككى ـ ئۈچ رومكىلا قېقىۋېلىپ، يەنە كىراكەشلىكىمنى قىلىشنى ئويلىغانىدىم. بولمىسا بىر كۈن بىكارغا ئۆتۈپ، ھاجىم ئاكامنىڭ ئەللىك كويىنى گەدەنلەيتتىم.

بىز ئىككى رومكىدىن قېقىۋالدۇق. ئىشتىھايىمىز ئېچىلىپ، كۆڭلىمىز ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسە تارتقاندەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

گىردىنى لەگىيۇگىغا توگگۇرۇپ، مەززە قىلىپ يېدۇق. كۆڭلىمىز ئىچىلىپلا قالدى. شۇ خۇشاللىقتا يەنە ئىچىپ كېتىپتىمىز. ۋاقتىمۇ ئۆز قەرەلىدە ۋاقىت بوشلۇقىدىن ئاستا ـ ئاستا سىلجىماقتا ئىدى.

بىر چاغدا دوستۇم ئۇزاتقان بىر رومكا ھاراقنى قولۇمغا ئېلىپ چۆچۈپ كەتتىم. قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتلىكى تاسلا قالدىم. رومكىدا لىققىدە قان تۇراتتى. لىغىرلاپ تۇرغان قىپقىزىل قاننى كۆرۈپ، تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى.

ــ بۇ...... بۇ نېمە؟ــ دەۋەتتىم دىرىلدەپ تىترىگىنىمچە، ــ رومكىدا لىققىدە قان تۇرىدىغۇ؟

ــ نەدىكى گەپنى قىلىسەن؟ــ دېدى دوستۇم ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، چەكچىيىپ قارىغىنىچە، ــ نەدىكى قانكەن ئۇ، ئالجىپ قالمىغانسەن، رومكىدىكى سۈپسۈزۈك مەيغۇ مانا.

ــ ياق، ئوبدانىراق قاراپ باقە......

ــ ئەكىلە ئەمىسە، ــ ئۇ شۇنداق دەپ رومكىنى قولىغا ئېلىپ گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. تېنىم تىكەنلىشىپ، يۈرىكىم ئەنسىز جالاقلاپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر رومكا قۇيۇپ ماڭا تەڭلىدى. يەنە بايىقى ھال!

ــ ھاراق ئىچىش تەس كەلگەن ئوخشىمامدۇ، ساڭا؟ــ ئۇ ئاچـ ـچىقلىغىنىچە بۇ رومكىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى.

بوتۇلكىغا قارىسام سۈپسۈزۈك ھاراق تۇرىدۇ. «بۇ نېمە ئىش، راستتىنلا ئالجىپ قالدىممۇ ـ نېمە؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم. نېمىشقىكىن يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىغانىدى. بېشىمنى ئىككى ئالقىنىم بىلەن قامالاپ تۇتۇپ قاتتىق سىلكىدىم. روھىي ھالىتىم نورمال، كاللام سەگەك ئىدى.

ئۈچىنچى رومكىمۇ شۇنداق بولدى. مەن قورۇق رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم. رومكا تېگىدە يەنە قىپقىزىل قان داغلىرى......

دوستۇم ماڭا مەسخىرە ئارىلاش قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن مېنى ئەيىبلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاخىر بوتۇلكىنى قولۇمغا ئالدىم. بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزۈمنى يۇمدۇم ـ دە، بوتۇلكىنى دوگغايتقىنىمچە، ئىچىدە قالغان ھاراقنىڭ

ھەممىسىنى بىراقلا سۇمۇرۇۋەتتىم. دوستۇمنىڭ كۆزى جامدەك ئېچىلىپلا قالدى. بىردەمدىن كېيىن روھسىم كۆتۈرۈلۈپ، پەيدەك يەڭگىللەپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بايىقى ئوڭايسىز كەيپىيات نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى......

پۇل تاپمسام بولمايتتى. دوستۇم بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ يەنىلا شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. يولغا چىقىشىمغىلا ياشانغان بىر جۈپ ئەر - ئايال ئۇچرىدى. ئۇلار قول ئىشارىسى قىلغانىدى، ھارۋىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختاتتىم.

— نەگە بارىلىكىن؟— دەپ سورىدىم ئۇلاردىن.

— جەننەتنىڭ ئالدىغا، — دېدى ئايال.

«بۇ قەيەر بولغىيتتى ئەمدى؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇپلا قالدىم.

— جەننەتنىڭ ئالدىغا؟— دەپ ياندۇرۇپ سورىدىم ئۇلاردىن. شۇ تاپتا ئۇلار دېگەن يەرنىڭ زادى نەدىلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالغانىدىم. «توۋا، مەن شۇنچە ۋاقىت كىراكەشلىك قىلىپ، ئەجەب ئاڭلىمىغان يەركىنا ئۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

— جەننەتنىڭ ئالدىغا ئەمەس، سەنئەتنىڭ ئالدىغا...... سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئالدىغا بارىمىز دېگەن گەپ، — دېدى ئەر چالۋاقاپ.

— بولدى، يۈرىگە، پىيادە مېڭىپ كېتەيلى، — ئايال شۇنداق دېگىنىچە ھارۋىدىن لىككىدە چۈشۈۋالدى، — كۆزى ئەجەب قورقۇنچـ ـلۇقكىنا بۇ ئادەمنىڭ، بىر خىل شۇملۇق يېغىپلا تۇرغان...... پەلپەتىش گەپلىرىچۇ تېخى ئادەمنى قورقۇتۇپ......

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەرمۇ ئايالغا ئەگىشىپ، — بىر ساراڭغا يولۇقۇپتىمىزمۇ نېمە؟

ئۇلار شۇنداق دەپ غۇدۇرىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى. «كۆزۈم راستتىنلا قورقۇنچلۇقمۇ نېمە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ھارۋامنىڭ ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىگە قارىدىم. كۆزلىرىم بۇرۇنقىدەكلا خۇشخۇي كۈلۈپ تۇراتتى. قارىچۇقلىرىم خۇددى بىرەر ئىشقا ئىنتىلىۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر نېمىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك نۇرلىنىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى. «ھۇ، ئالجىغان قېرىلار، كۆزۈمگە

هەسەت قىلىشىپتۇ - دە...... ئۆزى ساراڭ تۇرۇپ، مېنى ساراڭ دەۋاتقىنىنى تېخى، ئۆزى ساراڭ بولمىسا ئالىجوقا سۆزلەمتى؟» دەپ ئۇلارنى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم.

مەن يەنە كېتىۋاتىمەن. خۇددى بىرەر جىددىي ئىشقا ئالدىرىغان-دەك كېتىۋاتىمەن. كۆزلىرىم خىرە، كۆز ئالدىمدىكى گىرىمسەن دۇنيا خىرە يورۇقلۇق ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇرماقتا...... ھەممە كىشى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە قاراشقا چولى يوق. ھەممىسى سۆرۈن تەلەتلەر......

بىر چاغدا مەن دىمەتلىك ئىككى يىگىت قول پۇلاڭلاتتى. ئالدىغا ئىتتىك كېلىپ توختىدىم. ئۇلار گەپ قىلماي ھارۋامغا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، كۇلۇشەتتى. نەگە بېرىشىنى سورىمىدىم. نەگە بېرىشىنى سورايمەن دەپ قاملاشمىغان گەپ قىلىپ سېلىپ، بۇ خېرىدارلاردىنمۇ قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرىدىم. «ئۆزى دېمىسە نەگە بېرىشى بىلەن نېمە چاتىقىم، قېنى مېڭىپ باقايچۇ» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئۇدۇلۇمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. ئۇلارنىڭ باردىغان يېرىمۇ ئاشۇ تەرەپتە بولسا كېرەك، بۇ ھەقتە لام - جىم دېمىدى.

ئۇدۇلۇمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. شۇنداق ئالدىرايتتىم. نەگە بېرىشقا بۇنداق ئالدىرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ھارۋا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. قۇلىقىمغا بورانىنىڭ گۇركىرىشىدەك، دېڭىز شاۋقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدەك ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئالدىمدىكى تۈت يول كېسىشمىسىگە كەلگىلى ئاز قالغانىدى. سۈرئىتىم تېخىمۇ تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئۇلاردىن بىرى غۇدۇردىدى:

— ھەي، ئاستىراق ھەيدىسىڭىزچۇ، كەينىڭىزدىن بىرى قوغلى-مىغاندىكىن.

— ئەنسىرىمەڭلا، چاتاق يوق،— دېدىم كەسكىن ئىشەنچ بىلەن كەينىمگە بۇيۇنداپ قارىغىنىمچە.

— چاتاق بار يەردە بىزمۇ يوق،— دېدى يەنە بىرى ھەزىلكەش-لىك قىلماقچى بولغاندەك شوخلۇق بىلەن،— چاتاق چىقىپ بولغاندا

سىزنىڭ گېلىڭىزنى سىقىۋەتكىلى بولماس ھەقچان......
— ۋاي، ئالدىڭىزغا قاراڭ!

مەن چۆچۈگىنىمچە ئالدىمغا قارىدىم. خىرەلەشكەن كۆزلىرىمىز - چىمىر قىلىپ كەتتى. كۆزۈمگە يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان بىر پويىز كۆرۈندى. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ پويىز ئەمەس، نېفىت بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— ۋايجان!......

— سەكرە!......

ئۇلار ئەسەبىيلەرچە توۋلىدى. ئارقىدىن جان - جەھلى بىلەن قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. «ھارۋىنى مەن ھەيدىگەن، ماشىنىغا ئۇسۇشكە توغرا كەلسە ئاۋۋال مەن ئۇسىدىغان تۇرسام، ئۇلار نېمىشقا بۇنداق ۋارقىراپ كېتىدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئارقىدىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ مەنمۇ قورقۇنچلۇق ۋارقىرىۋەتتىم. يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز دۈپۈلدىشى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. «جاڭ» قىلغان ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ بېشىم پىررىدە قىلدى - دە، كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدىم. بىپايان سامادىكى چەكسىز بوشلۇق مېنى قوينىغا ئالدى. مەن ھېچقانداق توسقۇنسىز كېتىۋاتاتتىم. يىراقتا ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى كۆككە تاقىشىپ تۇراتتى. كۆكتىن ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان ئاق چېچەكتەك قار ئۇچقۇنلىرى تاغ چوققىلىرىدا لەيلەپ يۈرەتتى. مەن پەرۋاز قىلغان پېتى ئاشۇ گۈزەل تاغ چوققىلىرىغا يېقىنلاپ بارماقتا ئىدىم. كۆڭلۈمدە بۇ گۈزەل بوشلۇقتىن مەڭگۈ چۈشۈپ كەتمەسلىكنى تىلەيتتىم.

بىر چاغدا قۇلىقىمغا غۇۋا بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى.

— ئاۋۋال ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلايلى.

«بۇ كىمنىڭ ئاۋازىدۇ، كىم ئۆلگەن بولغىيتتى؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، ئۆلگۈچىنى تونۇمساممۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتتىم.

— سىلەرنىڭ بىر يېرىڭلار زەخىملەندىمۇ؟

مەن بۇ ئاۋازنى تونۇۋالدىم. بۇ ئاۋاز قاتناش ساقچىلىرىنىڭ ئاۋازى

ئىدى. مەن خامۇشلۇق ئىچىدە ئاستا ئۇلارغا قارىدىم. ئەمما، مېنىڭ قارىغىنىمنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ھېلىقى ئىككى نەپەر ياش يىگىت تىترەپ تۇرۇپ، جاۋۇلدىشىپ جاۋاب بەردى:

— بىز ساق، بىز سەكرىۋالدۇق......

— بىز ساق، بىز سەكرىۋالمىغان بولساق......

يەنە ئالدىكىلەر غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار راست گەپ قىلىۋاتاتتى.

— ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپتىكەن - دە، رەھمەتلىك......

— شۇڭا، قىزىل چىراغدا توختاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان گەپ.

— ھەي، ئۆزىگە ئۆزى قىپتۇ.

— .......

ساقچىلار ھاياتىمدىن ئۈمىد بار - يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغان چېغى، مېنى ئۇياق - بۇياققا مىدىرلىتىپ باقتى. سۇنۇپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن پۇت - قولۇم ھەريان لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇستىخانلىرىم خۇددى كىچىك بالىلار رەگەتكە ئېتىپ سۇندۇرۇۋەتكەن دېرىزە ئەينەكلىرىدەك تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەنىدى. ئويلىسام ئۆلگىنى ئەسلى مەن ئىكەنمەن.

ساقچىلار سۈكۈت ئىچىدە باش چايقاشتى. ئۇلار ئاخىر مېنىڭ ئۆلگەنلىكىمگە ئىشەنگەنىدى. ئۇلار مېنىڭ سالاھىيىتىمنى تېزلا ئېنىقلىدى. قويۇن يانچۇقۇمدىن قانغا بويالغان كىنىشكىنى تاپتى. «ھاشىم ھاجىمنىڭ نامىدىكى ھارۋا ئىكەن» دېيىشتى ئۇلار. ئەتراپقا يىغىلغانلاردىن مېنى تونۇيدىغان بىرنەچچەيلەنمۇ مېنىڭ ھاشىم ھاجىمنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشتى......

قاپقارا يوپيوق يېپىلغان تاۋۇتۇم ھاۋادا قارا بۇلۇتتەك لەيلەپ كېتىۋاتاتتى. ماڭا ئەمدى قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەن، چەكسىز ساماغا قارىغىنىمچە جىمجىت ياتاتتىم. ئاخىرقى سەپىرىمنىڭ بۇنداق ئۆزىراپ كېتىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇۋاتاتتىم. بىر چاغدا چىغىر يوللارنى بويلاپ دۆڭگە كۆتۈرۈلگەندەك قىلدۇق. تاۋۇتۇم خۇددى تىك يار لېۋىگە قونۇشقا تەمشىلىۋاتقان تىك ئۇچار ئايروپىلاندەك ھەريان لەپەڭشىيتتى. ئۆزۈمنى

خۇددى ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندەك سېزىشكە باشلىدىم. «ناۋادا بىر قېتىم بولسىمۇ ھەقىقىي ئايروپىلاندا ئولتۇرغان بولسام، ئۆزۈمنى نەقەدەر بەختلىك سەزگەن بولار ئىدىم- ھە؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

بىر چاغدا دۆڭگە چىقتۇق. ئاشۇ كەڭرى كەتكەن دۆڭلۈك ئۈستىدە خۇددى زېمىننىڭ ئەمچىكىدەك چوقچىيىپ تۇرغان زومچەك - زومچەك قەبرىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. جاھاندىكى جىمى سۆكۆنات مۇشۇ قەبرىستانلىققىلا يىغىلغاندى. شۇ ئارىدىن چوڭقۇر تۇپراق ئاستىدىكى كەڭرى تۆزلەڭلىكتە قاتار تىزىلىپ ياتقان سان - ساناقسىز جەسەتلەر كۆزۈمگە كۆرۈندى. ئۆلارنىڭ كېپەنلىرى چىرىپ كەتكەن، بۇ يەردە يېتىۋاتقىنىغا ئۇزاق زامانلار بولغاندەك قىلاتتى. ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئاتا - ئانامۇ بار ئىدى. مەن ئۆلارنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. ئۆلارمۇ مېنى تونۇۋالدى. ھەر ئىككىسى تەڭلا بېلىنىڭ ئۈستىنى ئۆرە قىلىپ ئولتۇردى. خۇددى مېنى ئۇبدان تونۇۋالسۇن دېگەندەك، چىرىپ تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن كېپەنلىكنى ئاستا سىيرىپ، بېلىگىچە ئەكېلىپ قويدى. مەن ئۆلارنىڭ ئۆڭكۆردەك قاپقارا كۆزلىرىدىن چەكسىز مېھرىبانلىقنى سېزىۋالدىم.

— كەل، جېنىم بالام، سېنى بەكمۇ سېغىندىم، — دېدى ئانام.

— مېنى نېمىشقا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، بۇ يەرگە بالدۇر كېلىۋالغان بولغىيتتىڭلار؟ — دېدىم كۆزۈمگە ياش ئېلىپ.

— بۇ يەرگە ئەسلىي بۇرۇنراق كېلىشىڭ كېرەك ئىدى، ئوغلۇم، — دېدى دادام ئارىنىڭ چىشىدەك ئۇزۇن بارماقلىرىدا گۆشسىز ئېڭەكلىرى-نىڭ ئۈستىخانلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان ئاپپاق ئۇزۇن ساقىلىنى تارىغاچ، — سەن پانىي ئالەمدە ئۆلۈكتىنمۇ بەتتەر كۆنگە قالدىڭ. ئادەمدەك ياشاشنى بىلمىگەندىكىن زېمىنغا يۈك بولۇپ نېمىمۇ قىلار ئىدىڭ، جېنىم بالام؟ بىز سەندىن بەكمۇ نومۇس قىلدۇق......

تۇساتتىن پارىڭىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۆزۈمنى پەسكە ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدىم. قارىسام مېنى تاۋۇتتىن ئېلىپ يەرلىككە ئەكىرىشىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن لەھەت ئىچىدە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، قارا بوران چىقىشقا باشلىدى. ھەممە ئۇپۇر -

توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمايلا قالدىم. زەن سېلىپ قارىسام، ئۇلار مېنى كۆمۈش ئۈچۈن يەرلىككە توپا تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ھاجىم ئاكامنىڭ «ھەر نېمە بولسا ھېلىقى ئىككى ئادەم ساق قاپتۇ، ئالمادىس ئۇلار بىرنېمە بولۇپ قالغان بولسا قانداق قىلار ئىدىم؟ ھارۋا مېنىڭ بولغاندىكىن، ئۇلارنى مەن بېقىشقا، ئىششەك تۆلەم تۆلەشكە توغرا كېلەر ئىدى، خۇداغا مىڭ شۈكۈر» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋاز شۇنداق ياڭراق، شۇنداق ئېنىق ئىدى. ئەمما، ئۇنى مەندىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. ئاڭلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھاجىم ئاكامنى چۈشەنمىگەن يۇرەكلەرنىڭ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى ئاڭلاشقا پەقەت مەنلا قادىر ئىدىم. مەن پۇت - قولۇمنى تۈپتۈز سۇنۇپ جىممىدە ياتاتتىم. پانىي دۇنيادىكى كىشىلەر قارامغۇلۇقنى ھەمىشە گۆرگە ئوخشىتاتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى قاراڭغۇلۇقنى ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. بۇ جاي ماڭا شۇنچە راھەت، شۇنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. ۋۇجۇدۇمغا بىر خىل ئارامبەخش تۇيغۇ يامرىدى. مەن بۇرۇن ئۆلۈپ باقمىغاچقا، ئۆلۈمنىڭ بۇنداق راھەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدىم. «بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق كەلمىگەندىمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمدىن رەنجىدىم. بۇ جاي شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ئىدىكى، مەن بۇنداق تۇيغۇنى، بۇنداق راھەتنى ئۆمرۈمدە ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم.

— ئوغلۇم، بۇ ياققا كەلمەمسەن؟

— بۇ ياققا كەل جېنىم بالام، سېنى ئوبدانراق بىر كۆرۈۋالاي.

دادام بىلەن ئانام مېنى يېنىغا چاقىرىشقا باشلىدى. مەن بارماقچى بولدۇم، لېكىن مىدىرلىيالمىدىم. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، — دېدىم - دە، جىممىدە ياتتىم. مالائىكە - پەرىشتىلەرنىڭ سوئال - سوراققا كىرىشىشىنىمۇ كۈتمەيلا، ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتىم.

مەن ئىزدىگەن ئارام بەخش، راھەت جاي مۇشۇمىدۇ؟ ئەمدى بۇ يەردىكى ھالىم نە بولغاي!؟

# دېھقان چاقچىقى

ھەر يىلى مارت ئېيىدا كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇق. يۇقىرىدىن ئەمگەك ۋەزىپىسى چۈشۈرگەندە، ۋەزىپىنى ئەمەلىي ئىشلەۋاتقانلارغا چۈشۈرمەستىن، ئىدارىنىڭ ئومۇمىي ئىشتاتىغا قاراپلا تەقسىم قىلاتتى. شۇڭا، ۋەزىپىمىز بىرقەدەر ئېغىر بولاتتى. بۇ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئەمگەك بولغاچقا، ھېچقايسىمىز غىڭ قىلالمايتتۇق.

بۇ يىلمۇ بىرگە يۇلغۇن كۆچىتى تىكىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئەمگەك ئورنىمىز بۇلتۇرقى يەردە، يەنى ناھىيە مەركىزىدىن ئوتتۇز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بوز يەر ئىكەن. بىز كۈن چىقماستا ئەمگەك مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قىرىققا يېقىن كادىر چىپپىدە كەپلىشىپ ئولتۇرغان ئاربۇس ھېسپىتەك تار يولدا ئېگىز - پەس ئىرغاڭلىغىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئاربۇستىكى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن قىزىـقارلىق ئېيتۇت - كۈلدۈرگىلەر ئۆزۈلمەي چىقىۋاتاتتى. ھەممىمىز يېڭى - يېڭى كۆرۈنۈشلەر، يۇمۇرلۇق دىيالوگلاردىن ھوزۇرلىنىپ كېتىپ باراتتۇق. مەن شۇ كۆڭۈللۈك دەقىقىلەردە ئۆتكەن يىلى بىز بىلەن بىرگە ئىشلەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتكەن نۇرى توشقاننى، ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. نۇرى توشقاننىڭ چاقچاقلىرى بىلەن ئېكراندا كۆرۈۋاتقان ئېيتۇت - كۈلدۈرگىلەر كۆڭلۈمدە روشەن سېلىشتۇرمىلارنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ ئېيتۇت - كۈلدۈرگىلەر يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان، نەچچە قېتىم تەكرارلاش، مەشىق قىلىپ پىششىقلاشتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن نۇرى توشقاننىڭ چاقچاقلىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق مەنىلىك

ئىدى. كۆڭلۈمدە، نۇرى توشقان دېگەن ھېلىقى ھەزىلكەش ئادەم بۇ يىلمۇ يەنە بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئىشلىگەن بولسا، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك بولاتتى۔ ھە؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ قالدىم.

ئالاھەزەل بىر سائەتتەك يۈرگەندىن كېيىن، ئىش ئورنىغا يېقىن بىر دوقمۇشقا كېلىپ توختىدۇق. چەكسىز كەتكەن قاقاسلىق كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان قاقاسلىقنىڭ تۆرە تەرىپىدە خۇددى تۆگە لوككىسىدەك بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قاقاسلىقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىنەملىكتە بولسا بىرنەچچە ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ پاكار ئۆيلىرى، كۆككە بوي سوزغان تاغ تېرەكلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمگەك مەيدانىغا ماشىنا بارالمايتتى، پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى. كەتمەن، گۈرجەكلىرىمىزنى دولىمىزغا ئېلىپ ئىش ئورنىغا قاراپ ماڭدۇق. بولجۇق، قاقاس توپىلاردا قەدەم ئالماقمۇ تەس ئىدى. ئاياغلىرىمىزنىڭ ئىچىگە قۇم ـ توپىلار توشۇپ كېتەتتى. قەدەمدە بىر توختاپ ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ، توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ كىيىشكە توغرا كېلەتتى. شۇ تەرزدە بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، ھاسىراشقان پېتى ئەمگەك ئورنىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماستا ھېرىپ كەتكىنىمىز قىزىق بولدى. باشقا ئىدارە ـ ئورگانلاردىن كەلگەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ئورنىدا چۇمۇلىدەك مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. ئارىسىدا يەرلىك دېھقانلارمۇ بار ئىدى. بىپايان چۆللۈك جانلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ئىختىيارسىز ئەتراپقا تەكشى نەزەر تاشلىدىم. كۆزلىرىم بىردىنلا ئىش ئورنىنىڭ غەرب تەرىپىدە سۇنايلىنىپ ياتقان دۆڭلۈككە تىكىلىپلا قالدى. دۆڭنىڭ يان باغرىدا چوقچىيىپ تۇرغان، سەل قىيپاش ئۆسكەن بىر تۇپ قېرى توغراق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئىش ئورنىمىزنىڭ ئۆتكەن يىلى ئەمگەك قىلغان يەرگە يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم.

بۇ يىلقى ۋەزىپىمىزمۇ يىللاردىكىگە ئوخشاشلا ئېغىر ئىدى. تەلەپ بولسا تېخىمۇ قاتتىق. ھەربىر ئېتىزنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئېرىق كولايمىز. كەڭلىكى بىر مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر، ئىككى يانىنى

تىنك چىقىرىش كېرەك. 80 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بارغاندا بىر تەرىپىدىن بىر كەتمەنلىك يەر قويۇپ، يەنە بىر تەرىپىنى 20 سانتىمېتىر ئويۇپ پەشتاق چىقىرىمىز. بۇ تەلەپكە يېتىپ بولغاندا 80 سانتىمېتىرلىق چوڭقۇرلۇقتىكى ئورۇنغا بىر مېتىردا بىر تۈپتىن يۇلغۇن كۆچىتى قويىمىز. يۇلغۇن كۆچىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر مېتىرلىق چوڭقۇرلۇقتىكى ئورۇنغا تېخىنىكىلار قەغەز، گېزىت پارچىلىرىغا چاپلاپ تەييار قىلىپ قويغان توشقانزەدىكى ئۇرۇقنى قويىمىز. ئۇندىن كېيىن توپا تاشلاپ كۆمىمىز. تېخنىكلارنىڭ دېيىشىچە، يۇلغۇن كۆچىتى ياشىرىپ يىلتىز تارتقاندا، يىلتىزلار ھېلىقى ئۇرۇق بىلەن ئۇچرىشارمىش. شۇ يەردىن توشقانزەدىكى تۆرىلىپ مەھسۇلات بېرەرمىش. تەلەپ مانا مۇشۇنداق قاتتىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئېرىقتىن ھەربىرىمىزگە بىرنەچچىدىن تەقسىم بولاتتى. يىل بويى ئازادە ئىشخانا، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغان بىزدەكلەرنىڭ بۇنداق ئەمگەكنى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە تاماملىيالىشىمىز ھەقىقەتەن مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، ھەر يىلى ئەمگەك ۋەزىپىسىنى يەرلىك دېھقانلارغا سېتىۋېتىپ، ئەمەلىيەتتە بىز ئىش قىلمايتتۇق. ئىش قىلساقمۇ، بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز خۇددى يەرنىڭ كاللىسىنى قاشلىغان بىلەن باراۋەر ئىش ئىدى. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشىمىز پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەكشۈرۈشكە ئادەم كېلىپ قالسا «ئۆزىمىز ئىشلەۋاتىمىز» دەپ ئۆتكەلـ ـدىن ئۆتۈۋېلىشلا ئىدى، خالاس.

مانا، بۈگۈنمۇ بىز ئىش ئورنىغا يېتىپ كېلىشىمىزگىلا يەرلىك دېھقانلاردىن بىرنەچچىسى ئەتراپىمىزغا يىغىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى چىرايى قارامتۇل كەلگەن، كەكە ساقال، سەل مۈكچىيىپ ئالدىغا ئېگىشىپ قالغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر دېھقان دولىسىدىكى كەتمەننى يەرگە قويۇپ ئالدىمىزغا ئىتتىك كېلىپ، — يەنە شۇ تەپتىش مەھكىمىسىدىكىلەر ئىكەنسىلەرغۇ سىلەر، بولتۇرمۇ سىلەرنىڭ ئەمگەكنى بىز قىلغان، قۇشقاچ بولسىمۇ قاساپ سويغىنى ياخشى، ھەرقايسىلىرى توپىغا پۇچىلىنىپ يۈرۈشمىسىلە، يەنىلا بىز ئىشلىۋېتەيلى......

— بولىدۇ، بولىدۇ،— دېگىنىمىزچە ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ تارشىدەك قېتىپ كەتكەن، چاك - چاك يېرىلىپ قاداق باسقان قوللىرىدىن جاپا - مۇشەققەت، ئەجىر - مېھنەتنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بىز كۆپ باھا تالاشمايلا ئەمگەك ۋەزىپىسىنى مۇشۇلارغا سېتىۋەتتۇق.

— ھوي، سەنمۇ بېيكەنسە ئۇكام،— دېدى بىر پەستىن كېيىن ھېلىقى كىشى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ،— بۇلتۇر ئالامەت كۆكۈللۈك ئىشلىگەن ھاما؟

— شۇنداق ئاكا، سىز......— مەن دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— تونۇيالمىدىڭما؟

— ھە، تونۇدۇم، تونۇدۇم، سىز ھېلىقى ناسىركامغۇ، لەقىمىڭىزنى «كوت» دەپ ئاتامدۇ نېمە؟

— شۇنداق، ناسىر كوت دېگەن مەن شۇ. مەن سېنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم، سەن مۇسا خالتا ئەمەسما؟

ئەتراپتا تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. لەقىمىنىڭ يەنە چىشلەپ تارتىلىشىدىن يۈزۈم ۋۇللىدە قىزىپ ئاستا يەرگە قارىۋالدىم. شۇ تاپتا بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەندەك دەررۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ناسىر كوتتىن سورىدىم:

— ھېلىقى نۇرى توشقان دەيدىغان ئاكامنى ئالغاچ كەلمەپسىلەرغۇ؟

ناسىر كوت چۆچۈگىنىچە ماڭا لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ تامدەك تاتارغان چىرايىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك، مەيۈسلۈك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەن ناسىر كوتنىڭ چىرايىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ، ئوڭايسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— نۇراخۇن...... ئۇ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى، ئۇكام.

ناسىر كوت شۇنداق دېگىنىچە، بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى. بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ۋۇجۇدۇمنى قايغۇ - ئەلەم قاپلىدى.

— قاچان ئۆلۈپ كەتتى؟— دەپ سورىدىم تىت - تىتلىق

ئىچىدە.

ناسىر كوت بېشىنى بۇراپ ماڭا قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ نىمكەش كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە جاۋاب بەردى:

— ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى. ئالامەت قىزىقچى، ھەزىلكەش ئادەمتى ئۇ...... ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي ئىلاھىم...... بولتۇر چاقچاقتا سېنى ئالامەت جايلىغان. چاقچاقلىرىنى سېغىنغان ئوخشايسەن ھەقىچان......

مەن بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىمچە جىممىدە تۇرۇپ قالدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئېغىر مۇسىبەت ھېسسىياتى چىرمىغانىدى. نۇرى توشقاننىڭ خۇش پىچىم، چىقىشقاق مىجەزى، ئىنكاسى تېز، سۆزگە قابىللىقى ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى ھەقىقەتەن سېغىنغانىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشتا كۆڭلۈمگە ئازار بېرىپ قويغىنىم، تېتىقسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگىنىمگە ئۆكۈنمەكتە ئىدىم.

خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىشلەيدىغان يېرىمىز ھەرھالدا قۇدۇق سۈيى بىلەن بولسىمۇ سۇغىرىپ قويۇلغانىكەن، بىر كەتمەن توپا ئالسا ئون كەتمەن توپا سىيرىلىپ چۈشىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلمىدى.

قولۇم ئىشقا بارمىدى. ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە تۈپتىن ئايرىلىپ ھېلىقى دۆڭلۈكتە يەرگە ئېگىشىپ تۇرغان قېرى توغراق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. ئۇ يەردە بىز ئۆتكەن يىلى ئىشلەپ تىككەن يۇلغۇن كۆچەتلىرى بار ئىدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ بىز ئىشلىگەن يەرنى تونۇدۇم. يۇلغۇن كۆچەتلىرىنىڭ رەتلىرىنى ساناپ يۈرۈپ نۇرى توشقان بىلەن ئىككىمىز تىككەن كۆچەتلەرنىڭ تولۇق ياشىرىپ كۆكلىگەنلىكىنى بىلدىم. بۇ يۇلغۇنزارلىققا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ ھېلىقى توغراق تۈۋىگە كەلدىم. ئۇزاق تارىخ ۋە تالاي تىلسىملارنىڭ

شاھتى بولغان تەنھا توغراق گويا ئانا تۇپراققا تەزىم بەجا كەلتۈرۈۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەنگە ئېگىپ تۇراتتى. مەن قوۋزاقلىرى چاك - چاك يېرىلىپ ئاجراپ تۇرغان توغراق غولىغا يۆلەنگىنىمچە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇم. بۇلتۇر مۇشۇ چاغدا نۇرى توشقان بىر ھاگىرىسا پۇتۇن قاقاسلىقنى چاك كەلتۈرۈۋېتىدىغان سۇر ئېشىكىنى مۇشۇ توغراققا باغلىغانىدى. مەن توغراق غولىغا يۆلەنگىنىمچە ئولتۇراتتىم. نۇرى توشقانغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىم يۈرىكىمدە ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى.

خىيال قۇشلىرىم قەلب ئاسمىنىمدا پەرۋاز قىلىپ، ئۆتكەن يىلقى مۇشۇ ئىش ئورنىدا نۇرى توشقان بىلەن ئەسرا بولغان ئاشۇ قىسقا دەقىقىلەردىكى گۈزەل ئەستىلىكلەر قوينىغا شۇڭغۇدى.

ئۇ كۈنى بىز مۇشۇ ئىش مەيدانىغا كەلگەنىدۇق. شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇراتتى. يېزا بىلەن شەھەرنىڭ، كۆجۈم مەھەللىلەر بىلەن قاقاس چۆللەرنىڭ مۇھىتى، ھاۋا كىلىماتى پەقەت ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەردە كىچىككىنە شىۋىرغانمۇ قۇم توزانلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ كۆزنى ئاچۇرمايدىكەن. شۇ ھالدا ئىش قىلماي جىم تۇرۇشمۇ بىزگە تەس كېلىۋاتاتتى. بۇ يەردىكى بىزگە تەقسىم قىلىنغان ئەمگەك ۋەزىپىسىنى كۆرۈپ بېشىمىز چويۇندەك قاتتى. ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا كۆزىمىز يەتمىدى. شۇنداق تۇرغىنىمىزدا يېنىمىزغا يەرلىك دېھقانلاردىن بىرنەچچىسى پەيدا بولدى - دە، ئەمگەك ۋەزىپىمىزنى سېتىۋالماقچى بولۇشتى. بەلگىلىمىدە ئەمگەك ۋەزىپىسىنى سېتىشقا بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ساتماي ئامال يوق ئىدى. ئۆزىمىز ئىشلەيمىز دەيدىكەنمىز، بۇ ۋەزىپىنى بىرنەچچە ھەپتىدىمۇ تاماملىيالىشىمىز تەسكە توختايتتى. يېنىمىزغا كەلگەنلەر ئۆز ئارىسىدىكى چار ساقىلى ئورۇق ئېگەكلىرىنى غۇچچىدە قاپلىغان، ۋىجىككىنە كەلگەن ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، چېكىلىرىگە يول - يول قورۇقلار چوڭقۇر ئىز سالغان، چېھرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، سۆزمەن بىرسىنى سودىلىشىشقا چىقىرىپ قويدى. ئۇ باھانى يۇقىرى قوياتتى. ئىشخانا مۇدىرىمىز تۆۋەن قوياتتى. ئۇلار باھادا پەقەت كېلىشەلمەيۋاتاتتى.

— ئۇكام، — دېدى ھېلىقى كىشى يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدا، — بىزدىن يەنىلا سىلەر ياخشى، بىر ئېرىقنى كولاشنى ئەللىك كوي دەپ تۇرۇۋالساڭلار يامان ئەرزان بولۇپ قالار، بىز دېھقانلارغىمۇ ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، يىلدا بىر قېتىم ھەرقايسىڭلاردەك كادىرلارنىڭ ئەمگىكىنى سېتىۋېلىپ ئازراق بولسىمۇ پۇلغا ئىشلىۋالىمىز. باشقا چاغدا ئىش تاپمىقىمىزمۇ ئوڭاي ئەمەس، كاجلىق قىلماي ماقۇل دەڭا، بىر ئېرىققا سەكسەن كويدىن پۇل بېرىڭلار، بۇنداق ئېغىر ئىشنى بىزدەك بېلى قاتقانلار قىلمىسا، سىلەردەك پارنىكتا ئۆسكەن باللار ھەرگىز قىلىپ بولالمايسىلەر. يۇلغۇن كۆچىتىنىمۇ بىز تىكىپ ئورمانچىلىقنىڭ تېخنى-كىلىرىغا تەلەپ بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن سىلەردىن پۇلىمىزنى ئالايلى......

مېنىڭ سەل تولا گەپ قىلىدىغان مىجەزىم بولغاچقىمۇ، ئىشخانا مۇدىرىمىز ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە مەن ئالدىراپ سۆز قىستۇردۇم:

— ئاكاۋۇي، نېمە دەيسىز؟ بىر ئېرىققا سەكسەن كويدىن بەرسەك ھەر بىرىمىزگە ئىككى يۈز قىرىق كويدىن پۇل كېلىدۇ، بىزمۇ خوتۇن - باللىرىمىزنى باقمىساق بولماس.

— ئۇكاموي، — دېدى ئۇ چىرايىمغا تىكىلىپ قاراپ كۈلۈمسى-رىگىنىچە، — خوتۇن - باللىرىڭنى باقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولساڭ ماڭىلا ئەكىرىپ بېرە، مەن بېقىپ بېرەي......

— نېمە دەيسەنوي قەلەندەر؟ — ئاچچىقىم غۇژژىدە كېلىپ تەلەتىمنى بۇزدۇم، — ئۆزۈڭ جېنىڭنى باقالماي بۇ يەردە ئۆمىلەپ يۈرسەن، تېخى مېنىڭ خوتۇن - باللىرىمنى بېقىپ بەرمەكچىمىدىڭ؟

— ئاغزىڭنى بۇزما ئۇكام ماقىما، ئاغزىنى بۇزۇشنى مەندىن سورىساڭ بولىتۇ، ئاغزى ئېچىلمىغان ساندۇقتىكى گەپلەردىن تاغارلاپ يۈدكۈزۈپ قويىماي باكا.

— تولا ۋالاقلىماي ئىشىڭنى قىلەۋا ياللاڭتۇش، سېنى بۇ يەرگە بىز چاقىرتىپ كەلمىگەنىدىكىن......

گېپىم تۈگەپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەمسۆھبەتلىرى مەن تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن، چىراي ئىپادىلىرىدىن

بىرخىل سۇر - ھەيۋە، غەزەپلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي، كىم يالاڭتۆشكىنا؟

— كىمنىڭنى دەيسەنوي، ھۇ ئاناڭنى......

— بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدى ماۋۇ لاتا قاس - قاس......

— ......

ئۇلار ئاغزىنى بوراندەك قويۇۋېتىپ، مېنى ئارىغا ئېلىشقا تەمشەلدى. مەن دۇدۇقلىغىنىمچە جىم تۇرۇپ قالدىم. ۋۇجۇدۇمغا گۇررىدە تىترەك ئولاشتى. يەنە ئېغىز يېرىپ بىر نېمە دېسەم چوڭ جېدەل چىقىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— توختاڭلار، توختاڭلار،— دەپ ئۇلارنى توستى ھېلىقى ئادەم،— تەگەپ قالغۇدەك ئىش يوق، بۇ ئۇكام بىلەن چاقچاقلىشىۋاتىمىز.

— ھوي نۇرىكا، نېمە دەپ يامغۇردا قالغان توشقاندەك تىترەپ تۇرىسەن، ئۇ بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ؟— دېدى دىقماق، تۇرقىدىن كۆچتۆڭگۈرلۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئەپتى يامان بىرەيلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە. شۇ چاغدىلا مەن تاكاللىشىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ نۇراخۇن ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— ھېچقىسى يوق، ئۇكام، تۇگمەننىڭ تاقىلدىغۇچىدەك تاقىلدىماي بىردەم جىم تۇرە سەن.

— قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى كۆزگە ئىلماي ئانىي تېپىۋاتقىنى نېمىسى؟— يەنە بىرەيلەن سۆز قىستۇردى.

— ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ شېرى چېقىلىپ كەتكەن چىغىرىقتەك غىچىرلىماي تۇرغىنا.

نۇراخۇن شۇنداق دەپلا يېنىدىكىلەرنىڭ ئاغزىنى بېسىقتۇردى. مەن بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمەي شۈمشىيىپ تۇرۇپلا قالدىم. نۇراخۇن سۆزمەنلىكىگە تايىنىپ، ئاخىر ئىشخانا مۇدىرىمىزنى ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزدى.

— نۇراخۇن،— دېدى شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ،— ئىدارىلەردىن پۇل ئالماق ئارپا ناندىن قىل

ئالماقتىن تەس، شۇڭا بۇلار بىلەن ھۆججەتلىشىۋالايلى.

— ھەممە ئادەم سىلىدەك كوت ئەمەس ناسىراخۇن، بۇلار قانۇن ئىجرا قىلغۇچى كادىرلار تۇرسا، يەنە كوتلۇق قىلاتتىمۇ؟ — نۇراخۇن شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىكى ئادەملىرىگە كۆلۈمسىرەپ قارىدى. ھەممەيلەن پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. ناسىراخۇننىڭ چىرايى ھۆپپىدە قىزىرىپ جىم تۇرۇپ قالدى.

مەن بۇ يەردە بولۇنغان «توشقاندەك»، «تۆگمەنىنىڭ تاقىلدىغۇچىدەك»، «چىغىرىقتەك»، «سىلىدەك كوت ئەمەس» دېگەندەك ئوخشىتىش سۆزلىرىگە ھەيران قېلىۋاتاتتىم. بۇ سۆزلەرنىڭ شۇ كىشىلەر بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولسامۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدىم.

بىردەمدىلا شىۋىرغان كۆچىيىپ ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلاشقا باشلىدى. خۇددى كۆھىقاپنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەندەك ئەتراپنى كۆچلۈك بوران قاپلىدى. ئۇزۇلمەي ئۇچۇپ كەلگەن قۇم توزۇندىلىرى يۈز - كۆزلىرىمىزگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممەيلەن كۆكلەك - چاپانلىرىمىزنىڭ ياقىلىرىنى تارتىپ، بېشىمىزنى يۆگەپ ئولتۇرۇۋالدۇق.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، شىۋىرغان ئاستا - ئاستا پەسلەپ ھاۋا ئېچىلدى. ئەمما، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتكەندەك ھەممە يەرنى سوغۇقلۇق قاپلىغانىدى. بىزنىڭ كىيىملىرىمىز سەل يېنىك بولغاچقىمۇ جاقىلداپ تىترەشكە باشلىدۇق. نۇراخۇن قاتارلىق كىشىلەر ھە - ھۇ دېيىشىپ ئەتراپتىكى قۇرۇق ئوت - چۆپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۇنۇپ قۇرۇپ قالغان قومۇش غولىرى، بوران ئۇچۇرۇپ تاشلاپ قويغان شاخ - شۇمبا دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ كېلىپلا، بىزگە گۈلخان يېقىپ بەردى. ھەممەيلەن گۈلخان ئەتراپىغا ئولاشتى، مەنمۇ باردىم. ئەمما، بايىلا دەككەمنى يەپ چالمام سۇغا چىلاشقاچقىمۇ سەل قورۇنۇپ تۇراتتىم. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ تەپتىدىن ۋۇجۇدۇمغا ئىللىق ھارارەت يۈگۈرمەكتە ئىدى. بايا مۇزدەك قۇم ئۈستىدە ئولتۇرغاچقىمۇ كاسىلىرىم مۇزلاپ كەتكەنىدى. مەن ئاستا كەينىمنى قىلىپ، كاسامنى ئوتقا

قاقلىدىم.

— هوي، مۇسا، — دېدى ئارىمىزدىن بىرى ئۈنلۈك قىلىپ، — نېمانداق ئەدەپسىز نېمە سەن؟ ھەممەيلەن ئوتقا ئالدىنى قىلىپ ئىسسىنىۋاتسا، سەن خىجىل بولماي ھەممىمىزگە كەينىڭنى تەڭلەپ تۇرىسەنغۇ؟

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، نۇراخۇن دەررۇ ئېغىز ئاچتى:

— مەيلى، مەيلى، بۇ ئۇكامنىڭ ياخشى كۆڭلىنى خاتا چۈشىنىپ قالمايلى، گۈلخاننىڭ ئوتى ئۆچكىلى قوپقان، ئۇ پۈۋلىگىلى تەمشىلىۋاتىدۇ ئەمەسما......

نۇراخۇننىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ كۈلۈپ سالدىم. «تووۋا، بايىلا ئاچچىقلىنىشىپ قالغان تۇرساق، يەنە ماڭا چاقچاق قىلىشىۋاتقىنىنى، قارىغاندا كۆڭلى تۈز ئادەم ئوخشايدۇ بۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇ يەنە ئۆلاشتۇرۇپ نۇرغۇن قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ھەممىمىزنى ئېلىقتۇرۇۋەتتى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدىكى ئاچچىق، زەردىگوش كەيپىيات بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ھاۋا سەل ئىللىغاندەك قىلدى. ھەممىمىز ئىش باشلاشقا تەرەددۇتلەندۇق.

— ھە، مۇسا ئۇكا، — دېدى نۇراخۇن ئالدىمغا كېلىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، — خاتا دېمىگەندىمە، ئىسمىڭ شۇنداقما؟ بايا شۇنداق قىچقىرغاندەك قىلغان. «ئېلىشمىغىچە تېپىشماس» دەپتىكەن ئۇكام، بايا بىر پەددىن قېقىشىپ قالدۇق، كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن. قېنى سېنىڭ چېمىڭ؟ مەن بىر ئىشلەپ بېرەي.

— مەنمۇ سەل ئىتتىكلىك قىلىپ كۆڭلىڭىزگە تېگىپ قويدۇم، — دېدىم چىن كۆڭلۈمدىن ئەپۇ سورىماقچى بولۇپ، — ھەرگىز خاپا بولماڭ!

— ياقەي ئۇكام، بىز دېھقان خەق دېگەن يامان كەڭ قورساق، سېنىڭ ئۈنچىلىك گېپىڭگە نېمىشقا خاپا بولاتتىم.

ئەتراپتا تۇرغانلار ئىككىمىزگە قىزىقسىنىپ قاراشماقتا ئىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا بىر خىل سۆيۈنۈش، رازىمەنلىك ئىپادىلىرى چاقناپ تۇراتتى. ھېلى ماڭا ھۆرپىيىپ كەلمەكچى بولغان كۈچتۈڭگۈر يىگىتنىڭ چېھرىدىمۇ شادلىق كۈلكىسى جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

مەن نۇراخۇنغا ماڭا تەقسىملەپ بېرىلگەن يەرنى كۆرسەتتىم. ئۇ ئېرىق كولايدىغان يەرنى ئۆلچەپ، ئىككى يېنىغا تاناپ تارتىپ قويۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدا يەرگە گۈپ - گۈپ ئۇرۇۋاتقان كەتمىنىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ھەم يوغان، ھەم ئىتتىك كېتەتتى. ھەربىر كەتمەن توپا ئالغان يەرنىڭ ئورنىدا چوڭقۇر - چوڭقۇر ئورەكلەر ھاسىل بولاتتى. ئۇ ئاسانلىقچە ھېرىپ قالىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى.

نۇراخۇن مېنى پەقەت ئىش قىلغىلى قويمىدى. كەتمەن ياكى گۈرجەكنى قولۇمغا ئالسام، ئۇ ئىتتىك كېلىپ قولۇمدىن ئېلىۋالاتتى - دە، ھەييارلىق بىلەن: «ئۇكامويې، سىز قاشتا زوڭقاغىدەك ئولتۇرۇپ گەپ قىلىپ بېرىڭ، پاختىدەك قوللىرىڭىز ھۆلدۈيلەپ قالمىسۇن. سىلەر دېگەن پارنىك باللىرى، بۇنداق ئېغىر ئىشنى كۆتۈرەلمەيسىلەر. قەلەم-قەغەزنىڭ يېنىغا بارغاندا سىلەر يامان، كەتمەن - تاغارنىڭ يېنىغا بارغاندا بىز يامان» دەيتتى.

باشقىلار بىر ئېرىقنى كولاپ بولغۇچە، نۇراخۇن ئىككى ئېرىقنى كولاپ پۈتكۈزۈۋەتتى. ئەمما، ئۇ ئازراقمۇ ھارغاندەك قىلمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

— نۇرى ئاكا، — دېدىمەن ئۇنى تۇنجى قېتىم «ئاكا» دەپ چاقىرىپ، — بىردەم ئارىمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى.

— ماقۇل ئۇكا، — نۇراخۇن پېشانىسىدىكى مونچاقتەك تەر تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتكەچ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەي، قاراڭ ئاكا، — دېدىمەن نۇراخۇنغا بويۇنداپ قارىغىنىمچە، — بىزنى ھەر يىلى مۇشۇنداق ئەمگەككە سالىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇ ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى بولامدۇ، مەنىسى ماڭا نامەلۇم. ئىشقىلىپ بوينىمىزدىن سۆرىگەندەك كېلىمىز دەڭا بۇ يەرگە.

— سەن ئاڭلىق بىر كادىر تۇرۇپ ئۇنداق دېسەڭ بومايتۇ، ئۇكام، — دېدى نۇراخۇن مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك چىرايىمغا تىكىلىپ قارىغىنىچە، — سەن بىلمەيسەن، مەن كىچىك ۋاقتىمدا بۇ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنىڭ ھەممىسى بۆك - باراقسان توغراقلىقتى، ھېلىقى مالىمانچىلىق يىللىرى يەر ئاچىمىز دەپ، توغراقلارنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تەكلىماكاننىڭ قۇملىرى بۇ كەڭرى زېمىننى يالماپ يۇتۇپ كەتتى. مانا ھازىر ھۆكۈمىتىمىز بۇ يەرلەرگە يۇلغۇن تىكىشنى ئورۇنلاشتۇردى. يۇلغۇنغا توشقانزەدىكى ئۇلاۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالامەت پايدىلىق ئىشلار. بۇ ئىشلارنى ئوبدان قىلىش لازىمكى، ھەرگىز غۇدۇرىماسلىق كېرەك. توشقانزەدىكى نۇرغۇن بايلىق ياراتسا، يۇلغۇن، ئورمان، دەل - دەرەخلەر تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يۇرتىمىزنى قۇم - بوران بالاسىدىن ساقلايدۇ. بۇ ئىشلار ئاخىرقى ھېسابتا خەلققە پايدىلىقيا، ئۇكام.

نۇراخۇن گېپىنى توختىتىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر، ھەر تەرەپكە چاپچىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى.

— بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىلا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ دۆڭلۈك تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، — دۆڭلۈكنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارىسا بىر ئۇن يېتىم ئارىلىقتىلا، ئالامەت گۈزەل، ئالامەت تىنچ يەرلەر، بۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر بولغاچقىمۇ، كۆزۈمگە ئالامەت ئۇز كۆرۈنىدۇ. مېھرىم چۈشكەن بۇ ئەزىز تۇپراقتىن بىردەم ئايرىلىشقىمۇ كۆزۈم قىيمايتۇ، ئۇكام...... ئاھ، ئاتا - بوۋام ئات چاپتۇرۇپ، ئوقيا ئېتىپ ئوۋچىلىق قىلغان بۇ قەدىمىي جاڭگال، يەنە قايتىدىن يارىشىپ كۆكلىسىكەن دېگەن ئارزۇيۇم بار.

نۇراخۇن گېپىنى توختىتىپ، گويا قەلبىنى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت قاپلىغان ئادەمدەك ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. مەن نۇراخۇننىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، باشتا دېگەن گەپلىرىمدىن خىجىللىق ھېس قىلدىم.

— بالىڭىز نەچچە؟ — دەپ سورىدىم مەن خىجىللىقىمنى

يوشۇرۇش ھەم نۇراخۇننىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن.

— بالام ئۈچ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— ھەي، نۇرى توشقان، — دېدى يېنىمىزدىلا ئىش قىلىۋاتقان ناسىراخۇن دېگەن كىشى تېلىقىپ كۈلگىنىچە، — ھەممە ئىشقا چاقچاق ئارىلاشتۇرماي راست گەپ قىلىڭلا، نەدىمۇ سىلىنىڭ بالاڭلا بار.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئۇكام، — دېدى نۇراخۇن ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قارىغىنىچە، — بىز خەقلەردە مال - دۇنيالىرىڭلار قانچىلىك، قوي - كالاڭلار نەچچە دەپ سورىماي، بالاڭلار نەچچە دەپ سورايدىغان ئادەت باركەن، مال - دۇنيانى سورىسىغۇ قورقماي ئوتتۇز مو يەردە تاللىق بېغىم بار، يىگىرمە قوي، تۆت كالام بار، دەپ جاۋاب بېرەر ئىدىم. بالا نەچچە دەپ سوراپ قالسا خىجىل بولۇپ كېتىمەن. خوتۇن تۇغماس چىقىپ قالدى. قويۇۋېتىپ باشقىسىنى ئالاي دېسەم، كونا قەدىناستىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. شۇڭا، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇردۇم.

نۇراخۇن يەنە ئېغىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە جىم بولۇپ قالدى. كۆڭلۈمدە، يەنە خاتا سوئال سوراپ قويدۇممۇ نېمە، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. مەن ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى يەنە تاتىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، سۆز تېمىسىنى باشقا ياققا يۆتكىدىم:

— ھەي، نۇرىكا، ئەتىگەن بىرسى سىزنى «يامغۇردا قالغان توشقاندەك تىترىمەي» دەۋاتاتتى، ھازىر ماۋۇ ئاغىنىڭىز «نۇرى توشقان» دەۋاتىدۇ، بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

— توشقان مېنىڭ لەقىمىم ئۇكام، ئاتا - بوۋام ئىلگىرى مۇشۇ جاڭگال ئەتراپىدىن ياۋا توشقان، بۇغا - مارال دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوۋلايدىكەنمىش، شۇڭا ئۇلارغا «توشقان» دېگەن لەقەم سىڭىپتىكەن. بۇ لەقەم ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى. باشقىلار لەقىمىنى قوشماي قىچقىرسا، خۇددى بىر يېرىم كەم قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. سەنمۇ مېنى نۇرى توشقان دە، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممىمىزنى لەقەم بىلەن قىچقىرىپ كۆنۈپ قالغان، ھەممىمىزنىڭ لەقىمى بار. سۆزلەشكەندە لەقەملىرىنى چىشلىشىپ قويىدىغان گەپ. سەنمۇ مېنى ئۆز

بىلسەڭ نۇرى توشقان، دەپ ئاتاۋەرگىن.

مەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئىشنى يىغىپ تاماق يېيىشكە تەييارلاندۇق. تۆت - بەشتىن غۇژمەكلىشىپ ئۇيەر - بۇ يەرلەردە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشۇپ، ھەممىمىز ئۆيلىرىمىزدىن ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى گېزىت قەغىزى ئۈستىگە يايدۇق. بىزگە ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان دېھقانلارنىمۇ بىرگە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدۇق. خوتۇنلىرىمىز بىر يەرگە ئەمگەككە ماڭىدىغان بولساق، خۇددى بىز سەيلە - ساياھەتكە ماڭىدىغاندەك، بىزنى ئاجايىپ كاتتا تەييارلىقلار بىلەن يولغا سالاتتى. كاۋاپ، پولۇ، گۆشنان، پوشكال، تۇخۇم، ئاچچىق - چۈچۈك سوغۇق سەي، لەگمۈك...... دېگەندەك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرەتتى. ئۆي - ئۆيلەردىن تەييارلانغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سورۇنغا تىزىلىپ كېتەتتى. بۇ نەرسىلەرنى شامال ئۇچۇپ تۇرغان مۇشۇنداق جاڭگالدا مەززە قىلىپ يېيىشەتتۇق.

تاماق يەپ تۇرسام، مېنى باشقا سورۇندىكىلەر چاقىرغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم، ھەممەيلەن نۇرى توشقان بىلەن ئېچىلىشىپ كەتكىنىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇنداق تۇرسام نۇرى توشقان مېنى چاقىرىپ قالدى. يېنىغا كەلدىم. قارىسام ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا بىرخىل كۈلكە چاقناپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى بولسا نۇرى توشقاندا. مەن دەررۇ ئۇنىڭ ماڭا بىرەر چاقچاق تەييارلىغانلىقىنى پەملىدىم.

— ئۇكاموي، قورسىقىڭ تويمىدىما؟

— قانداق دەيسىز؟— دەپ سورىدىم مەنمۇ ئۇنىڭدىن.

— قارىسام غارالنىڭ تېشىدا قالغان پاقلان ئوقۇرمۇ ئوقۇر چۆرگۈلەپ يۈرگەندەك، سەنمۇ ھەممە داستىخانلارنى ئارىلاپ يۈرىيسنا، ئوقۇرنىڭ بۇرجىكىدىن يەم ئىزدەۋاتقانمىدىڭيا؟

سورۇندىكىلەر يوتىلىرىغا مۇشتلاپ پاراقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ لەقىمىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ، قارىغاندا مېنىڭ باشقا سورۇنغا كەتكەن پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ خىزمەتداشلىرىمدىن

بىلىۋاپتۇ ـ دە، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. مېنىڭ لەقىمىم خالتا ئىدى. بۇ لەقەمنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىمىزغا قاچاندىن بېرى سىڭىپ قالغانلىقى ماڭا نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ خەقلەر بىزنى مۇشۇ لەقەم بىلەن ئاتايتتى. چاقچاق بولۇپ قالسىلا ئېيپى كەلسە «خالتىنىڭ بۇرجىكى»، «خالتىنىڭ ئاغزى» دېگەندەك سۆزلەرنى شىپى كەلتۈرۈشەتتى. مانا ئەمدى نۇرى توشقانمۇ بۇ لەقىمىمنى بىلىۋالغاندى. شۇڭا، بايىلا «ئوقۇرنىڭ بۇرجىكىدىن» دەپ مېنى چاقچاقتا قويۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەندى.

مەنمۇ ئۆزۈمنى خېلى ـ خېلى ئادەملەرگە گەپ بەرمەيدىغان چاقچاقچى دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا، نۇرى توشقاننىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم.

— قورسىقىمغۇ تويغان، بىرەر تال ياۋا توشقان تۇتۇپ كېلەيمىكىن دەپ چۆرگۈلەپ يۈرگەنىدىم، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي.

— بىكارغا ئاۋارە بولما، ئۇكا، بۇنداق بۇرجەكى يوق جاڭگالدا قانداقمۇ توشقان تۇتقىلى بولسۇن؟

ھەممەيلەن يەنە تېلىقىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن نۇرى توشقانغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم.

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنلۈك ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيلىرىمىزگە قايتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى ئىش ئورنىغا كەلگىنىمىزدە، نۇرى توشقان تېخى كەلمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە؟ دەپ خاۋاتىرلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. بىر چاغدا يېنىمىزدىكى دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ بىز تەرەپكە قاراپ بىرسى ئېشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ توپا توزۇتۇپ كەلدى. يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ نۇرى توشقان ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدۇق. خىزمەتداشلىرىم «سەنمۇ ئۇنى چاقچاقتا راسا بىر كەلتۈرمەمسەن؟» دەپ مېنى دەيدەيگە سېلىشقا باشلىدى. قارىسام ئۇ ھارۋىسىغا قېتىۋالغان سۇر ئېشەكنىڭ جۇغى كىچىكلا كۆرۈندى. نۇرى توشقان يېنىمىزغا كېلىپ بولغۇچە بىزمۇ دۆڭنىڭ باغرىغا چىقىپ، توغراق تۈۋىگە يىغىلىشىپ تۇردۇق. نۇرى

توشقان يېنىمىزغا كېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. بىزمۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. نۇرى توشقان ئېشىكىنى يېتىلەپ كېلىپ توغراققا باغلىدى.

— كېچىككىنە بىر توشقاننى هارۋىغا قېتىپ كەپسىزغۇ، ئاكا؟ — دېدىم مەن نۇرى توشقانغا يېقىن كېلىپ، هەممەيلەن كۈلۈشكىنىچە نەزىرىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇردى.

— ئو...... ش، شۇنىمۇ گېپىم بار دەپ قىلدىڭما، ئۇكام؟ — دېدى نۇرى توشقان چار ساقىلىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ، — ئۆزى توشقاندەك بولغان بىلەن خالتا كوچىلاردا ئېزىپ قالماي ماڭىدۇ بۇ جانىۋار......

— ها...... ها...... ها...... — هەممەيلەن يوتىلىرىغا شاپىلاقلاپ، هەريان تولغىنىپ تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىشتى. شاد كۈلكە سادالىرى پۈتۈن جاڭگالنى بىر ئېلىپ، يىراق ئۇپۇقلاردىن ئەكس سادا قايتۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. يۈرۈمنىڭ هۇپپىدە قىزارغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان بولدى. نېمە دېيىشمنى بىلەلمەي قالدىم.

يەنە ئىش ئورنىمىزغا كېلىپ ئەمگەككە چۈشۈپ كەتتۇق. نۇرى توشقان بۈگۈن تېخىمۇ روهلۇق كۆرۈنەتتى، هەرىكەتلىرى تولىمۇ چاققانىدى. خىزمەتدىشلىرىمنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، هەممىسى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىۋېلىشقانىدى. مەنمۇ پات - پات نۇرى توشقانغا چاقچاق قىلىپ، قىچىشقان يەرلىرىنى ئارام ئالدۇراتتىم.

— ئاكىۋوي، — دېدىم بىر چاغدا ئۇنىڭغا قاراپ تۈز كۆكۈللۈك بىلەن، — ئېرىقنىڭ تېگىنى سەل تىكلەپراق ئېلىڭا.

— بۇرجەك چىقارغىن دېمەكچىمۇسەن؟ — دېدى ئۇ قاشلىرىنى هىمىرىپ. ئەتراپىمىزدىكىلەر يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ها...... ها...... ها......

مەن هېلىهەم توغراق غولىغا يۆلەنگىنىمچە ئولتۇراتتىم. بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان شۇۋرغان قېرى توغراقنىڭ قاقشال شاخلىرىنى

ھەريان ئىرغاڭلىتاتتى. كۆزلىرىمگە ياش ئولىشىپ، يۈرىكىمنى ئىغىر مۇسىبەت قاپلىغانىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نۇرى توشقان بىلەن بىللە تىككەن يۇلغۇن كۆچەتلىرىگە قارىدىم. بىز تىككەن كۆچەتلەر تولۇق ياشارغان ھەم تەكشى، باراقسان ئۆسكەنىدى. ئاشۇ ھەر تۈپ يۇلغۇنغا نۇرى توشقاننىڭ قان - تەرى سىڭگەنىدى. مەن ئاشۇ يۇلغۇن كۆچەتلىرىنىڭ غولىدىكى قىزىل رەڭلەردىن، نۇرى توشقاننىڭ تومۇرلىرىدىكى ئوخشۇپ تۇرغان قانلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. يۇلغۇنلار كۈچلۈك شامالدا ئىرغاڭلاپ نۇرى توشقاننىڭ ئەجىر - مېھنىتىگە تەھسىن ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ھەممەيلەن ئىشلەۋاتاتتى، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم خامۇش، قەلبىمدە بىر تونۇر ھەسرەت لاۋۇلدايتتى. شۇ ھالدا نۇرى توشقاننىڭ گۆرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپقان سىماسى قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزۈمنى ۋۇجۇدۇم چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. مەن قولۇمغا كەتمەننى ئالدىم - دە، ئالىقانلىرىمغا تۈكۈرۈپ نۇرى توشقاندەك كۈچ بىلەن گۆرسۈلدىتىپ چېپىشقا باشلىدىم. ماڭا ئەمدى ھېچ ھارغىنلىق يېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

مەن ئىشلەۋېتىپ پات - پات ئاشۇ قۇم تۇزانلىرى ئۆچۈپ تۇرغان دۆڭلۈككە قاراپ قوياتتىم. ھەر قېتىم قارىغىنىمدا، نۇرى توشقاننىڭ ۋۇجۇدى گەۋدىسىنى تىك تۇتقىنىچە ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ شوخ، تېتىك مىجەزىنى، كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان مۇلايىم، بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى، شۇ چىرايلارغا شۇنداق ئېسىل سالاپەت ئاتا قىلغان چار ساقىلىنى، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنتۇيالمايدىغاندەك قىلاتتىم.

# پۇشايمان

كۈن چۈش بولماي تۇرۇپلا ھاۋا ئىسسىپ كەتتى. ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كۆپكۆك ئاسمان بېتى شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى، ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت پارچىسى كۆرۈنمەيتتى. يۈرەكنى سەگىتكۈدەك سەلكىن شامالدىن ئەسەرمۇ يوق، ۋاژ - ۋاژ ئاپتاپ كۆزنى چاقاتتى. ئەتراپتىن تونۇر تەپتى يېلىنجايتتى. تىنجىق ھاۋا نەپەسنى بوغاتتى. كۈن چىقماستا ئېتىزغا چىققان زورىخان يۆگمەچ ئوتلار غۇچچىدە قاپلاپ كەتكەن بۇغداي مايسىلىرى ئارىسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوت ئېلىۋاتاتتى. ئۇ چىدىغۇسىز ئىسسىق دەستىدىن كۆزىنى ئاچالمايلا قالغانىدى. كۆيۈپ قىزارغان يۈزىدىن، توق چېكىلىرىدىن، ئىنچىكە، ئاپپاق بوينىدىن تەر تەپچىپ تۇراتتى.

ئۇ ئەتىگەن ئۆيدىن چىققاندا ئېرى تېخى ئويغانمىغان، يوتقاندا خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. يېرىم كېچىدە ئاللىقانداق ئاھاڭلارغا غىڭشىغ-ىنچە، غەرق مەست ھالەتتە قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك ئادىتى ئىدى. مەكتەپ يېشىغا توشمىغان ئىككى بالىسىمۇ تېخى ئويغانمىغانىدى.

— ھوي، روزاخۇن، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا، — دېدى زورىخان ئىشىك-تىن چىقىۋېتىپ، — ئۆلۈكتەك يېتىۋەرمەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ئەمدى، مەن ئېتىزلىققا بېرىپ بۇغداي ئوتىغاچ، قويلارنىڭ گېلىغا بىرنەرسە قىلىپ كېلەي. چاي دەملەپ قويدۇم، بالىلار ئويغانغاندا ناشتا قىلىڭلار.

— نېي...... نېمانداق كاراڭشىيدۇ ماۋۇ بىر نېمە، — روزاخۇن كۆزىنىمۇ ئاچماي، غۇدۇرىغان پېتى تام تەرەپكە ئۆرۈلدى، — ئېتىزغا ماڭساڭ مېڭىۋەرمەمسەن، ئادەمنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ......

زورىخان لام - جىم دېمەي، ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتقان روزاخۇنغا زەردە بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن ئۇ تولىمۇ روھسىز ئورنىدىن تۇرغانىدى. كېچىدە، روزاخۇننىڭ خۇدىنى بىلمەي، ئۆيگە تاراق - تۇرۇق قىلىپ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، قىنىپ ئۇخلىيالمىغانىدى. پۇت - قوللىرى تېلىپ، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاندەك بىر خىل يېقىمسىز تۇيغۇ، ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. چېكىلىرى لوقۇلداپ، بېشى قېيىپلا تۇراتتى. كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ئىدى. تۇرۇپلا بوغۇزىغا ئاچچىق يىغا كەپلىشىپ، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايۋاتاتتى. خۇشياقمىدى دەپ ئوڭدا يېتىۋالسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. بىر ئۆينىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئېغىر - يېنىك ئەمگەكلىرى، مال بېقىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. تەر ئاققۇزمىسا، ھەممىگە چىداپ ئىشلىمىسە بولمايتتى.

زورىخان كۆيۈپ ئېچىشىۋاتقان چېكىسىدىكى مونچاقتەك تەر تامچىلىرىنى يېگى بىلەن ئاستا سۈرتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ غوللىرى تالغان، شىراقلىرى تارتىشىپ، سىرقىراپ كەتكەنىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى قۇرۇغان، قورسىقىمۇ چاشقان كىرىۋالغاندەك غولدۇرلاشقا باشلىغانىدى. «ئەجەب ئۇسساپ كەتتىما، ئىككى تال غورا بولسىمۇ يەۋالايچۇ، شۇ تاپتا باللارنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندۇ- ھە؟»

زورىخان سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن نېرىقى ئېتىز تەرەپكە ماڭدى. ئۇ يەردە بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى. ئۇ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئېگىز گە سوزۇلغىنىچە بىر تال شاخنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپلا تۆۋەنگە ئەگدى. شاختا سارغىيىشقا باشلىغان، مەرۋايىتتەك سۈزۈك غورىلار ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈز، بودەك غورىدىن ئىككىنى ئۈزۈپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتتى، ئاندىن گاچىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى. ئاغزىغا سۇ يىغىلدى. تېنى جۇغۇلدىغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى. «ئەجەب چۈچۈمەل-

ـكىنا، ئازراق يەي، چىشىم قاماپ قالمىسۇن يەنە».

ئۇ ئۆرۈك تۈۋىدە سەگىدەشكە باشلىدى. بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرگىچە سوزۇلغان سايە، ئۇنىڭغا تولىمۇ ھۇزۇر بىلىندى. ئۇ بىردەم ئارام ئالماقچى بولدى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى بېلىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈردى، ئاندىن «ئۇھ» دېگىنىچە، ئۆرۈك غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەنىدى. تۇرۇپلا ئۇنى شېرىن مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئۆيى تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قويدى. «ھىم» دېگىنىچە، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بېشىنى چايقىدى. شۇ تاپتا ئۇ روزاخۇننىڭ ـــ نىكاھلىنىپ تەگكەن ئېرىنىڭ بىرەر يۇتۇم سۇ بولسىمۇ ئېلىپ كېلىشىگە نەقەدەر تەشنا ئىدى. ئىش قىلىشىپ بەرمىسىمۇ، يېنىغا كېلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ بەرسە خۇش بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش «تېرەكتىن ئامۇت تەلەپ قىلغاندەك» بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. مۇشۇلارنى ئويلىغان زورىخاننىڭ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدا غىلدىرلاپ تۇرغان ئىسسىق ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. شۇ تاپتا چىدىغۇسىز ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق ئۇنى قىيىنماقتا ئىدى.

ئۇ ئۆرۈك تۈۋىدە ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيتتى. مېڭىسىدە تۈرلۈك گادىرماچ خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى. «ئاھ خۇدا، ئالدىڭدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتىم، نېمىشقىمۇ مېنى مۇشۇنداق بىر ھاراقكەشكە نېسىپ قىلغانسەن؟ نامدا بار، ئەمەلدە يوق مۇشۇنداق ئەرنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ يا بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتمىغان، يا ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىغا قولىنى ئەگرى قىلمىغان، بىر ئۆي ماڭىلا قاراشلىقمىدى...... ئەگەر ئۇ ئەردەك ياشىغان بولسا، ئالىم تازدەك قوماق گەدەنگە كۆڭۈل بېرىپ يۈرەرمىدىم...... ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە ئالا ـ تاغىل غىڭشىپ، لەلەڭلەپ كەلگەن، ئاپپاق يوتىلىرىمغا مۇزدەك پەللىكىنى يەملەپ، خورۇلداپ ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان...... مېنىڭمۇ ياش جېنىم ئەمەسمۇ، ئەر دېگەنگە نېمە دەپ تېگىدۇ؟ ھېرىپ تالجىققان،

بۇرۇقتۇم بولغان ۋاقىتلاردا كۆڭۈلنى ئالار، مۇڭ ـ ئەسرار بولار، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرار، دەپ تەگمەمدۇ؟...... ئىسىت، ئىسىت، دېھقان خەقكە كۈندە هاراق ئىچىشنى كىم قويۇپتۇ؟ يا بىر تىيىن تېپىشى بولمىسا...... تېخى هاراق ئىچىشتىن توسسام «مەن دېگەنچۇ، سورۇننىڭ گۈلى، مەن بارمىسام سورۇن قىزىمايدۇ، ئىچىشتە بولسا ماڭا تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ، هېچكىم مەندەك كۆتۈرەلمەيدۇ......» دەپ كېرىلىپ كېتىشلىرىچۇ تېخى، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق سورۇنلىرى، دوستلىرىنىڭ گاللىرىغا هونناق چىقار ئىلاهىم...... ئىسىت، ياش جېنىم، گۈلدەك ئۆمرۈم لاي سۇدەك ئېقىپ تۈگەرمۇ...... ناۋادا ئاشۇ پور كۆتەككە ئوخشايدىغان كۆرۈمسىز، سوقىچاق بېشى مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئالا گەدەن، سەت تاز تۇرمۇشۇمغا ئۇسسۇپ كىرمىگەن بولسا، ئاچچىق يۇتۇپ بۇرۇق-تۇرمىلىقتىن ئۆلۈپ قالىدىكەنمەن...... ئىسىت، روزاخۇندىكى ئاشۇ چىراي، كېلىشكەن قەددى ـ قامەت ئاشۇ پاخشەك تازدا بولسىچۇ، ئالدى ـ كەينىمگە قارىمايلا ئاجرىشىپ...... ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ـ هە!». ئۇ ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرىنىڭ ۋىللىدە قىزىرىپ ئوت ئالغاندەك كۆيۈشكەنلىكىنى سەزدى. خىجىل بولغىنىدىن، شۇ تاپتىكى خىيالىنى بىرەرسى بىلىپ قالغاندەك، ئەتراپقا ئىتتىك قاراپ قويدى. ئەمما، ئەتراپتا هېچكىم يوق ئىدى.

ئۇ يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. چىگىشلەشكەن خىيالىنىڭ هېچ ئايىغى چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. ئويلىغانسېرى، خىيال قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئارامسىزلانماقتا ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆپكىسىنى لىق تولدۇرۇپ نەپەس ئالغىنىچە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى. توساتتىن ئۇنىڭ خىيالىغا ئالىم بىلەن تۇنجى هەم تاسادىپىي تونۇشقان ۋاقىت كېلىپ قالدى. شۇ ئان ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئىختىيارسىز كۈلكە يامرىدى. ۋۇجۇدىغا بىر خىل شېرىنلىك تارىغاندەك بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە، شېرىن ئەستىلىكلەر قوينىغا غەرق بولدى.

چىڭقا چۈش مەزگىل ئىدى. زورىخان مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا تەنها كېتىۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى

ئىدى. بۇ يول بىلەن بىردەمدىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. يىلان باغرى سوزۇلغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقى بۇككىدە ئۆسكەن قوناقلىق بىلەن قاپلانغانىدى. كەڭرى كەتكەن قوناق ئېتىزلىرىنىڭ بىر چېتى زېمىن بىلەن ئاسمان تۇتاشقان بىر يەرگىچە سوزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. قوناقلىق سۇرلۇك جىمجىتلىققا پاتقان، ئەتراپتا ئىنس - جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ھاۋا تولىمۇ دىمىق ئىدى. ئاسماندىن، يەردىن، قوناقلىقتىن — ھەممە ياقتىن بىر خىل ئىسسىق ئېقىم تېپىپ تۇراتتى. نە شامال، نە كىچىككىنە سالقىندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. تۇخۇم قويىسمۇ پىشقۇدەك پىژغىرىم ئىسسىق دەستىدىن زورىخاننىڭ ئاپئاق يۈزلىرى توغاچتەك قىزارغان، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرى قورۇغان، يۈرىكىدە بىسىپ بولمايدىغان چەكسىز تەشنالىق دەۋرەيتتى. توپىلىق يولغا پېتىپ كېتىۋاتقان يالىڭاياغ پۇتلىرى كۆيۈپ ئېچىشاتتى. پۇتنۇن ئەزايىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. تامغاقلىرى قۇرۇپ، قاتتىق تالجىققان زورىخان دادىسىنىڭ ئۆيىگە تېزرەك بېرىشقا، ھويلا ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخى ئاستىغا كولانغان باسما قۇدۇقنىڭ جانغا ھۇزۇر بەرگۈچى مۇزدەك سۈيىدىن قېنىپ - قېنىپ ئىچىشكە تەشنا بولماقتا ئىدى.

زورىخان ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. ماڭغانسېرى قەدەملىرى ھېچ ئاۋۇمايۋاتقاندەك، يول بارغانچە ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ بىر ئەگمىدىن ئەمدىلا قايرىلىشىغا، قوناقلىق ئىچىدىن بىر يوچۇن ئەر تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا لوككىدە چىقىپ كەلدى. زورىخان قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئەر دولىسىغا كەتمەن ئېلىۋالغان، بىر قولىدا كىچىككىنە بىر چۈگۈن ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئەرمۇ زورىخانغا تىكىلىپ قاراپلا قالغانىدى. كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئەر زورىخان يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈدەك بىر سىياقتا قارىغىنىچە، — بۇنچە ئىسسىقتا يالغۇز نەگە ماڭلا خېنىم؟

— ۋە...... ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ھودۇقۇپ كەتكەن

زورىخان دۇدۇقلىغىنىچە، — دادامنىڭ ئۆيىگە ماڭغان.

— دادىلىرىنىڭ ئۆيى؟

— ھە، مۇشۇ ئەتراپتا، يېقىنلا يەردە......

— مەنمۇ مۇشۇ يەرلىك تۇرۇپ، ئەجەب كۆرمەپتىمەنىيا سىلىدەك ئاق ئالمىنى؟

زورىخاننىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئەرنىڭ ئاغزىدىن ھېلىتىنلا قىيمىلىق گەپلەر چىقىۋاتاتتى.

— مەن كىچىكلا توي قىلىپ كەتكەن، — دېدى زورىخان ھۆپپىدە قىزىرىپ، — شۇڭا كۆرمىگەن بولسىلىرى......

— قارىسام بەكلا چاڭقاپ كەتكەندەك قىلىدىلا، مېنىڭ سۇيۇمدىن بىرەر يۇتۇم ئوتلاپ قويسىلا.

— ياق، بولدى، ئۇسسىمىدىم، — زورىخان شۇنداق دېگەچ ئەرنىڭ قولىدىكى چۆگۈنگە قاراپ قويدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئاشۇ چۆگۈندىكى سۇدىن قېنىپ بىر ئىچىۋالغۇسى كەلگەنىدى.

— سىلىنىڭ قاغجىراپ كەتكەنلىرى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ خېنىم، ئالسىلا، تارتىنمىسىلا، — ئەر دولىسىدىكى كەتمەننى ئاستا يەرگە قويۇپ، چۆگۈننى زورىخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. زورىخان قورۇنۇپقىنا چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ، سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچتى. چاڭقىغان يۈرىكى بىر ئاز سەگىگەندەك بولدى. ئەر ئۇنىڭ سۇ ئىچىشلىرىگە، ئىچكەن سۇيى كۆرۈنگۈدەك سۈزۈك، ئاپپاق گاللىرىغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. «تۇۋا، نېمانچە ئاق سۈزۈك ئايالدۇ بۇ؟ كاساپەتنىڭ تولغان كۆكسىلىرى نېمانچە چىرايلىق...... قېنى، بىر يەمچۈك تاشلاپ باقايچۇ، ئەگەر ئۈندەككە كەلمىسە بېسىپلا......» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

— رەھمەت سىلىگە، — زورىخان شۇنداق دېگەچ چۆگۈننى قوش قوللاپ ئەرگە ئۇزاتتى. ئەرنىڭ چۆگۈنگە ئۇزىتىلغان گۆشلۈك قوللىرى زورىخاننىڭ ئاپپاق قوللىرىنى قوشۇپ تۇتۇشقا ئۈلگۈردى. زورىخان چۆچۈگىنىچە قولىنى دەررۇ تارتىۋالدى.

— خېنىم، بىرەر - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق بولارمۇ؟ —

ئەر شۇنداق دېگەچ، ئېگىشىپلا چوگۇننى يەرگە قويدى.
زورىخاننىڭ كۆڭلى ئۆيۈپ، ئىتتىكلا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولدى. ئاڭغۇچە ئەرنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنىڭ يۇمران بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۈلگۈردى. زورىخان دىرىلداپ تىترىگىنىچە، ئورنىدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك چىپپىدە توختاپ قالدى. شۇ تاپتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. ئۇ بېشىنى ئىتتىك بۇراپ، ئەرگە لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ ئەرگە مىختەك تىكىلگەن قاراشلىرىدا، چەكچەيگەن كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنى يالتىرايتتى. ئەر كۈلۈمسىرىگەن پېتى، زورىخاننى «هاپ» قىلىپ يېۋېتىدىغاندەك بىر خىل سىياقتا قاراپ تۇراتتى. ئەرنىڭ شورپىنىڭ يۇزىدىكى مايدەك پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىدە، شەھۋەت ئوتلىرى يېلىنجايتتى. زورىخان هودۇقۇش ئىچىدە ئەرگە تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدى. بۇ قاراش چاقماق تېزلىكىدە بولۇپ ئۆتتى. ئەر كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى گەدىنىگە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، مىس گۈللۈك گەدىنى ئاپتاپتا پارقىراپ تۇراتتى. بۇقىنىڭكىدەك تۇرۇلۇپ چىققان بويۇنلىرىدىن مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرى شۇرۇلداپ قويۇلماقتا ئىدى. بەدىنىدىن دىماقنى يارغۇدەك ئاچچىق تەر ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. زورىخان ئەرنىڭ بۇ تۇرقىدىن سەسكىنىپ كەتتى. كۆڭلى ئېلىشىپ، كۆزلىرىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى. «هىم، سەندەك مىس چوگۇنگە ئوخشايدىغان پاخشەك تازغا قارايدىغان ئادەممۇ مەن، ئەپتىڭگە بىر قاراپ باقساڭچۇ، مەن سېنىڭ خىلىڭمىتىم، هۇ قوماق گەدەن تاز!»
— تارتسىلا قوللىرىنى،— دېدى زورىخان غەزەپتىن بوغۇلۇپ، — مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىلا؟
— ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، خېنىم،— دېدى ئەر زورىخانغا تىكىلىپ قاراپ هىجايغىنىچە، — ئاچچىقلىرىنى يامان قىلماي گېپىمگە كىرسىلە، بولمىسا پۇشايمان قىلىپ قالىلا.
— ئوهۇ...... ي، ئەپتىلىرىگە بىر قاراپ بېقىپ گەپ قىلسىلا......
— ئەپتىم قانداقكەن خېنىم؟ هېلى ناۋاتتەك غوجام، هەسىلىم بېگىم دەپ قالالىمىكى......

— مېنى قويۇۋەت، ھۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نومۇسسىز ئوغرى، — ئەرنىڭ سۆزلىرىدىن تېنى شۈركۈنۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەن زورىخان ئۇنىڭ قولىنى زەردە بىلەن سىلكىدى. لېكىن، ئەرنىڭ ئامبۇردەك چىڭ قىسىۋالغان قوللىرىنى مىدىرلىتالمىدى. ئەر تېخىچە ئۇنىڭ يۇمران بىلەكلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى. سىنچى كۆزلىرى ھېلىھەم ئۇنى يېۋېتىدىغاندەك قادالغانىدى. زورىخاننىڭ ئىندەككە كەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن ئەر ئەمدى سوكۇت قىلىپ تۇرۇشنى، ئۇنىڭغا يېلىنىشنى خالىمىدى. ئۇ ئەپچىل بىر ھەرىكەت بىلەن زورىخاننىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتتى، ئاندىن ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك لىككىدە كۆتۈردى - دە، قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ ماڭدى.

— ۋايجان، مېنى قويۇۋەت! — دېدى زورىخان يۇلقۇنۇپ تېپىپ-چەكلىگىنىچە، — ۋۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان ئوغرى، كۈپكۈندۈزدە ئادەم بوزەك قىلماقچىمۇ، ھېلى ۋارقىرايمەن بىكار......

— ۋارقىرىسىلا خېنىم، ۋارقىرىسىلا، — دېدى ئەر پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۆزلىرىگە سەت بولۇشىدىن قورقمىسىلا ۋارقىرىسىلا، سىلى قانچە ۋارقىرىسىلىمۇ مەن ئۇچۇن بەرىبىر، مەن دېگەن ئەر كىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەيىب، نومۇس دېگەنلەرنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بىر خاكىسا تۇرسام، نېمىدىن قورقاتتىم......

زورىخاننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. ئەرنىڭ گېپى ئۇنى ساراسىمگە سېلىپ قويغانىدى. ئۇ قورقۇپ قالدى. ۋارقىرىسا، بۇ ئىشنى خەق بىلىپ كەتسە بۇ يۈزنى نەگە قويغۇلۇق؟

ئەر بىرنەچچە قىر ئاتلاپ، زورىخاننى قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپلا قىر ئۇستىگە ياتقۇزدى. قاتتىق قورقۇنچتىن جالاقلاپ تىترەۋاتقان زورىخاننىڭ پۈت - قوللىرى گويا ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بىر خىل يېقىمسىز تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى كىملەردىندۇر نىجاتلىق تىلمەكچى بولغاندەك ئەتراپقا ئەنسىز تىكىلەتتى. ئەمما، ئەتراپتا ئېگىز ئۆسكەن قوناق شاخلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. «سىلىق سۆز تاشنى يارار، بۇ

ئەبلەخكە قاتتىق كار قىلمىغاندىكىن ئۆز گەپ قىلىپ باقايچۇ» دەپ ئويلىدى زورىخان.

— ئۇندىق قىلمىسىلا، سىلىنىڭمۇ خوتۇن - بالىلىرى باردۇ، سەت تۇرىدۇ......

— نە...... نەدىكى خوتۇن - بالىلاركەن ئۇ، خوتۇنىدىن ئاللىبۇرۇن ئاجرىشىپ كەتكەنمەن. خوتۇن، بالا دەپ بىر ئۆيگە باغلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئادەممۇ مەن......

زورىخاننىڭ يىلىنىشلىرى، يالۋۇرۇشلىرى ئەرنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھە دەپ ئۆز ئىشىغا ئالدىرايتتى. ئاخىر زورىخان بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇشقا باشلىدى، جان - جەھلى بىلەن تىپىرلىدى، ئەمما ئۇنىڭ كىچىككىنە جىسمى شىردەك بەقۇۋۋەت، ئېيىقتەك كۈچتۈڭگۈر ئەرنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە دال بولالمىدى.

زورىخان تىپىرلايتتى، ئاجىز قوللىرى بىلەن ئەرنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى. پەس ئاۋازدا يىغلايتتى...... ئۇنىڭ ئاۋازى بارا - بارا يىغىغىمۇ، نازلىنىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئەبجەش ئاۋازغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەر بولسا ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئېغىر ھاسىرايتتى. ئەتراپ تىمتاس، پەقەت كىچىك دائىردىكى قوناق شاخلىرى يېنىك شىلدىرلايتتى......

— قانداق، گېپىم راستمىكەن؟ — دېدى بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرغان ئەر خۇددى ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك پۇشۇللىدىغىنىچە، — پۇشايمان قىلىپ قاللا دېمىگەنمىدىم؟

زورىخان ئۇندىمەي ئاستا يەرگە قارىۋالدى. تۇرقىدىن بىر خىل خىجىللىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۆزلىگىنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟ — ئەر بىردىنلا ئۇنى سەنلەپ گەپ قىلىشقا باشلىدى.

— شۇنىمۇ سورامىلا؟ — دېدى زورىخان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ. شۇئان ئۇنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزىللىق بارا - بارا ئۇنىڭ زىراپىنىڭكىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئاپپاق بويۇنلىرىغىچە تاراپ

كەتتى.

— مېنىڭ ئەپتىم قانداقكەن، مېنى يەنە تىللامسەن؟ — ئەر ھىجايىغىنىچە زورىخانغا قارىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىدىن بىر خىل سەممىيلىك، ئىنتىزارلىق، كۆيۈمچانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— ياق،— زورىخان ئۇنىڭغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكىدىن ئەرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى......

— مېنىڭ ئىسمىم ئالىم،— دېدى ئەر قوناقلىقتىن قايتىپ چىقىۋېتىپ،— ئالىم پەنەك دېسە تونۇمايدىغىنى يوق.

— ئالىم پەتەك؟— زورىخان ئەرگە لەپپىدە قارىدى.

— ئالىم پەتەك ئەمەس، ئالىم پەنەك، پەنەك دېگەن مۇنداق يۆگەپ تارتىپ قويىدىغان نەرسە،— دېدى ئالىم ھەييارلىق بىلەن قوللىرىنى پەنەك شەكلىگە ئەكېلىپ كۆرسىتىپ.

— مۇنداق ھۈنىرىممۇ بار دەڭە، ۋۇ يۈزى قېلىن بەڭگە،— دېدى زورىخان نازلىق كۈلۈمسىرەپ. شۇ ئان ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى شادلىق كۈلكىسىگە بىر خىل ئوتلۇق ھاياجان سىڭىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئۆتكەن يىلى يازدىكى ئىش ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار بىر- بىرىدىن ئايرىلالمىدى. ئالىم ھەتتا قىلچە ھېيىقماي، تەپ تارتماي بىر كېچىسى زورىخاننىڭ ئۆيىگىمۇ باردى.

زورىخاننىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، بىر كۈنى روزاخۇن ئادىتى بويىچە ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئۆيىگە مەست ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ چىقىۋاتقان خورەك ئاۋازىدىن زورىخاننىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. قارىيىپ كۆرۈنگەن تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى.

كېچە تەڭگە ئۇلىشاي دېگەن مەھەل ئىدى. زورىخاننىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىشكەندە، تۇيۇقسىز تەرىتى قىستاپ قالدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە، روباشكىسى بىلەنلا سىرتقا ماڭدى. ئۇ ھاجەتتىن يېنىپ ئەمدىلا ھوجرا ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىگىلا،

بىر يوچۇن گەۋدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شىپىرلاپ كەلدى. زورىخاننىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، ئاغزىغا ئىسسىق سۇ يىغىلدى. ئۇ نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قىلىۋاتاتتى.

— قورقما، — دەپ پىچىرلىدى يوچۇن ئادەم ئاغزىنى زورىخاننىڭ ئۇتتەك قىزىپ كەتكەن قۇلىقىغا يېنىك تەگكۈزۈپ، — مەن ئالىم.

— ۋۇ....... تو.......توخۇ پوقى بەڭگە، — زورىخان پەس ھەم نازلىق ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — ئادەمنى شۇنداقمۇ قورقۇتقان بارمۇ؟

— سىنى كۆرگۈم كېلىپ چىدىيالمىدىم، — ئالىم سۆزىنى تۈگىتىپلا زورىخاننى ئۆزىگە تارتتى. ئاڭغۇچە ئۇنىڭ بىر قولى زورىخاننىڭ نىپىز روپاچكىسىنىڭ ئويما ياقىسىدىن قوينىغا كىرىشكە ئۈلگۈرۈپ بولغانىدى.

ئىسسىق لەۋلەر بىر - بىرىگە جۈپلەشتى. زورىخاننىڭ ئۇتتەك ھارارەت ئۇرغۇپ تۇرغان يۇمران بەدىنى ئالىمنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆيدۈرۈپ ئۆتتى.

ئالىم زورىخاننى دەس كۆتۈرگەن پېتى دالاننىڭ سۇپىسىغا باستى.

— مۇشۇ يەردىلىما؟ — زورىخان ئەنسىز شىۋىرلىدى، — نىمانچە قاپ يۈرەك بولۇپ كەتتىڭىز. قورقماي ئۆيگە كىرگىنىڭىزنى ئاز دەپ يەنە...... ئۆيدە ئېرىم تۇرسا......

— ھەئە، مۇشۇ يەردىلا، — دېدى ئالىم زورىخاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — قورقما، ھېچنىمە بولمايدۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ ئۇنىڭ چوشقىدەك خورەك تارتىۋاتقىنىنى، ئۇ غەرق مەست تۇرسا، نىمىنى بىلەتتى؟

— ئۇنىڭ مەستلىكىنى قانداق بىلىسىز؟

— مەن ئەتىدىن بېرى ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن، ئايىنىساخاننىڭ قاۋىقىدا ئولتۇرۇپ بولۇشىچە ئىچتى. مانا ئاخىر، ماڭا پۇرسەت يارىتىپ بەردى ئەمەسمۇ......

— ۋۇ ئەسكى......

ئىككى يۈرەكنىڭ يارقىن دۈپۈلدىشى بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن، شېرىن دەملەر داۋاملاشماقتا ئىدى. ئۆي ئىچىدىن تامنى ئۆرۈۋەتكۈدەك دەھشەتلىك خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن نىمىشقىدۇر، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان خورەك

ئاۋازى ئۈچۈپ قالدى. خورەك ئاۋازىنىڭ ئورنىغا سوپىدىن شىپىرلاپ چۈشكەن، سەنتۈرۈلۈپ، پالاقلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— هوي، چىقىپ كېتىڭ، چاپسان بولۇڭ، ئۇ ئۆيدىن چىقىۋاتىدۇ،— دېدى زورىخان پەس ئاۋازدا، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا چۆرگىلەيتتى،— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟......

ئالىم ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، شىپىرلاپ ماڭغىنىچە هويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

— ئو...... ئوغرى! — دەپ ۋارقىرىدى روزاخۇن هويلىغا چىقىپلا. ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى هەر تەرەپكە ئەلەڭلەپ قارايتتى. دەلدەڭ-شىپ، يىلتىزى قومۇرۇۋېتىلگەن كۆتەكتەك لىڭشىپ، ئورنىدا ئاران - ئاران ئۆرە تۇراتتى.

— قا...... قايسى ئوغرىكەن ئۇ؟— زورىخان ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مە...... مەن كۆردۈم، ها...... هازىرلا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

— كۆزىڭىز ئوچۇق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتامسىز نېمە؟— دېدى يۈرىكى ئەنسىزلىككە تولغان زورىخان روزاخۇنغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ،— مەن هويلىدا تۇرسام، ئوغرى بولسا كۆرمەيتتىممۇ؟ نەدىكى گەپنى قىلماق ئادەمنى قورقۇتۇپ...... مەستلىكىڭىزدىن تېخى يېشىلمىگەن ئوخشايسىز.

— هە راست، سە...... سەن هويلىدا نېمىش قىلىپ يۈرىسەن؟ بايا بىرسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىمغۇ؟

— ۋاي، سارالڭ،— دېدى زورىخان زورىغا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە،— مېنىڭ كىچىك تەرىتىم قىستاپ سىرتقا چىققان، مۇنداق ئۆزۈمچە ناخشا غىڭشىپ قويغانىدىم. ئىڭرىغاندەك ئاڭلىنىپ كەتكەن ئوخشامدۇ؟

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

زورىخاننىڭ خۇددى ئارتىسلاردەك قاملاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن ماھارىتى ئەسقېتىپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگەن روزاخۇن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئەكسىچە بايىقى «خىيالىي تۈيغۇ» دىن خىجىل بولغاندەك بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى. شۇندىلا زورىخاننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى......

زورىخان قاقپىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنچە سەھەر تۇرۇپ كېتىشىنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. لېكىن، كېچە كەلگەن «ئوغرى»نىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈش ئەندىشىسى، ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئەتراپقا تەكشى قاراپ چىقتى. تام تۈۋىدىكى يۇمشاق توپا ئۈستىدە ئالىمنىڭ ئاياغ ئىزلىرى خۇددى پاتقاق يەرگە چۈشكەن كالىنىڭ ئىزىدەك روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قولىغا ئۈزۈن سۈپۈرگە ئېلىپ، ھويلا - ئاراملارنى پاك - پاكىز سۈپۈردى، ئاندىن ھويلا تېمىنىڭ كەينى، ھەتتا يوللارنىمۇ چالا قويماي سۈپۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئەتراپقا تەكشى قاراپ، بايىقى ئىزلارنىڭ پاك - پاكىز ئۆچكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— كېچە ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى ئاش ۋاقتى بولەن ئورنىدىن تۇرغان روزاخۇن زورىخانغا قاراپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە، — شۇنداق ھەيرانلىقىم كېلىۋاتىدۇ.

— قانداق چۈش كۆرۈپسىز؟ — سورىدى زورىخان ئۇنىڭغا جىلمىيىپ قارىغىنىچە، — يامان چۈش كۆرۈپ قالمىغانسىز ئىلاھىم.

— كېچىدە بىرسى مۇشۇ ھويلىدا، مېنىڭ كۆزۈمچىلا سېنى ئاستىغا بېسىۋالغۇدەك، سەن ئۇنىڭغا ئەركىلەپ، نازلىق ئىڭرىغۇدەكسەن، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چوقامدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكۇدەك. مەن ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، ئۇ نومۇسسىزنى تۇتۇۋالاي دەپ يۈگۈرۈپ كەلسەم، ئۇ تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتكۇدەك.......

زورىخان ئوڭايسىزلىنىپ، ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى كامارداك ئاچقىنىچە روزاخۇننىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. «ئۇ مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ- نېمە، ئەگەر ئاخشامقى ئىشنى بىلىپ قالسا قانداق قىلىشىم

كېرەك؟ ۋاي بولدىلا، نىمانچە قورقىمەن، باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن كۆرسۇن، ئۇنىڭغا كۈندە ھاراق ئىچىشنى مەن ئۆگىتىپ قويمىغاندىكىن......» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە.

زورىخان تەشۋىشلىك خىياللار ئىچىدە، روزاخۇنغا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. يۈرىكىدە قانداقتۇر بىر خىل ئەندىشە، قورقۇنچ ھۆكۈم سۈرەتتى. روزاخۇننىڭ «شۇنداق قاملاشمىغان چۈشىنىمۇ كۆرىدىكەن ئادەم» دېگەن سۆزى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان قارا تۇماننى بىردىنلا يوق قىلىۋەتتى.

— چۈش دېگەن تەتۈرىسىگە ماگىدۇ، — دېدى زورىخان بىر پەستىن كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، — مېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمىغۇدەك، پاكلىقىمغا ھېچكىم چاڭ سالالمىغۇدەك.

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، — دېدى روزاخۇن زورىخاننىڭ چۈش ئۆرۈشىدىن قانائەت تاپقاندەك ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، دېگىنىڭدەك بولغاي، ئۇنداق نومۇسسىز كۈنگە قالغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى......

زورىخان ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئالىمنىڭ سىيماسى لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك قىلدى. قەلبىنى تاتلىق بىر ئىستەك چىرمىدى. ۋۇجۇدى قانداقتۇر بىر شېرىنلىكتىن لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ چېكىنى قورۇيدىغان بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ئىسسىقتا تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ يېنىك قەدەملەر بىلەن بۇغدايلىق ئارىسىغا كىردى - دە، يۇلۇپ تاشلاپ قويغان ئوتلىرىنى يىغىشقا باشلىدى.

لىققىدە يۆگىمەچ ئوت تىقىلغان خالتىنى يۈدۈپ مۈكچىيىپ قالغان زورىخان ھاسىرىغىنىچە ھويلىغا كىردى. ئۇ دالان سۇپىسىدا دۈمچىيىپ ئولتۇرغان روزاخۇنغا ھومىيىپ قاراپ قويدى. روزاخۇنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ، مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. روزاخۇننىڭ مەنىستىمەسلىك نەزىرىدىكى كۈلكىسى زورىخاننىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە، ئېغىر قەدەملىرىنى ئېغىل تەرەپكە يۆتكىدى. شۇ تاپتا

تىنجىق ئىسسىق، ئۇنىڭ يۈزىنى خۇددى لازا سۈركىگەندەك ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. سۈزۈك، كەڭ پېشانىسىدە مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ تۇراتتى.

زورىخان ئۇتنى قويلارغا تەڭشەپ بېرىپ، هويلىغا يېنىپ چىقتى. ئىككى قولىنىڭ ئالىقانلىرىدا يانپىشىنى تۇتۇپ، ئۇياق - بۇياققا تولغۇنۇپ راسا بىر كېرىلدى، ئاندىن قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەن بېلىنى رۇسلاپ، دالان سۇپىسىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئاستا ئولتۇردى. ئىسسىق دەستىدىن ئۇنىڭ يۇملاق يۈزى خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن، ئىلىپتەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنىنىڭ ئۈستىدە هېلىهەم تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. كۈن غەربكە قىيسايغان، هاۋا بىرئاز سالقىن تارتقاندەك قىلىسمۇ، بىر خىل چىداپ بولمايدىغان تىنجىقلىق، دىمىقلىق نەپەسنى بوغاتتى. زورىخان كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئاشۇ ئېتەكلەر بىلەن يۈزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. يېنىك يەلپۈشتىن هاسىل بولغان بىر خىل ئىللىق شامال ئۇنىڭ يۈزىنى، تەرلەپ ئېچىشىۋاتقان يوتا - شىراقلىرىنى بىرئاز سەگىتتى. روزاخۇنغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ شۇ تەرزدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆزلىرى قانداقتۇر بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. توساتتىن ئۇنىڭ خىيالىنى بىر خىل شېرىنلىك - كونا جايىنى سېغىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى. ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئاستا يۇمغىنىچە لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ ئالىمنى سېغىنىۋاتـ-قانلىقىنى، ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇسى، ۋۇجۇدىدىن چەكسىز لەززەت تاپقۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. بۇ خىل ئىستەك بارا - بارا كۈچىيىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز غىدىقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئالىمنىڭ يېنىغا ئۆتكەن هەپتە بارغان، تېخى بىر هەپتە بولدى. لېكىن، يەنە بارغۇسى كېلىۋاتاتتى. ۋۇجۇدىدا قوزغىلىۋاتقان ئوتلۇق ئىستەك، غالجىرانە تۇيغۇ بىر ئامالىنى قىلىپ، ئۇنى ئاشۇ يەرگە بېرىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى.

قاتتىق يۆتەل ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن زورىخان لەپپىدە يانغا

قارىدى. تاتلىق خىياللىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. دالان سۈپىسىدا يۇمشاق تەكىيگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان روزاخۇن يۆتىلىشتىن توختىدى. ۋۇجۇدىنى شېرىن ئەستىلىكلەر ئەسىر قىلغان زورىخان روزاخۇننىڭ ئۆز يېنىدا بارلىقىنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى. ئۇ روزاخۇنغا خۇشياقمىغاندەك بىر خىل سىياقتا قاراپ قويدى. چىرايى كاككۇك گۈلىدەك سارغىيىپ كەتكەن روزاخۇننىڭ نىمكەش كۆڭلىكىنىڭ ياقىلىرى پەسكە ساڭگىلىغان، تەرلەپ كەتكەن مەيدىسىدىكى بىرنەچچە تال شالاڭ سېرىق تۈك تېرىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. قولىدا قەغەز يەشىكنىڭ ئەسكى پارچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى يېنىك يەلپۈپ ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن ئېغىر ھەسرەت - نادامەت چەككەن ئادەمدەك بىر خىل ئېزىلەڭگۈلۈك، ئېغىر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەلەس كۆزلىرى خىرە پىلىلدايتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن قارىغاندا، ئاخشام ئىچكەن ھاراقنىڭ كەيپى تېخى تولۇق كېتىپ بولمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ خاموش ھالەتتىكى بۇ تۇرقى زورىخانغا شۇنداق سەت كۆرۈندىكى، بىر نېمىدىن سەسكەنگەندەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ بىر چەتكە قارىۋالدى.

— مەن دادامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي، — دېدى زورىخان بىر پەستىن كېيىن روزاخۇنغا قاراپ، — قونۇپ ئەتە كېلىمەن.

— نېمە، تېخى ئۆتكەن ھەپتىلا بېرىپ كەلگەنتىڭغۇ؟ — دېدى روزاخۇن زورىخانغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىغىنىچە، — ھەر ھەپتە بارمىساڭ، بىر يېرىڭ كەملەپ كېتەمتى؟

— كەملەپ كېتىدۇ، قانداق؟

— ھە، ئېيتە، قەيىرىڭ كەملەپ كېتىدۇ؟

— ئۇنى دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز ئويلاپ تېپىڭ، — زورىخان ئوڭايسىزلانغاندەك ۋىلىلدە قىزاردى. بۇ قىزىللىق بارا - بارا بويۇنلىرىغىچە تارىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قانداقتۇ بىر خىل يوشۇرۇن مەنە سىڭگەندەك قىلاتتى.

— مېنىڭ بۈگۈن تازا مىجەزىم يوقلۇقىنى بىلسەڭ......

— مىجەزىڭىز قاچان ئوڭشىلىدۇ؟ ھە، ئېيتىڭا، مىجەزىڭىز قاچان ياخشىلىنىدۇ؟ قاچان قارىسا، تاپتەك سۆرىلىپ يۈرگىنىڭىز يۈرگەن. بىر

كېچە يېنىڭىزدا بولمىغانغا ئۆلۈپ قالامتىڭىز؟ ھەمىشە پۇت ئارىلىقىڭىزدىن چىقالمايدىغانغا، مەن سىزگە سېتىلغان قۇلمىدىم؟
— بولدى، بولدى،— دېدى روزاخۇن ئېغىر ئۇھسىنغىنىچە،— بىر ئېغىز گەپ قىلغانغا تويغوزامتىڭ، بارساڭ بېرىپ كەل.
— ئانا، مەنمۇ بارىمەن، ئاپاق دادامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتكەن.
— مەنمۇ بارىمەن.
ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ ھويلىنىڭ بۇرجىكىدە بىر نېمىلەرنى ئويناۋاتقان مەتتوختى بىلەن روشەنگۈل تەڭلا چۇرقىرىشىپ كەلدى.
— تولا غەلۋە قىلماڭلار،— دېدى زورىخان قاپىقىنى تۈرگىنىچە. ئۇ باللارنىڭ ئۆزىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىدىن خاۋاتىرلەنمەكتە ئىدى،— ھەمىشە ئادەمنىڭ كەينىدىن يېتىم كۈچۈكتەك ئەگەشمەي، داداڭلارغا ھەمراھ بولۇڭلار، داداڭلار يالغۇز تۇرسا......
— دادام قورقمايدۇ.
— دادام دېگەن ئەر كىشى تۇرسا، قورقمايسىز ھە دادا؟
«ھىم، ئەر كىشىمىش، قايسى يېرى ئەر كىشىگە ئوخشايدۇ ئۇنىڭ؟» زورىخان ئىچىدە غودۇڭشىپ قويدى.
— باللارنى بىللە ئېلىپ بار،— دېدى روزاخۇن قاپىقىنى تۈرۈپ،— مېنىڭ كەچتە بارىدىغان سورۇنۇم بار.
— يەنە شۇ پاراكەندىلىرىڭىز بىلەن ئىچىشكىلى بارىدىغانسىز تايىنلىق،— دېدى زورىخان يەنە غودۇڭشىپ،— ئاشۇ ئىچىشتىن باشقا قايسى ئىش كېلەتتى سىزنىڭ قولىڭىزدىن......
— ھەي، تولا كوتۇلداۋەرمەي، ماڭىدىغان يېرىڭگە ماڭغىنا.
زورىخان دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغانىدى. بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان قۇياش ئاللىقاچان يىراق ئۇپۇققا باش قويغانىدى. كۆپكۆك ئاسمان بېتىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.
— بالام، نەچچە كۈندىن بېرى ئىچىم قۇرۇپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپلا كەتتى،— دېدى زورىخاننىڭ كەلگىنىدىن خۇشاللىق ھېس

قىلغان دادىسى ئورۇق، ئىنچىكە قوللىرى بىلەن قوچىقىدا ئەركىلەپ ئولتۇرغان روشەنگۈلنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئالا غورىدىن سېلىپ، سۈيۈق - سەلەڭ، بىر ئاش ئەتىسەڭ، كۆڭلۈم شۇنىلا تارتىپ......

— ۋاي - ۋۇي دادا، — دېدى زورىخان خۇشياقمىغان تەلەپ — پۇزدا، — ئەتىگەندىن بېرى ئىتىزدا ئىشلەپ، مىدىرلىغۇچىلىكىم قالمىدى، يۇمشاق نان ئالغاچ كەلدىم، شۇنى يەڭا.

زورىخان ياغلىققا ئورالغان تۆت دانە نانىنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بوپتۇ بالام، ھېرىپ كەتكەن بولساڭ ئارام ئالغىن، — بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە ئىغىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ سالپايغان ئىڭەك مۇسكۇللىرىنى غوچىدە ساقال باسقانىدى. چار ساقىلىغا ئۇستىرا - قايچا تەگمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولسا كېرەك، ئۆسۈپ، چاڭگىلىشىپ كەتكەنىدى. كەڭ پېشانىسى، كۆز قۇيرۇقى، يۈز تېرىلىرىنى قاپلىغان تىلىم - تىلىم قورۇقلاردىن بىر ئۆمۈر تارتقان جەبىر - جاپانىڭ، غۇربەتچىلىكنىڭ كۆلەڭگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

— دادا، — دېدى زورىخان بىر پەستىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ، — باللار يېنىمىزدا تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن ئايگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي.

— قايسى ئايگۈلنىڭ ئۆيىگە؟ — بوۋاي سىنچى كۆزلىرىنى زورىخانغا تىكتى.

— قايسى ئايگۈل بولاتتى، ھېلىقى «جىنلىغ» مەھەللىدىكى ئايگۈلچۇ.

— «جىنلىغ» مەھەللىدىكى ئايگۈل، ئايگۈل دەپ، ئۇ يەرگە تولا بېرىۋېرىپ، ساڭمۇ جىن چاپلاشتىمۇ نېمە؟ ئۇ بىر تاپتىن چىققان خوتۇنمش، سەن دېگەن ئەرلىك ئايال، ئۇستۇڭدىن سۆز - چۆچەك بولۇپ قالسا ياخشى بولمايدۇ، شۇڭا ئۆيدە جىم ئولتۇر، ئۇ يەرگە بارغۇچى بولما.

— مېنى باشقۇرىدىغانلار نېمانداق جىق، — دېدى بوۋاينىڭ

بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان سۆزلىرى جېنىغا تەگكەن زورىخان ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — مەن يا كىچىك بالا بولمىسام، «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دەپتىكەن، ئۇنىڭغا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، دەپ قويۇپلا كېلىمەن.

— بالام، ھەر قېتىم كەلسەڭ، شۇ يەرگە بارىمەن دەپلا كېتىسەن، يالغۇز جېنىم ئېقىپ كەتتى، بىرەر كېچە مۇڭ ئەسرار قىلىشساق بولماسمىدى......

بوۋاينىڭ كۆڭلى يۇمشاپ قالغاندەك قىلاتتى. زورىخان بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، دادىسىنىڭ مۈرىلىرىنى يېنىك تۇتقىنىچە ئەركىلەشكە باشلىدى:

— جېنىم دادا، مۇشۇ بىر قېتىم بېرىپ كېلەي، كېيىنكى قېتىم كەلگەندە چوقۇم يېنىڭىزدا قونىمەن.

— سېنى كۆرسەم رەھمەتلىك ئاناڭنى كۆرگەندەك بولىمەن، — دېدى بوۋاي ئېغىر ئۇھسىنغىنىچە، — چىرايىڭ قۇيۇپ قويغاندەك رەھمەتلىكنى تارتىغلىق، — بوۋاينىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئولاشتى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ دادا، — دېدى زورىخان بوۋايغا تەسەللى بېرىپ، — باشقا كۈنى كەلگەندە كۆڭلىڭىز تارتقان تاماقنى ئېتىپ بېرەي، باللار يېنىڭىزدا قالسۇن.

بوۋايدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. زورىخان ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان باللارغا قارىدى. باللارنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدىن بىر خىل نارازىلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ئوماق باللىرىم، دادامنى خاپا قىلماڭلار ھە، — زورىخان ئېڭىشىپ تۇرۇپ باللىرىنى قۇچاقلىدى. ئارقىدىن ھەربىرىنىڭ پېشانىسىگە بىردىن سۆيۈپ قويدى. باللار بىردەم دومسىيىپ تۇرغاندىن كېيىن «ماقۇل، بىز ئاپاق دادام بىلەن بىللە ياتىمىز» دېگىنىچە ئانىسىنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ بوۋاينىڭ بويىنىغا گىرە سالدى.

ئىشنى ئوكۇشلۇق توغرىلىغان زورىخاننىڭ لەۋلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. كۆڭلى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل شادلىققا تولدى. جاھان بىردىنلا گۈزەللىشىپ كەتتى.

زورىخان ئالدىراپ ئىشكتىن چىقتى. ئۇ تېز - تېز قەدەملىرى بىلەن مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قەدەم ئېلىشلىرى، گۈلدىن - گۈلگە شوخلۇق بىلەن سەكرەپ ئۇچۇۋاتقان كېپىنەكنى ئەسلىتەتتى. بەدىنىنى پەيدەك يەڭگىل، ھارغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۇ زاۋال ئارىلىقى بولۇپ، ئەتراپتا گىرىمسەن شولىلار ۋاللىدايتتى. كەچنىڭ ئارامبەخش ھاۋاسى تەنگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. زورىخاننىڭ يۈرىكىدە بىر تونۇرنىڭ ئوتى كۆيەتتى. بۇ ئوت تىنىمسىز لاۋۇلداپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆكۈم - تالقان قىلماقتا ئىدى. دېڭىز ئۆركىشىدەك دەۋرەپ تۇرغان قەلبى، ئۇنى ئۆزى ئىنتىلگەن ئاشۇ ماكانغا تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىرىتاتتى......

زورىخان ئېغىر ياتقۇ مەھەلىدە ئالىمنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئاخشىمى ھويلىسىنىڭ سىرتىغا يالغۇز چىقىشتىنمۇ قورقىدىغان زورىخان بۇگۈن قىلچە قورقۇش ھېس قىلمىدى. تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرغان ئوت - ئاتەش، چەكسىز ئىنتىزارلىق، ۋىسال تەشنالىقى قورقۇشنى تامامەن ئۇنتۇلدۇرغان، ئۇنى ئاشۇنداق قورقۇمسىز قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ شۇنچە كۆپ يول يۈرۈپمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى، ھېلىھەم قەدەملىرى ناھايىتى يېنىك، بەدەنلىرىنىڭ پەيدەك يەڭگىللەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

زورىخان ئالىمنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ توختىغاندا، يۈرىكى شادلىقتىن دۈپۈلدەپ كەتتى. شۇ تاپتا مۇھەببەتنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالغۇچى شېرىن تۇيغۇلىرى ئىللىق ئالقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېقىملىق سىلىماقتا، ئۇنى پەپىلىمەكتە ئىدى. قاپقارا ئاسمان بېتىدە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى ۋاللىداپ نۇر چاچاتتى. كېچە قاراڭغۇ، ئەتراپ تىمتاس، زورىخانغا پەقەت ئۆزىنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىق ئاۋازى بىلەن يۈرىكىنىڭ ھاياجانلىق دۈپۈلدىشىلا ئاڭلىناتتى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بەدەنلىرى توختىماي

تىترەيتتى، ئوتلۇق تىنىقلىرى بارغانچە تېزلەشمەكتە ئىدى. ئۇ ئاستا كېلىپ ئەگۈن ئىشىكنىڭ شالاللىرىغا ئالىقانلىرى بىلەن يېنىك ئۇردى. ئىشىكتىن رىتىملىق تاقىلدىغان ئاۋاز چىقتى. «تاك...... تاك...... تاك......» زورىخان تېخىمۇ كۈچەپ ئۇردى. ئۇ كۈتتى، كۈتتى، يەنە كۈتتى. لېكىن، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. «ساراڭ، ھۇ ئۆلگۈر بەڭگە، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان......» زورىخان مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، ئىشىكنىڭ شالاللىرىغا كۈچەپ مۇشتلىدى. ناھايىتى جىددىي، رىتىملىق تاقىلدىغان ئاۋازلار تىمتاس كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى. «تىوۋا، مەن نېمە بولدۇم، نېمە قىلىۋاتىمەن ـ ھە؟ شۇ تاپتا قوشنىلىرىدىن بىرەرسى ئاڭلاپ قالسا، قانداق قىلارمەن، ئۇ چاغدا زادى قانداق قىلغۇلۇق؟......» زورىخان تۇرۇپلا قورقۇنچلۇق ساراسىمگە چۈشۈپ، ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى. «ئو...... ش، نېمىدىن قورقىمەن، خەق ئۇقسا ئۇقمامدۇ، يا بۇ يەردە مېنى بىرەرسى تونامتى؟ مەن يا باشقا خەقنىڭ ئىشىكىنى قاقمىسام، مەن بىلەن نېمە كارى......» تاقىتى تاق بولغان زورىخان ئىشىكنى كۈچەپ تەپتى، ئىشىك ئەنسىز جالاقلىدى. لېكىن، ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇ تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئوڭ قولىنى ئىشىكنىڭ يوقىرىسىغا ئۇزىتىپ سىلاشتۇرۇۋىدى، قولى قوزا كاللىسىدەك چوڭلۇقتىكى مۇزدەك قۇلۇپقا تەگدى. زورىخاننىڭ ۋۇجۇدى مۇزلاپ، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. بېشى پىررىدە قېيىپ، جاھان كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. يىقىلىپ چۈشكەنمۇ بولار ئىدى، لېكىن ھېلىقى مۇزدەك قۇلۇپنى چىڭ سىقىمداپ قالغان قوللىرى ئىشىك زەنجىرىگە ئېسىلىپ قېلىپ، ئۇنى يىقىلىشتىن ساقلاپ قالدى.

ئۇ ئېسىنى يىغقاندا، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ماغدۇر قالمىغان تىزلىرى ئىگىلىپلا تۇراتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. «ئۇ نەگە كەتتىكىنە، نېمىشقا يوق بولىدۇ؟ قاياققا كەتكەندۇ ـ ھە؟ ئۇ مېنى ئىزدەپ بارغاندىن باشقا كېچىلەردە ھەمىشە ئۆيدە بولاتتىغۇ، يا مېنى ئىزدەپ كەتتىمىكىن، ئۆينىڭ

ئەتراپىدا، باغنىڭ بۇرجىكىدە بويۇن قىسىپ تەلمۈرۈۋاتامدىكىن. ئاھ، بىچارە، سەن نەدە؟ تېز كەلسەڭچۇ، مەشۇقۇڭنىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرى يولۇڭغا قاراپ تالدى.......» زورىخاننىڭ تەشنالىق ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان كۆڭلىگە تۇرلۇك خىياللار كۆلەڭگە تاشلايتتى. مۇزلىغان بەدىنى يېنىك تىترەيتتى. «قايتىپ كېتەيمىكىن، ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. ئۇ يىراققا كەتمىگەن، بىر بولسا مېنى ئىزدەپ كەتتى، بىر بولسا بىرەر ئەل ـ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىرەر پەنەكتىن تارتىشىۋاتقاندۇ، يا بولمىسا بىرەر رومكىدىن قېقىشىۋاتقاندۇ......»

زورىخاننىڭ يۈرىكىدە پىلىلداپ چاقناۋاتقان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى مۇزلىغان ۋۇجۇدىنى ئېرىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۇت ـ قولى ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. «بۇنداق ئۇچۇقچىلىقتا، يات يەردىكى بىر ئەرنىڭ ئىشىك تۈۋىدە مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرسام قانداق بولغىنى، بۇ بىر ئايال كىشى ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟......»

زورىخان ئاخىر ئۆزىنى سەل دالدىغا ئېلىپ، ھويلا تېمىنى سىلاشتۇرۇپ، يېنىك قەدەملەر بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئۆينىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتى. ياخشى پەرۋىشكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆينىڭ توپا تاملىرىغا غولاچ يېيىپ ئۆسكەن تال بوستىنى كېچە سالقىنىنى تارتىپ تۇراتتى. سۈزۈك ھەم سالقىن ھاۋا جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. سوس يەلپۈپ ئۆتكەن مەيىن شامالدا تال غازاڭلىرى يېنىك شىلدىرلايتتى. زورىخان تام بىلەن تال بوستىنى ئوتتۇرىسىغا تۈۋرۈك قىلىپ ئورنىتىلغان جىگدە ياغىچىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ئۇ يۈرىكىنى تىنىمسىز سىلاۋاتقان تۇيغۇلار ئىچىدە، بۇ كونا تاملىقتا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن كۆككە باقتى. ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئاسمان بېتىدە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار گويا ئۇنىڭغا بەخت تىلەۋاتقاندەك تىنىمسىز جىمىرلايتتى. شۇ تاپتا بۇ كونا تاملىقتا مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان زورىخاننىڭ نەزىرىدە يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ جىلۋە قىلغان پايانسىز سۈزۈك ئاسمان ئالىمىنىڭ ئاسمىنى، ساپ ھاۋا

قاپلىغان نەمخۇش زېمىن ئالىمىنىڭ زېمىنى ئىدى. كائىناتتىكى جىمى گۈزەللىك، جىمى نەرسە ئۇلار ئۈچۈن ئاپىرىدە بولغاندەك، ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى...... ئاشۇ گۈزەللىكلەر ئىچىدىن، ئاشۇ غايىۋى دۇنيا قوينىدىن ئالىم قۇچاق ئېچىپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتاتتى......

زورىخان يۈرىكىدە ئۆركەشلەۋاتقان ھاياجانى بىلەن، ئىنچىكە قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، كۆكرىكىگە تىرىلىپ تۇرغان ئىككى تىزىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ۋوجۇدىنى ئەسەبىي شادلىق چىرمىۋالغان زورىخان ئۇزاققىچە خىيال سۈردى. ئۇنىڭ پايانى يوق شېرىن خىياللىرىنىڭ، ئەزگۈ ئىستەكلىرىنىڭ ئايىغى چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ بارا - بارا كۆزلىرىنىڭ قۇم تىقىلغاندەك چىڭقىلىپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە مەستخۇشلۇق ئىچىدە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى.

بىر ھازادىن كېيىن ئاھاڭى بۇزۇلغان، ئېگىز - پەس ھەم بوغۇق ئاۋازدا ئېيتىلغان ناخشا يىراقتىن ئاڭلىنىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۈزۈلۈپ قالدى. ۋۇجۇدىنى شادلىق چىرمىغان زورىخان ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئاستا شىپىرلاپ ماڭدى. ئۇ شەپە چىقارماي، تۇيۇقسىز كېلىپ ئالىمنى كاپپىدە قۇچاقلىماقچى، ئۇنى بىر چۆچۈتمەكچى بولغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ يېنىك قەدەملىرى ئىشىك تۈۋىگە ئاز قالغاندا چىپپىدە توختاپ قالدى، پۇتلىرى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك ھەرىكەتتىن توختىدى. ئالىمنىڭ يېنىدا يوچۇن بىر ئايال ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۇدەك تۇراتتى. ئاي نۇرىغا بۆلەنگەن تال بوستىنىڭ غۇۋا سايىسى ئاستىدا قېتىپ قالغان زورىخان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

زورىخانىنىڭ سەكرەپ بېرىپ ئالىمنى قىيما - چىيما قىلغۇسى، يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ مورلىغۇسى، چاينىۋېتكۈسى كەپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى، بۇ ئىشلارنىڭ خەلقئالەمگە پۇر كېتىشىگە، يۈز - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىگە چىدىمايتتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە قىمىرلىماي تۇراتتى. ئوچۇق ئاسماندا كۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئاي قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان بىر پارچە بۇلۇتنىڭ

كەينىگە مۆكۈۋالغانىدى. ئەتراپ تىمتاس، جىمى كائىنات ئىغىر ئۇيقۇغا كەتكەن، پەقەت تومۇزغىلارنىڭ ئاندا - ساندا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چىرىلدىشى بىلەن يىقىن يەردىن كىلىۋاتقان ئىغىر - ئىغىر ھاسىراشلار ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەگۈن ئىشىكنىڭ شاللىرى پات - پات تىرىقلاپ قوياتتى......

زورىخاننىڭ ۋۇجۇدى يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇلغاندەك سىرقىراپ كەتتى. بايىقى تاتلىق سېغىنىش، ئوتتەك ھاياجاننىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە بىېسىپ بولمايدىغان نەپرەت ئىگىلىگەنىدى. شۇ ئارىدا ئەگۈن ئىشىك غىچىرلاپ ئىچىلىپ، ئالىم بىلەن ئايال قولتۇقلاشقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى......

«خەپ تاز، ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، بولمايدىكەن، يۈزۈڭگە تۈكۈرۈپ، رەسۋايىڭنى چىقىرىۋېتىمەن!...... روزاخۇنمۇ گەپ ئاڭلىمايدىغان ئادەملەردىن ئەمەسقۇ، مەن ئۇنىڭغا قىيىداپ مەيلىگە قويۇۋەتكىنىم راست، ئۇنى ئۆزگەرتەلمەسلىكىمگە ئىشەنمەيمەن......نىمە دەپ بۇ پوقنى يىگەن بولغىيتتىم؟ روزاخۇننىڭ ئىلىۋەتكەن تىرىنقىغا تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان، ياغ چاپان تازنىڭ قىلىقىنى» زورىخان ئاچچىق خىياللار ئىچىدە تال بوستىنىنىڭ ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. پۇتلىرى توگمەن تىشى ئىسسىپ قويغاندەك ئىغىرلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەدەم ئالغۇدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى. چىدىغۇسىز خورلۇق، ۋىجدان ئازابى ئۇنىڭ دەردلىك يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىماقتا ئىدى......

زورىخان مەھەللىگە يىقىنلاشقاندا تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغانىدى. ئۇ سەھەرنىڭ نەم ھاۋاسى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان توپىلىق يولدا مۆڭگۈپ پىتىپ كىلىۋاتاتتى. يىراقتىن سوزۇپ ئوقۇلغان مۆڭلۈق ئەزان ئاۋازى شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان مەھەللە ئاسمىنىغا تەكشى يېيىلماقتا ئىدى. تاڭنى قىچقىرىپ چىللاۋاتقان خورازلارنىڭ يىقىملىق ئاۋازى ھىلىدىن - ھىلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

زورىخان دادىسىنىڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە يىنىپ تۇرغان ھويلا چىرىغى لاپ قىلىپ ئۆچتى. ئارقىدىن ھويلا ئىشىكىنىڭ بوش غىچىرلاپ

ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «دادام مەسچىتكە مېڭىپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ دادىسىنىڭ شىپىلداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى يىراقلاپ كەتتى. زورىخان تۇرغان يېرىدىن ئاستا قوزغىلىپ، ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىردى. چىراغنى ياندۇرۇپ ئۆي ئىچىگە تەكشى نەزەر تاشلىدى. ئىككى بالىسى يوتقاندا پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ بالىلارغا چوڭقۇر مېھىر بىلەن تىكىلدى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لىممىدە ياش كەلدى. ۋۇجۇدى نېمىشقىدۇر يېنىك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يۇمران مەڭزىگە تاتلىققىنا سۆيۈپ قويدى. تومۇرلىرىغا بىر خىل تاتلىق ھاياجان شۇرۇلداپ ئېقىپ كىردى. ئۇنىڭ بالىلارغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ھېلىھەم ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇنىڭ چانىقىغا پاتماي قالغان ئىككى تامچە سۈيۈق شارچە مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشۈپ، ئوغلىنىڭ سۈزۈك مەڭزىگە سىڭىپ كەتتى. مەڭزىدە قانداقتۇر بىر مېھرىنىڭ ئىللىق ھارارىتىنى سەزگەن بالىنىڭ چېھرىدە خۇددى ئانا قۇچىقىدا ئەركىلەۋاتقان مەسۇم بوۋاقنىڭ شادلىق كۈلكىسىدەك تاتلىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

بوۋاي مەسچىتتىن كەلگەندە غورا سالغان سۈيۈق ئاشنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى. بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن زورىخانغا قارىدى، زورىخان دادىسىغا بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە جىلمىيىپ قاراپ تۇراتتى. بىردىنلا بوۋاينىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي زورىخانغا تىخمۇ يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغىنىچە، — نېمە بولدى ساڭا زادى؟ كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ، يىغلاپسەنغۇ.

— ھېچنېمە بولمىدى، دادا، — دېدى زورىخان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — زۇكام بولۇپ قاپتىكەنمەن، كېچىچە قىزىپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم......

— ۋاي خۇدايىم، تۈنۈگۈن بىر ئوبدانلا تۇراتتىڭغۇ، ساڭا نېمە بولغاندۇ بالام، نېمىشقا ئارام ئالماي ئاش ئېتىپ يۈرگەنسەن. بولدى

يېتىپ ئارام ئالغىن، مەن......

— ياق، دادا، ھازىر ئۇخلىساپ كەتتىم.

— ھە، ئاخشام كېلەلمىدىڭغۇ بالام، «مۇھىم گەپ بار، دەپ قويۇپلا كېلىمەن» دېمىگەنمىدىڭ؟ يولۇڭغا قاراپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم.

— گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئالەم بىر چاغ بوپ قاپتۇ، ئۇنداق چاغدا يالغۇز كەلگىلى قورقىدىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تويۇقسىز قىزىپ قېلىپ......

زورىخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. بىر خىل نومۇس كۆچىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. بوۋايمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ ئەمدى ئالدىدىكى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان ئاشنى مەززە قىلىپ ئىچىشكە باشلىغانىدى.

بوۋاي تاماقتىن كېيىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزاقتىندىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى. بىرھازادىن كېيىن يىرىك ئالىقانلىرىدا يۈزى بىلەن ساقاللىرىنى ئاستا سىيپاپ ئورنىدىن تۇردى. بوۋاينىڭ ئىچ - قارنى ئېچىلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى. تۇرقىدىن بىر خىل مەمنۇنلۇق، زورىخانغا بولغان مىننەتدارلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

زورىخان ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا كۈن چۈشتىن سەل قايرىلغان بولسىمۇ، روزاخۇن تېخى ئويغانمىغان، يەنىلا يوتقاندا خورەكنى دۈك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆي ئىچىدە بىر خىل قاڭسىق ھاراق پۇرىقى لەيلەپ يۈرەتتى. زورىخاننىڭ كۆڭلى ئاينىغاندەك بولۇپ، روزاخۇننى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

— تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، ئالەم پېشىن بولسىمۇ تويماي سېسىق ئوسۇرۇپ ياتقىنىنى......

— ھە، كە...... كەلدىڭمۇ؟ — روزاخۇن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئېغىرلاشقان بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى، — ئاخشامقى سورۇن بەك قىزىپ كېتىپ، ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قاپتۇق. تاڭ ئاتارغا يېقىن قايتىپ كېلىپ ئۇخلىغانىدىم.

— قويۇڭا ئۇنداق سورۇنىڭىزنىڭ گېپىنى، — دېدى زورىخان بىر

خىل ئاچچىق ئىچىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،— تۈرۈك، يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ، قىزىق گۆشگىردە ئالغاچ كەلدىم، ناشتا قىلىڭ.

— قورسىقىمغۇ ئۆتنىڭكىدىن بەتتەر ئېچىپ كېتىڭلىك،— دېدى روزاخۇن ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇۋېتىپ،— پىخسىق گۇيلار ئاخشام تۈزۈك پۇل چىقىرىشماي، زاكۇسكىنىڭ تايىنى يوق ئۆلتۈرۈپ قالدۇق.

— خوپ بوپتۇ، شۇنداق سورۇندا ئولتۇرغاندىكىن.

— ئەمما، پاراڭلىرىمىز بەك قىزىدى ئەمەسمۇ.

«ھەقىچان، شۇ ئايىغى چىقماس مەززىسىز پاراڭلارغۇ تايىنلىق» زورىخان ئىچىدە غۇدۇڭشىپ قويدى.

— ئەجەب تېتىدا بۇ گۆشگىردە،— دېدى بىر پەستىن كېيىن، يۈزىنى يۇيۇپ كېلىپ، قىزىق گۆشگىردىنى يېرىپ كومشىتىپ چايناۋاتقان روزاخۇن لەۋلىرىنى يالىغىنىچە،— بۇنداق نەرسىلەرنى يېمىگىلىمۇ خېلى بوپتىكەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ خۇدا ياراتقان ئىككى بىلەككە تايىنىپ ئىشلىسەك، مۇشۇنداق تېتىيدىغاندىن جىق ئېلىپ يېگىلى بولىدۇ،— دېدى زورىخان قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ زەردە بىلەن.

— ھەي، نىم بولدى ساڭا، ئەجەب زەردە بىلەن گەپ قىلىسەنغۇ؟

— بىچارە دادام، ئېرىڭنىڭ قورسىقى ئاچ ئولتۇرغاندۇ، بىر نەرسە ئالغاچ بارغىن، دەپ ئۆنىمىغىنىمغا قارىماي پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى. بىزدە پۇل بولغان بولسا، بۇنداق گۆشگىردىنى ئۇنىڭغا بىز ئاپىرىپ بەرسەك بولاتتى ئەسلىدە.

— قېيىنئاتامغۇ بەك بەلەن ئادەم، بىزدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان.

زورىخان ئۈندىمىدى. ئۇ يولدا كەلگۇچە نۇرغۇن خىياللارنى قىلغانىدى. ئۇنى يەنىلا خىيال باستى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى، ئەس - يادى قانداق قىلسام مۇشۇ روزاخۇننى ئادەم قىلالايمەن، دېگەن بىرلا نۇقتىدا قانات قاقاتتى. مۇشۇ بىرلا خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغان زورىخاننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتقانىدى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ

ئۇنۇملۇك بىر چارىنى تاپالمايۋاتاتتى.

گۆشگىردىنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان روزاخۇن زورىخانغا قارىدى. زورىخاننىڭ ھەممە كۆزلىرىدە بىر خىل مۇڭ، دەرد - پىغان تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كۆزلىرىدە چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت كۆلەڭگىلىرى ئەگىيتتى. ھەمىشە تاتلىق تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدىغان خۇمار كۆزلەر ئەمدىلىكتە بەقەمدەك قىزارغان، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايلار رەڭگىدىن كېتىپ سامان قەغەزدەك سارغايغانىدى. روزاخۇن ھەيران بولغىنىچە، زورىخانىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇزاققىچە سەپسېلىپ قارىدى. كۆڭلى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى. بىراق، ئاغزى گەپكە كەلمىدى. ئۇ زورىخانغا بىر نېمە دېگۈسى باردەك، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك بىر خىل سىياقتا قاراپ تۇراتتى.

— خو...... خوتۇن، ساڭا نېمە بولدى؟ چىرايىڭ ئەجەب سولغۇنغۇ؟ — دېدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن ئاستا ئېغىز ئېچىپ، — قېنى ئېيتقىنا، زادى نېمە ئىش بولدى. بۇنچە مەيۈسلىنىپ كەتكۈدەك؟

— شۇنى ھېس قىلالىدىڭىزمۇ؟ — زورىخان روزاخۇنغا تىكىلىپ قارىغىنىچە لەۋلىرىنى ئۇمچەيتتى، — مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى روزاخۇن، بۇ ۋاققا قەدەر باللىرىم يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دەپ، چىشىمنى چىشلەپ ھەممىگە چىداپ كەلدىم. ئەمدى راستلا چىدىغۇچى-لىكىم قالمىدى. مەن بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ بىزگە؟ بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى.

— نې...... نېمە دەۋاتىسەن؟ — ھەيران بولغان روزاخۇن كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ زورىخانغا مىختەك تىكىلدى، — ساراڭ بولدۇڭمۇ، بۇنداق گەپنى دېگۈدەك مەن ساڭا نېمە قىلدىم، زادى نېمە بولدى ساڭا؟

— مە...... مەن ساراڭ بولدۇم، — دېدى زورىخان ئېسەدىگە-نىچە، — مەن باللار بويۇن قىسىپ قالمىسۇن دەپ مۇشۇ كۈنگىچە چىدىدىم. سىزگە بىر ئۆي لازىم ئەمەسكەن؛ خوتۇن، بالا لازىم

ئەمەسكەن...... قاچانلا قارىسا ساكا - سالتاڭ ئادەملەر بىلەن ئىچىپ، چېچىپ يۈرگىنىڭىز يۈرگەن. مەن بىلەنمۇ، بالىلار بىلەنمۇ كارىڭىز يوق، بىر ئۆيگە نېمە كېتىدۇ، نېمە لازىم بولىدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيسىز...... بۇنداق يۈرسىڭىز سىزنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىكەن، ھەتتا چىرايىغا قاراشتىنمۇ ئادەم سەسكىنىدىغان نەدىكى بىر نېمىلەر مېنىمۇ «روزەك مەستىنىڭ خوتۇنى» دەپ ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ خورلۇققا، بۇ نومۇسقا چىدىمىدىم...... بالىلار چوڭ بولسا قانداق كۈنگە قالىدۇ - ھە؟ ئېيتىڭە، خەقلەر ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ قانداق دەككە - دەشنام، تىل - ھاقارەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ؟

زورىخان سۆزلىگەنچە ئۆزىنى تۇتالماي قېلىۋاتاتتى. يۈرىكىگە پاتمايۋاتقان بارلىق دەرد - پىغانلىرىنى بىراقلا تۆكۈۋەتمەكچى بولغاندەك بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى. كۆزلىرىدىن ئۇلۇغ ئېقىن ھاسىل قىلغان ھەسرەت تاراملىرى مەڭزىلىرىدە دولقۇن ياسايتتى. چىرايلىق مۈرىلىرى توختىماي سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ ئەلەملىك يىغىسى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

روزاخۇن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى گۆشگىردە پارچىسىنى داستىخانغا ئاستا قويدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىۋاتاتتى. خوتۇنىنىڭ پىغانلىق يىغىسى، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىنى ئېرىتتى. ئۇخلاپ قالغان روھىنى غىدىقلاپ، سەزگۈلىرىنى ئويغاتتى. ئاخىر ئاستا سۈرۈلۈپ كېلىپ زورىخاننىڭ قولىنى تۇتتى.

— سېنى كىم شۇنداق ھاقارەتلىدى؟ — دېدى ئۇ ئالىقانلىرى بىلەن زورىخاننىڭ كۆز ياشلىرىنى ئاستا سۈرتكەچ، — خاپا بولما خوتۇن، مەن ئەسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەن سەۋەبچى، بولدى يىغلىما، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بۇندىن كېيىن ئىچمىسەم بولىدىغۇ ئاشۇ بىر نېمىنى!......

روزاخۇن سۆزلىگەچ بىر چەتتە ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان بالىلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى ئاڭقىرالماي قېلىشقان مەسۇم بالىلار دۈگىلەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە بويۇن

قىسىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئىمىكەش كىيىم ئىچىدىكى توپا چىراي بالىلارنىڭ مىسكىن تۇرقى روزاخۇننىڭ قەلبىنى ئۆرتىدى. ئاچچىق بىر ھەسرەت يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆتتى. شۇ ئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا گۇررىدە يىغا ئۇلاشتى.

— سى...... سىز بۇنداق گەپنى ماڭا تالاي قېتىم دېگەن، بۇ تۇنجى قېتىملىق ئەمەسقۇ؟...... توڭگۇز گەمىسىدە تۇرماسىمىش، ھاراقكەش ۋەدىسىدە تۇرماسىمىش. سىز قاچان بىر ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ باققان؟

— مەن رەھمەتلىك ئانام - دادامنىڭ روھى ھەققىدە قەسەم قىلىپ بېرەي، — دېدى ۋۇجۇدى ئەلەم ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان روزاخۇن تىترەك ئاۋازدا، — مەن بۇنىدىن كېيىن ئاشۇ يولغا قەدەم باسىدىغان بولسام مېنى شۇ ھامانلا يەر يۇتسۇن! «كاجنى بازار ئوڭشايدۇ، يۈزى قېلىننى ئىزا» دەپتىكەن كونىلار، سەن بايا دېگەن خەقلەرنىڭ گەپلىرى جان - جېنىمدىن ئۆتتۈپ كەتتى. مەنمۇ بىر ئەركەك، جاھانغا مۇشۇنداق ھاقارەت ئاڭلاش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمۇ مەن؟— قاتتىق ھاياجانلانغان روزاخۇن ئالىقانلىرى بىلەن زورىخاننىڭ ئىككى مۈرىسىنى چىڭ تۇتتى، بۇقۇلداپ ئېسەدەۋاتقان زورىخان «بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟» دېگەندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

بوغۇلۇپ ئېسەدەپ تۇرغان زورىخان «بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟» دېگەندەك روزاخۇننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. روزاخۇنمۇ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ لىقمۇلىق ياشقا تولغانىدى. زورىخان ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بۇ كۆزلەردىن بالقىغان ئۈمىد شولىلىرىنى كۆردى. ئۇ شۇ ئان ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىغىنىچە روزاخۇننىڭ باغرىغا تاشلاندى. يۈزىنى روزاخۇننىڭ يۈزىگە يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. روزاخۇن قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، زورىخاننىڭ سىلكىنىپ تۇرغان ئەۋرىشىم بەدىنىنى چىڭ قۇچاقلىدى. بۇ قۇچاقلاشتىن زورىخاننىڭ بەدىنىگە روزاخۇن ئۆتنى تۇنجى قۇچاقلىغان، تۇنجى سۆيگەن چاغدىكىدەك بىر خىل ئوتلۇق ھارارەت، چەكسىز مۇھەببەت تارىغاندەك بولدى......

**图书在版编目（CIP）数据**

胡搅蛮缠的克里木 ：维吾尔文 / 图尔地·艾合买提
著. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.12
ISBN 978—7—5373—2736—7

Ⅰ.①胡… Ⅱ.①图… Ⅲ.①短篇小说—小说集—中国
—当代 —维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第306076号

责任编辑：齐曼古丽•阿吾提
责任校对：**热孜玩古丽•阿布来提**

# 胡搅蛮缠的克里木

（短篇小说）

**图尔地·艾合买提　著**

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 8.75 印张 2 插页
2012 年12月第 1 版　2012 年12月第 1 次印刷
印数：1 — 3000　定价：22.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998 － 2653927

本集子选入了作者近年以来所写的反映农牧民生活的短篇小说。

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇختەر مۇھەممەدنىياز



ISBN 978-7-5373-2736-7

9 787537 327367 >

（民文）定价：22.00元